# تارىم

9

1989


www.uyghurkitap.com

# دوستانە زىيارەت

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى سەيپۇل يۇسۇپ «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى دوستلۇق زىيارەت ئۆمىكى» تەركىبىدە بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.




قىرغىزىستاندا



لىتۋادا

## بۇ ساندا

ئابلەت ئابدۇللا

### تۇرمۇش

پاك ياشاشنى ئىستەيسەن لېكىن،
دۇنيادا پاك ياشىماق قىيىن؛
سەبىيلىكتە ياشايسەن گۈلدەك،
ناپاكلىققا چۆكىسەن كېيىن......

* *

نۇرمۇھەممەت توختى

### ئامانەت

ئۇنىڭ نەزەرىدە ئامانەت دېگەن چېقىلغىلى بولمايدىغان، لىڭشىپ تۇرىدىغان بىر مۇنار ئىدى. ئۇنىڭغا چېقىلدىكەن، ئۇ ئۆرۈلۈپ ھەممىنى بىتچىت قىلاتتى. نېمىنى بىتچىت قىلاتتى؟ كۆڭۈلدىكى پاكلىقنى، ساداقەتنى، توغرىلىقنى بىتچىت قىلاتتى. قاسىم بۇنى ئېنىق چۈشىنەتتى. لېكىن تەقدىر - قىسمەت ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ قالغان، ئۇنى ئاشۇ مۇقەددەس مۇنار تەرەپكە قىستايتتى. ئۇلىمىغا چېقىلىشقا كۈشكۈرتەتتى.

* *

مۇھەممەت خېۋىر

### سۆيگۈدىكى سۆز

شالغا بىلەن ئېتىۋەتتىمك قويلىشقا،
ئۇر چىقاردىم ئۇردىن ئۇرغا سوقۇلۇپ،
ھېچ ئارمىنىم، ھېچ ئىستىكىم يوق باشقا،
كۆندىن چىقار كەتسە جىسمىم يوقۇلۇپ.

# تارىم

(ئايلىق ژۇرنال)

9

1989

39 - يىل نەشرى

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ماخمۇت مۇھەممەت ........ ئۈچ ھېكايە (ھېكايە)........ 20
قادىر ئارسلان ........ بوتكىدىكى ئايال (ھېكايە)........ 24
ئېزىز نۇر ........ ئانا سەن نەدە (ھېكايە) ........ 35
مۇھەممەت لېتىپ ........ دۇفۇ شورپىسى (ھېكايە) ........ 41
نۇر مۇھەممەت توختى ........ ئامانەت (پوۋېست) ........ 74
ئېزىز ساۋۇت ........ ئويغىنىش (ھېكايە) ........ 124


## شېئىرلار


ئاۋۇت مۇھەممىدى ........ ئۆلمەس ئوبرازلار ........ 4
ئابلەت ئابدۇللا ........ شېئىرلار ........ 5
ئابدۇللا سۇلايمان ........ چۈشەنمەيمەن ........ 8
فەنزات غەيۇرانى ........ رۇبائىيلار ........ 10
تەلئەت ناسىرى ........ تاشكەنت دۇردانىلىرى........ 10
ئابلىز ھۇشۇر ........ غەزەللەر ........ 12
زۇنۇن رېھىم ........ شېئىرلار........ 14
ياسىن ئىمىن ........ تاقەتلىك بالا........ 16
مۇقارىپ يەھيا ........ شېئىرلار ........ 17
ئابدۇراخمان روزى ........ مۇساۋىيات تەرەپەيسلەر........ 17
مۇھەممەت خېۋىر ........ چاچمىلار ........ 51
ئابدۇكېرىم ئوسمان ........ ھەسەن - ھۈسەن (باللادا)........ 54

مۇھەممەدتجان ئەمەت ........ يوللار ........ 64

ئابدۇقادىر جالالىدىن ........ توزغاق ........ 68

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ........ شېئىرلار ........ 71

پەرھات ئىلياس ........ بەخت ئىزدەپ ........ 139

دىلشات ساھت ........ يەر شارىدا ياڭرار ئاشۇ ئۈن ........ 140

مۇتەللىپ خۇرسەندى ........ چاقىرىدۇ يوللار قەلبىمنى ........ 142

ئىلھام . ئاتاۋۇللا ........ ئىككى شېئىر ........ 143

نىياز ئىمىن قۇربانى ........ شېئىرلار ........ 144

ئەركىن مۇھەممەت ........ ساھىلدىكى مىسكىن تۇيغۇلار ........ 144


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئابدۇللا مەتقۇربان ........ «قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ........ 145


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئابلىمىت سابىر ... 136


* *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئوبۇلقاسىم مۆمىنلەر ئىشلىگەن.

* *

www.uyghurkitap.com

ئاۋۇت مۇھەممەدى

# شېئىرلار

## ئۆلمەس ئوبراز

ئاق كۆڭۈل، مېھرىبانسەن، ئەي ئۇستازىم،
ئاقارتتىڭ ئاق كۆڭۈلدەك كەڭ ئالەمنى.
سەن بىلەن چېچەكلىدى ئۆمۈر يازىم،
نۇر بىلەن بېزىدىڭسەن دىل خانەمنى.

ئۆرۈكنىڭ ھەر قەدىمى گۈلگۈن چېچەك،
تىنىقىڭ چېچەكلەرگە خۇش ھىد بەرگەن.
پارلىنىپ ئالدىمىزدا نۇر — كېلەچەك،
ئىقبالغا سەن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بەرگەن.

ئۇستازىم، سېنى ھەردەم مەن ئۇچراتسام،
خىزىرغا يولۇققاندەك شادلىنىمەن.
مۇنەككەل مالايىكىم-پەرىشتەم سەن،
گۇناھتىن ساۋابلىققا ئاتلىنىمەن.

كېتىشتى سەندىن ئۇزاپ ئۆرلىگەنلەر،
سەن شوتا-پەشتاق بولدۇڭ ئۆزگىلەرگە.
ئاسمانغا قاراپ سېنى كۆرمىگەنلەر،
كور بولۇپ ئايلانسۇن پەس-رەزگىلەرگە!

سەن كەلسەڭ ئورنىدىن دەس تۇرمىغانلار،
ئۆزىنى «ئىنسان مەن» دەپ يۈرەلەمدۇ؟
مۇنبەرگە چىقساڭ چاۋاك ئۇرمىغانلار،
قەلبىڭنىڭ نۇرلىرىنى كۆرەلەمدۇ؟

چاچلىرىڭ نېچۈن بالدۇر ئاقارغان، دەپ
سورىماس سەندىن ھېچكىم بۇنداق سوئال.
ئەجرىڭنىڭ جۇلاسىدىن كەلسە شەرەپ،
نادانلار قىلار ھەسەت،

ئەجەب بىر ھال!

بايلىقى-قۇدرىتى سەن روھىمىزنىڭ،
مەنىۋى ھايات شۇڭا گۈللەپ كەلدى.
كۆچى بار ھەق تەپەككۇر ئويىمىزنىڭ،
ئالەمدە ئاۋازىمىز ئۇن سېلىپ كەلدى...

ھەر دەقىق بۇ جاھاننىڭ غېمىنى يەپ،
كەلدىڭسەن ئىنسانلارغا يېڭىش تىلەپ.
ئادەملەر خارلىق تارتىپ قالمىسۇن دەپ،
ئەقلىڭدە ئەقلىمىزنى كەلدىڭ بىلەپ.

*

ۋۇجۇدۇڭ قۇياش كەبى يارقىن-نۇرلۇق،
نۇرۇڭنى ئۆمۈر بويى تارىتىمسەن.
سەن باركى، دىلىمىزغا چۈشمەس سايە،
ئىنساننى گۈزەل قىلىپ يارىتىسەن.

جاھاندا بار دېيىلسە ئۆلمەس ئىنسان،
پەقەت سەن دىل قەسرىدە ئۆلمەس ئوبراز.
ئۇنتۇشقا سېنى قانداق چىدار ۋىجدان،
تۆرىسەن قەلبلەردە كۆكلەپ قىش-ياز...

## ئاچ دولقۇنلار

چايقىلار دېڭىز تولغاپ بەللىرىنى،
تارايدۇ شاۋقۇنلىرى يىراقلارغا.
تويمايدۇ يالاپ قىرغاق لەۋلىرىنى،
سېزىكمۇ ئاچ دولقۇنلار تۇپراقلارغا.

قىرغاقتا تاشلار كېتەر قىلىپ هارام،
قۇلۇلە، قىسقۇچ پاقا، بېلىقلارنى،
هەي، ئاشۇ ئاچ دولقۇنلار ئەجەب قارام،
يۇتار هەم تېنەپ قالغان قېيىقلارنى.

هاياتلىق دولقۇنىغا سالدىم نەزەر،
مۇهەببەت - نەپرەت ئەبجەش بىر تۇيغۇدا.
ئاه، هايات!
مەنزىرەڭدىن ئەيلەي هەزەر،
بىرى جان قۇشلار،
بىرى مەست ئۇيقۇدا...

ئابلەت ئابدۇللا

## بۈركۈت

قىيالاردا بۈركۈت ساماسى،
قاناتلىرى تالماس بوراندا.
دىلىدا يوق ئۆزۈق تاماسى،
تۇيغۇن كۆزى بۆرە - قاۋاندا.

تاغلارغا ئۇ تەنها هۆكۈمران،
كەلسە رەقىب قۇتۇلماس تىرىك.
قاتىۋانغا تىلەر ئېزگۈجان،
گۇناهلارغا بولمايدۇ شېرىك.

شۇ خىسلەتنى قىلىشىپ بايان،
كۆي كۆيلەيدۇ ئەنهار بۇلاقلار.
بۆشۈكىدە يېتىپ خىرامان،
كۆي تىڭشايدۇ ئەركە بوۋاقلار...

# شېئىرلار

## تۇرمۇش

پاك ياشاشنى ئىستەيسەن لېكىن،
دۇنيادا پاك ياشىماق قىيىن.
سەۋىيلىكتە ياشايسەن گۈلدەك،
ناپاكلىقتا چۆكسەن كېيىن.

ئارزۇ - غايە، خىيالىڭ گۈزەل،
ئەمما تۇرمۇش ئەمەس ۋاپادار.
ئۈمىد كەلگەن چېغىدا هامىنا،
قەلبىڭ قانداق چىقىرار قارار.

پاك سېزىمىڭ يوقىلار بەلكى،
تەمتىرەرسەن بېقىپ هەريانغا.

باشقىلارغا باقساڭ ئۆزگىچە،
كۈلۈپ باقار ئۇلار جاهاندا.

ئېمە سىر بار بۇيەردە ئېيتقىن،
ئەي تەقدىرىڭ سىرلىق ئىلاهى؟!
يار ئاستىدا ئاقار لاتقا سۇ،
بۇ تۇرمۇشنىڭ ساڭا گۇۋاهى.

بالىلىقتەك سەبىي، پاك ئىدى
بۇلاقلارنىڭ بوۋاق تامچىسى.
ئايلانغاندا دەرياغا ئۇلار،
ئارىلاشتى قىسمەت پارچىسى.

شۇ دەريادەك ئاقار كۆۋەجەپ
هايات دولقۇنى سېنى ئىتتىرىپ.
ئىنتىلسەڭ ساھىلغا بىزاق
دولقۇن يەنە كېتەر ئېقىتىپ.

دولقۇن سېنى چىقىرار نەدىن،
تاشلاپ كېتەر قايسى ساھىلغا.
يېڭى چاپان كىيسەڭ بەلكى،
چىقىپ قالساڭ يېڭى ئارالغا.

خۇشامەتچى ئەمەستىڭ مانا،
ئەلەم قىلار بىھۇدە تىللاش.
ئۆگىنىپ قوي ئۇنىمۇ بىر كۈن،
كۈن چۈشكەندە ئەسقىتار يولداش!

ناھەق ئىشقا چىدالماس ئىدىڭ،
ناھەقلىققە قالدىڭ ئاقىبەت.
ئادىللىققا يەتمەكچى ئىدىڭ،
يوللىرىڭنى توستى خىيانەت.

زارلىنىدۇ، قاقشايدۇ دائىم
قەلبىڭ ئارا نومۇس ۋە پەسلىك.
ئەتراپىڭغا باقساڭ ئۆزگىچە،
يۈرىكىڭدە ئەلەم ۋە غەشلىك.

قېنى ئەمدى تاللا بىرىنى،
سەن قايسىغا تۇرىسەن يېقىن.
خۇشامەت بار خۇشامەتتىمۇ،
سەزدۇرمەيدۇ كىشىگە لېكىن.

كىتابلاردىن روھىڭ پاكلىنار،
چىن مۇھەببەت يانار لاۋۇلداپ.
لېكىن شۇ تاپ دىلدىن سۆيگىنىڭ
ئۆزگىلەرگە تىكىلەر قاراپ.

قېنى سەبىي پاك مۇھەببىتىڭ،
ئالدانىدىڭمۇ،
ئالدار بۇ دۇنيا.
ئالداپچىغا نەپرەتلىك ئىدىڭ،
ئالداشنىمۇ ئۆگەنىدىڭ ئاستا.

پاك سېزىمىڭ ئويغىنار تۈندە،
دېرىزىدىن ئاي نۇرى چۈشەر.
پاك نۇرلارغا بۆلۈنەر جىسمىڭ،
ئويغىنىسەن،
باشقىچە سەھەر...

قەدىمىڭنى باسىسەن ئاستا،
ئوڭ - سولۇڭغا، ئالدىڭغا بېقىپ.
كىملەرگىدۇر ھەسەت قىلىسەن،
كىملەرگىدۇر پېشىڭنى قېقىپ...

ئېيت، ھەسەتنى يۇقتۇردۇڭ قاچان،
بېرەلەيسەن بۇنىڭغا جاۋاب.
پاكلىقىڭنى، سەبىلىكىڭنى
بولغىنىنى بۇ تۇرەۋۇش بۇلغاپ!...

قايتساڭ ئىدىڭ، قايتساڭ ئىدىڭ، ئاھ،
قەدىرلىكىم، سەبىلىكىڭگە.
شان - شۆھرەتنى تامانى تاشلاپ
قايتساڭ ئىدىڭ مېنىڭ قەلبىمگە.
پاكلىقىڭدىن تاپساڭدى نىجات،
قايتساڭ ئىدىڭ مېنىڭ قەلبىمگە!...

يىغلىۋالغىن بۇ تۈن – بۇ كېچە

تەقدىر سېنى ئەجەب يەكلىدى،
ئاتا - ئاناڭدىن كۆرمىدىڭ خوپلۇق.
سۆيگىنىڭمۇ سەندىن چەتنىدى،
يۈرىكىڭدە ئەلەم ۋە خوپلۇق.

سىلىمايدۇ بېشىڭنى ئاناڭ،
ئۆز پارىسى ئەمەس، ئۆگەيسەن،
مۇڭدىشىڭمۇ، سىردىشىڭمۇ يوق،
دەردلىرىڭنى كىمگە دېگەيسەن.

كېچە جىمجىت، تاڭ ئاتماق قىيىن،
قەيەردىدۇر كىشىلار چاشقان.
دېرىزىدە خىرە ئاي نۇرى،
ئولتۇرىسەن غەمكىن، خىيالچان.

ئۆچۈپ قالغان مەشىنىڭ ئوتىمۇ،
قېرىشقاندەك ئۆگەي تەبىئەت.
تۈگەپ قالدى ئۆينىڭ ئىشىمۇ،
ساڭا ھەمراھ خىياللار پەقەت.

ئۇخلىمايسەن نېمىشقا دىلدار،
خىيالىڭغا كىردىمۇ ئاناڭ.
مىسكىن ئىدىڭ قىز چېغىڭدىمۇ،
جىمجىت ئۇخلار يېنىڭدا بالاڭ.

ئىچ - ئىچىڭدىن ئۆرلەيدۇ يىغا،
يىغلىۋالغىن كۆرمەيدۇ ھېچكىم.
سەن يىغلايسەن، لېكىن شۇ تاپتا
ئۆزگە گۈلنى پۇرايدۇ ئېرىڭ.

ئۇنىڭ ئاچچىق يالدامىسىنى
باغرىڭغا چىڭ بېسىپ يىغلىۋال.
لېكىن دەردلىك كۆز ياشلىرىڭنى،
سەزمىسۇن ئۇ، يوشۇرغىن دەرھال.

مەسۇم قەلبى بولمىسۇن يارا،
ئانىسىنى كۆرمىسىمۇ ھەم.
شۇنداق ئىكەن، شۇنداقكەن دۇنيا،
يېتىملىكنىڭ ئاڭا قالدى ھەم.

پاك ياشاشنى ئىستىگەن ئىدىڭ،
تەقدىرىڭگە كۆلدى بۇ دۇنيا.
چىن سۆيگۈنى ئىستىگەن ئىدىڭ،
مەسۇم قەلبىڭ تاپتى دەرد - يارا.

نېمە گۇناھ قىلدىڭ مۇنچىلىك،
ئۆزۈڭ سۆيدۈڭ، ئۆزۈڭ تاللىدىڭ.
ياشلىقىڭنى بەردىڭ قولىغا،
دۈشكەلەشنى ئېغىر ئالمىدىڭ.

سىلەر ئەرلەر دىلىڭلار باشقا،
تىلىڭلارغا قويغانمۇ ھەسەل.
قېنى بەرگەن شېرىن ۋەدىلەر،
توي كېچىسى ئېيتقان كۈي - غەزەل!

قېنى ئەمدى يالغانچىلارنى
جازالاشقا كىم بېرەر پەرمان.
مەسۇم قىزلار ئۇرۇڭ ئۇلارنى،
يوق ئۇلاردا مۇھەببەت، ۋىجدان!

.......................

يىغلىۋالغىن بۇ تۈن، بۇ كېچە،
يىغلىۋالغىن، كۆرمەيدۇ ھېچكىم.
دېرىزىدىن قارىغان ئايمەن،
خىرە قىلار نۇرۇمنى يېشىڭ...

تەقدىر سېنى ئەجەب يەكلىدى،
بۇ دەردىڭگە كىم تاپار داۋا.
يۈرىكىمنى مەن بېرەي دېسەم،
يۈرەك - باغرىم مېنىڭمۇ يارا.

پەقەت مۇڭلۇق شېئىرىم بىلەن
بېرەلەيمەن ساڭا تەسەللى.
دەردى يوقلار ھەر نېمە دېسۇن،
كۆڭلۈڭ ئارام تاپسىلا مەيلى!...

### تۈيغۇ لىرىكىسى

سەندىمۇ، مەندىمۇ سىرلىق بىر تۇيغۇ
ئەبەدى سىر بولۇپ قالارمۇ شۇنداق.
بەزلەلمەس كۆڭۈلنى ئۆتكۈنچى سۆيگۈ،
ئۆتكەندە تونۇشقان بىر يولۇچى سىياق.

بۇ پىنھان تۇيغۇمنى يەشسەڭدىك بىر كۈن،
سەجدە قىپ ئالدىڭدا قويار ئىدىم باش.
سەزگۈلەر ئىلكىدە بوغۇلار بىر ئۈن،
تومۇزلار قېتىدا ئاقىدۇ قۇياش.

بەرمىدىڭ كۆڭلۈمگە ئارام ۋە سادا،
بەلگىسىز رەنجىشتىن قىينىلار بۇ جان.
بەرسىمۇ رەقىپلەر سۆيگۈمگە ئاگاھ،
ئۇبرازىڭ كۆڭلۈمدە ئەجەب نەۋقىران.
سۆيىمەن بۇ چىگىش دۇنيانى، چۈنكى
بەرھەقسەن، ھاياتسەن، ۋىسالىڭ ئامان!

**ئابدۇللا سۇلايمان**

### چۈشەنمەيمەن

تەسەۋۋۇرۇم ئىلكىدە بۇ كەڭرى جاھان،
كەچمىشىمنى باشتىن - ئاخىر ئويلىغاندا.
دىل باغرىمنى بىلىشكە زەپ ئىنتىلىمەن،
سىرلىق ئۆمۈر ساھىلىنى بويلىغاندا.
ئەپسۇس، قەلبىم قانداق، ئۇنى كۆرەلمەيمەن،
كۆرەلمىگەچ ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

جۇرئىتىم باز سەييارىغا يول سالغۇدەك،
ئاچالايمەن تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى.
دىلىم گويا قول چىرىغى، ياندۇرىمەن
كۆرۈش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كىرلىرىنى.
بىراق، نۇرنى دىل ئۈستىمگە چۈشۈرمەيمەن،
يوشۇرغاچقا ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

ئېگىسىدىكى گۈزەللىك ۋە سەتلىك پىكرى
بىر بىرىدىن توختاۋسىز بەس تالىشىدۇ.
گاھ ئايرىسا ئېنىق چېگرا ئېلىشىشتا،
گاھ قوشۇلۇپ ئېغىز، بۇرۇن يالىشىدۇ.
گۈزەللىكنى تەنھا پىتى سۆيەلمەيمەن،
خىيالىمدا ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

سەۋداسىدا ھەببەتنىڭ چېكىپ پىراق
تەييارلىغان جانان ئۈچۈن سۆيگۈ خېتى

ۋاپا پەقەت ئالمىشىپلا جاپا بىلەن
قايتىپ كېلەر خېتىم تېنەپ يۈرگەن پېتى.
لە ئۆچۈندۈر ئاخىرغىچە كۈتەلمەيمەن،
ياشلىقىمدا ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

ئەل سۆيىدە ئاقسام ئەگەر پەيتى كېلىپ،
يازىمەن زور دولقۇننى دەپ ھېسابىمنى.
ساخاۋەتلىك دەستۇرخاندىن قىسلغاندا،
تىلەيمەن كەڭ جاھانەتنىڭ ئىنسابىنى.
شۇڭا كۈلسە ئەل بىرلىكتە كۈلەلمەيمەن،
قەلبىم يېرىم، ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

ئاقىللارغا شوتا قىلسام قامەتىمنى،
ئۆرلەيدۇ گاھ لەببەيچىلەر ئاڭا دەسسەپ.
كىم دۇرۇس، كىم ئەگرى، ئۇنى ئايرىغىچە
پۇرسەت كېتەر، قالىمەن چوڭ - كىچىك ئەسنەپ،
يا ئۇنداق، يا مۇنداق زوۋان سۈرەلمەيمەن،
بۇ ئاچالدا ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

رولنى ياخشى ئېلىپ شۆھرەت قازىنىمەن
كۆرسەتكەندە ئويۇن تۇرمۇش مەيدانىدا.
كۆزۈم لەكمىنىڭ كۆزلەرگە خۇش جىلۋە قىلار،
بىراق ئويۇم پەرۋازى نام پايانىدا.
ئۇچماق ماڭا ئاسان، چىقىپ چۈشەلمەيمەن،
كېرىلگەنچە ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

ياقتۇرغىنىم: بىراۋ ئۆچۈن نوەۋس قىلمىش؛
كۆل دېگىنىم: بىراۋ ئۆچۈن ئوغرى تىكەن.
تىلسىم نېمە، تۆگۈن نېمە ئىنسانلارغا
تىلسىماتلىق بولغىنى دەل قەلبىم ئىكەن.
جاھانغا بىر كەلدىم، قايتا تۆرەلمەيمەن،
بۇ ئۆمرۈمدە ئۆز ئۆزۈمنى چۈشەنمەيمەن.

غەنىزات غەيۇرانى

## رۇبائىيلار

1

سانىاقسىز مۆجىزە ياراتتى ئىنسان،
بۇنىڭدىن ھەتتاكى تەڭرى ھەم ھەيران،
ۋە لېكىن ئۆزىنى ئۇقالماي تېخى
تۆكتى ھەم تۆكمەكتە دەريا - دەريا قان.

2

ئاتىنى گەر سولىساڭ ئېشەك يېنىغا،
ئېشەكنىڭ خۇيىنى سىڭدۇر قېنىغا.
بولمىسا ئېشەكلەر تېپىپ ۋە چىشلەپ،
بولىدۇ ئاخىرى زامىن جېنىغا.

3

«ئاق» دېسە قۇندۇزنى باشلىق مەن دېدىم: «قاردىنمۇ ئاق»،
«ياش» دېسە ئاق باش مومايىنى ھەم دېدىم: «پاقلان بوۋاق».
دەۋرىيپ گەرچە ئاشۇنداق ئاشسىمۇ بۇ دۆلىتىم،
شەكلىم ئادەملىكتە قالدى، خىسلىتىم كەتتى يىراق.

4

كەلگىنىڭدە تۈنجى رەت «كەلدىم — دېدىڭ، — مېھمان بولۇپ»،
مەن دېدىم: «مېھمان ئەمەس، ياق قايتا كەل جانان بولۇپ».
ئەمدى بىلسەم ئەي قەلەمقاش، ئاشۇ چاغ كەلگەندە سەن،
تومۇرۇمغا قان بولۇپ كىرگەن ئىكەنسەن جان بولۇپ.

5

چېقىلغان چۆشىسە بىردىنلا خۇشامەتنىڭ بىناسىغا،
ۋابا تەگسە ئۇنىڭ ئاشنالىرى ھەتتا خۇداسىغا.
تولاتتى بارچە كائىنات، كىشىلىك ئالىمى شۇندا،
ھاياتلىقنىڭ خۇشال - ياڭراق، ھۇزۇر كۈي - ساداسىغا.

تەلئەت ناسىرى

## تاشكەنت دۇردانىلىرى

### ناۋائى كوچىسىدا

بۇ كوچىدىن مېڭىپ كېلىمەن
يۈرىكىمدە بىر قۇياش بالقىپ.
خىياللاردا خىيال كېچىمەن
ئالتە ئەسىر كەينىگە داجىپ.

مەن ئالدىغا، مېھرىم ئارقىسىغا
ئىنتىلىدۇ كىمنىدۇر ئىزدەپ.
سەھرالاردا قالار پىغانىم،
سۆيۈملۈكى چولپانىنى كۆزلەپ.

بىردە پىكرىم يۈلتۇزغا قونۇپ،
بىردە ئايغا بوراندەك ئۇچار.

تېنىم زەررە بولغىنى بىلەن
ئەمما كۆڭلۈم جاھاننى قۇچار.

تۆگملەرنىڭ لوككىلىرىدىن
يۈكسەك تاغلار چوققىسىغىچە.
مەن ئىزدىدىم تونۇش يۈزلەرنى
يەر يۈزىدىن كائىناتقىچە.

بۇ كەڭ كوچا ئىكەن بىر ئالەم
ئادەملىرى باغرىدا دەريا.
ياشار ئىكەن چېھرى گۈل خەلق،
ھەر قەدەمنى بىلىپ تۇتىيا.

چاڭ قونمىغان ياپراق ـ بەرگىلەر
چاچار ئىكەن ھەريانغا ئىپار.
كەچلىرىدە سۆيگۈلۈك سەيلە،
گۈلشەنلەردە دىللار بىغۇبار.

بۇ كوچىدىن كېتەلمەي باھار
ھەر كۆڭۈلدە چاقناركەن قىش ـ ياز.
قەدەملەرنى مۇبارەك ئەيلەپ
بۇلار ئىكەن چىمەن پاياندا ز.

بۇ كوچىنىڭ غوجىسى ئىكەن
تۆت ئىقلىمدىن كەلگەن مىللەتلەر.
بۇندا ئىنسان قەدرى ئالدىدا
يەكسان ئىكەن ئىرقىي ئىللەتلەر.

بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ تۇراركەن
جاھان ئارا بىھساپ ئادەم.
ناۋائىنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىگە
سىققىنىدەك جىمىكى ئالەم.

### خۇمسەن①

تاغلىرىڭغا گۈلدەك يامىشىپ،
كۈلۈپ كەلدىم سېنى كۆرمەككە.
ئوخشار ئىكەن گۈزەل مەنزىرەڭ
جانان كىيگەن گۈللۈك كۆڭلەككە.

كۆزۈم يەتمەي تۇرۇپ ئاسمانغا،
ئاسمان كۆردۈم زۇمرەت كۆلۈڭدە.
تەسۋىرگە زوق پېشىل مەنزىرەڭ
رەسىم بولۇپ قالدى كۆڭۈلدە.

كۈمۈش چاچقا چېچىلىپ كۆكتىن②،
يۈزلىرىمدە ئوينىدى مارجان.
كۆرەلمىگەچ ئاپتاپتا سېنى،
يۈرىكىمدە قالدى بىر ئارمان.

چۈمبەل تارتقان پەرىزات كەبى
قالدۇرسىمۇ ۋەسلىڭ ئەلەمگە.
ساڭا بولغان خۇشتارلىقىمنى
توسالمىدى مەخمەل كۆلەڭگە.

مۇشتاق بولۇپ يانغان ۋۇجۇدۇم
ئايلانغانتى كۆكتىكى كۈنگە.
گەر قىرىمغا③ گۈل چەكمەك بولسا،
ئالار ئىدىم سېنىڭدىن ئۈلگە.

### ئالۇچا

شاخلىرىدىكى چوغ مارجانلارغا
قاراپ ـ قاراپ قانمىدى كۆزۈم.
يۈزلىرىمدە پارلىدى ئاپتاپ،
قالدى دىلدا سىرلىق بىر سۆزۈم.

① خۇمسەن ـــ تاشكەنت سىرتىدىكى مەنزىرىلىك جاي.
② خۇمسەنگە بارغىنىمدا يامغۇر يېغىپ تۇرغانىدى.
③ قىرىم ـــ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردىن بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com



يابراقلارغا قونىدى يۇلتۇزلار،
ئارامىمغا غەۋغانى سالدى.
سۆيگۈ ئەسىر ئەتكەن كۆڭلۈمدە
مىڭ يۇلتۇزدەك قۇياش، ئاي ياندى.

ئۆزبېك قىزى سۇندى ئالۇچا،
ئالۇچىغا رىشتىم باغلاندى.
ئىچمىرقىغان تامايىم، ئۇنىڭ
ئالۇچىدەك لېۋىدە قالدى.

ئابلىز ھۇشۇر

## غەزەللەر

### ناخشاڭ بىلەن

ناخشاڭنى ئاڭلاپ ئۇشبۇ دەمدە،
بۇلبۇل سازدىن ئازدى چىمەندە.

ئەجەب شېرىن - لەززىن ئاۋازىڭ،
يۈتكەنمىكىن تىلىڭنى قەندە.

ئېرىپ كەتتى جىسمىم سىمابتەك،
بولدۇم شۇندىن ئىشقىڭغا بەندە.

ئۇيغۇر قىزى — ناخشىنىڭ پىرى،
ناخشا خۇمار ئاتاڭ ئەزەلدە.

ناخشاڭ بىلەن جانلىنىپ گويا،
لەۋ ياراركەن غۇنچە سەھەردە.

سەن قۇۋۋانچىم، ساڭا زاماندىش
بولغانلىقىم بەخت بۇ ئەلدە.

### يارىم كېلىدۇ

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستاغىنە،
كەتتى يارىم قول سېلىپ ئاستاغىنە.

كەتسىغۇ مەيلى ئىدى، كەتتى لېكىن
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ، ئاستاغىنە.

يانسا پەن ئىشقىڭدا ئۇ، بولامدىكىن
ياق دېسەم باش سىلكىتىپ، ئاستاغىنە.

«ئايلىناي، يولۇڭغا قوت بولسۇن!» دېدىم،
مەڭزىگە مەڭزىم يېقىپ، ئاستاغىنە.

جان ھۇزۇرلاندى بۆلەكچە مېھرىدىن،
لېۋىدە پىستە چېقىپ، ئاستاغىنە.

تاۋلىدى مېھرى ئىشەنچىمنى مېنىڭ،
كەينىگە مىڭ قايرىلىپ، ئاستاغىنە.

مەن شۇڭا شەكلەنمىدىم سۆيگۈسىدىن،
كېلىدۇ كەتسە يېنىپ، ئاستاغىنە.

كېلىدۇ جېنىمنى جاھان ئەتكىلى
قەلبىدىن نۇرلار چېچىپ ئاستاغىنە.

زوقلىنار شاد بەختىمىزدىن شۇندا ھەم،
ئايمۇ كۆزنەكتىن بېقىپ، ئاستاغىنە.

### ئادەم

جېنىمكى سىرى پىنھاندىن سىرى پىنھان ئىكەن ئادەم
گاھى قىش ۋە گاھى كۆكلەم، گاھى سەراتان ئىكەن ئادەم.

زىبالار ھۆسنىگە باقتىم، ئوتىدا ئاھ ئۇرۇپ ياتتىم،
يېنىپ كۆڭلىگە كۆز سالسام گويا ئازغان ئىكەن ئادەم.

بىراۋلەر ئاغزى قەن-قايماق، ئىزى ئەگرى، دىلى مايماق،
تېگىپ كۆزۈڭنى باپلاشتا گويا شەيتان ئىكەن ئادەم.

تېخى ئالدىڭدا قول قوشلاپ، بولۇڭدا تومشىغىن ئۇشلاپ،
كېزى كەلگەندە باشىڭغا بالا-بازغان ئىكەن ئادەم.

نىگارا، بول ھامان ئەگرى كۆڭۈللەر دامىدىن ھوشيار،
بىرى جادۇ، بىرى ئاھۇ، بىرى رەيھان ئىكەن ئادەم.

ئىستەرسەنمۇ...

نىگارا، ئەسلى ۋەسلىڭنى ماڭا دىدار ئېتەرسەنمۇ؟
ۋە يا دىل ئارزۇيۇمنى بىر يولى بىكار ئېتەرسەنمۇ؟

تولۇنئاي كۈلسە ھەر ئاخشام، سېنى كۈلگەن چېغى دەيمەن،
تولۇندەك خۇش كۈلۈپ كۆڭلۈك ماڭا گۈلزار ئېتەرسەنمۇ؟

تىلىمدا زىكرى قىلسام ھەر سەھەر نامىڭنى كاككۇكتەك،
دېگەيمىشسەن: قىلىپ مۇنچە مېنى زەردار ئېتەرسەنمۇ؟

ۋاپا ئەھلىگە تۇرمۇشتا جاپا مىڭ قات ئىكەن، ۋاي داد،
ۋاپايىمغا بۈگۈن مۇنچە جاپانى دار ئېتەرسەنمۇ؟!

قىلدى

...قاچانكى كۆڭلۈم ھۆسنۈڭگە ھەۋەس قىلدى،
خىيالىڭ مېنى بۇ جاھاندا ئەمەس قىلدى.

شاراب كەيپى مۇنچە تۇتمىغان بۇ كەڭگە،
جامالىڭ شولىسى بىز يولى مەست قىلدى.

ئەجەب جىلۋەڭ ئالدىدا غۇنچە چېكەر غەم،
يىراق، خۇيۇڭ گۆھەر قەدرىمنى خەس قىلدى.

ماڭا ئاچچىق نېسۋە بەردى پۇشايمان،
ساڭا مەي ئورنىدا لەنەتنى پەۋەس قىلدى.

زۇنۇن رەھىم

## شېئىرلار

### شائىر ئىلھامى

جىمجىت تۈن، شائىرنىڭ قەلبىنى بۆسۈپ،
ئىلھامنىڭ تۇلپارى چاپار ھەرياققا.
تەپەككۇر قۇشلىرى ئاسماننى قۇچۇپ،
گاھ كېلىپ شۇڭغۇيدۇ يېشىل قىرغاققا.

شائىرنىڭ ئىلھامى ئۈزەر قېيىقتەك،
تەپەككۇر دەرياسى دولقۇنلىرىدا.
سۈزۈشكە دېڭىزدىن جاۋاھىر ـ مارجان
غەۋۋاستەك شۇڭغۇيدۇ دېڭىز ئاستىغا.

كېپىنەك بولغاندەك باغلارغا ئاشىق،
كېزىدۇ بەزىدە گۈلزارنى، باغنى.
ئايلىنىپ بۇلۇتلار ئۈستىدە مەغرۇر،
سەيلە ئېتەر بۇلۇتقا تاقاشقان تاغنى.

كېزىدۇ شائىرنىڭ قەلب ھېسلىرى
بۇ ئانا ۋەتەننىڭ بوستانلىرىدا.
قوشۇلۇپ زاۋۇتنىڭ گۈدۈكلىرىگە،
ياڭرايدۇ مول ھوسۇل خامانلىرىدا...

شائىردۇر مىسالى ئىشچان زىبال ھەرە،
ھايات گۈلزارىدىن يىغار شىرنە ـ تەم.
خەلقنىڭ شادلىقى، قايغۇ ـ ھەسرىتى
ئىجاد مېھنىتىگە بولغان مۇجەسسەم.

تۈنلەرنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى تۈنگە
ئۇلاپ ئۇ ھارماستىن قىلار دائىم جەڭ.
ھەقىقىي شائىرنىڭ ئۆلمەس ئىجادى
ياشايدۇ دۇنيانىڭ يېشى بىلەن تەڭ.

### پوچتالىئون

قالمىدى قەدىمىڭ يەتمىگەن زېمىن،
ئىزلىرىڭ گۈل چەكتى ئاقباش چوققىغا.
بۆرىلەر ھۇۋلىغان يوللارنى كېزىپ،
سەن خەۋەر يەتكۈزدۈڭ پايناپ ـ ياققىغا.

بولۇپ سەن جاھاننى كەزگۈچى تۇلپار،
پەللىگە ئاتلىدىڭ مەنزىلنى كۆزلەپ.
گويياكى باپكارنىڭ مۇكىسى كەبى
تېنىمسىز قاتنىدىڭ ھەرياققا يۈزلەپ.

بارغاندا سەن يىراق چېگرا ـ پوسلارغا
جەڭچىلەر قەلبىدە پارلىدى چولپان.
جانانى سۆيگۈدىن بەرگەندە خەۋەر
يالقۇنجاپ ئۆرلىدى قەلبىدە گۈلخان.

بارغاندا يايلاققا ئېلىپ گېزىتنى،
چوپانلار جاھاندىن بولدى خەۋەردار.
بارغاندا بۇرغىلاش ئەترىتى تامان،
ئىشچىلار قەلبىدە گۈل ئاچتى باھار.

موماينىڭ چېھرىدە ئوينىدى كۈلكە
ستۇدېنت قىزىدىن ئالغىنىدا خەت.
ئادەملەر قەلبىنى باغلىدىڭ شۇنداق،
ئورناتتىڭ ئۆزئارا چوڭقۇر مۇھەببەت.

سەن تۆككەن ئالتۇن تەر گويا شەبنەمدەك
بۇ يېڭى دەۋرنىڭ قېتىغا سىڭدى.
ئاتالدىڭ شەرەپلىك چېكرا بۇركۇتى،
بۇ نامىڭ دىللاردىن چىمن ئورۇن ئالدى.

كۆيلىسەم تۈگىمەس شەنىڭنى بۈگۈن،
تەرىپىڭ تىللاردا بىر ئۇلۇغ داستان.
سەن يېپەك تالاسى كۆزگە كۆرۈنمەس،
ئادەملەر قەلبىنى ئۆزئارا چاتقان.

ئىستەكلىرىم

گويا فونتان، گويا تاشقىن ئىستەكلىرىم،
شۇ ئىستەكتىن كۈچ ئالماقتا يۈرەكلىرىم.
ئىستەكلىرىم بولغاچ ماڭا مەشئەل - چىراغ،
قاينار دىلدا ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىم.

ئىستەك ماڭا بىر رەنادۇر تەڭدىشى يوق،
قەلبىم ئېكرانىدا ئۇنىڭ نۇرى يورۇق.
مېنى ئۇندەر ئىستەك ئالىي نىشانىمىرى،
ئىستەك بىلەن قايناپ تاشار قەلبىمدە زوق.

كۆۋەجىگەن ئەزىم دەريا دولقۇن ياساپ
ئاققىنىدەك قىرغاق سۆيۈپ، ناخشا توۋلاپ؟
ئىستەكلىرىم يۈرىكىمدىن ئۇرغۇپ تاشار،
كۆككە ئۇچسام ئۇدۇر ماڭا مەزمۇت قانات.

يول كۆرسەتكەچ ئىستەكلىرىم مەشئەل بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاشتىم داۋان ئات چاپتۇرۇپ.
مەن يېڭىمەن ھەرنە مۇشكۇل خەتەرلەرنى،
غەلىبە - زەپەر ناخشىسىنى چاڭ كەلتۈرۈپ.

ئالتۇن ئاچقۇچ

ھاياتنىڭ سىرلىرى تۈمەنمىڭ ھېكمەت،
بىرىگە بىرى ھېچ ئوخشىماس پەقەت.
ئىلىم - پەن مەن ئۈچۈن بىر ئالتۇن ئاچقۇچ،
قىسمەتلەر سىرىنى ئاچىدۇ ئەبەت.

ئۇسسۇزلۇق چاڭقىقى سۇ بىلەن ھەلدۇر،
ئەمانىڭ ھاجىتى ھاسىسىدا تەلدۇر.

ئىلىم - پەن بىر بۇلاق ئېقىپ تۈگىمەس،
ئۇ ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت، ئۇ ساڭا ماغدۇر.

ئىلىم - پەن ئەڭ يۈكسەك يۈكسەك ئىچىدە،
تەڭداشسىز بايلىقتۇر بايلىق ئىچىدە.
كىم ئەگەر ئۇنىڭغا بولسا يېقىن دوست،
ئۇلتۇرار مەڭگۈلۈك ھۆرمەت تەختىدە.

www.uyghurkitap.com

ياسىن ئەمىن

# تاقەتلىك بالا

ئالداش ئەمەس ئانا جۈملىسى،
تاقەتلەرگە ئۈندىمەس قاچان.
تىلىگەنگە كەلمەيدۇ ئامەت،
نە كويلارغا سالمايدۇ زامان.

ئەركىلەيدۇ بالا ئانىغا،
قايسى خىيال تۇغۇلسا شۇئان.
زېرىكىشنى قەغىشلىك قىلار،
— ئانا ماڭا بەرسەڭچۇ دەپ نان!

ئانا دەيدۇ: — بالام ئاز قالدى،
ياغلىق توقاچ پىشسۇن تاقەت قىل.
ئەجدادلاردىن تاقەتلىكلەر بىز،
سەنمۇ شۇنى بىلگىن ئادەت قىل.

خىيالىغا كەلسە مۇدىسى،
سېغىندىم دەر ئۇ دادىسىنى.
كەتكىنىنى ئۇ نېمە بىلسۇن،
مىراس قويۇپ شۇ بالىسىنى.

— ئاز قالدى، — دەر يەنە ئانىسى،
يات يېقىندا كېلىدۇ داداڭ.
سەنلا ئەمەس بىتاقەت بولۇپ،
يوللىرىغا كۆز تىكەر ئاناڭ.

— كەمپۈت يەيمەن، — دەيدۇ بەزىدە،
قانداق قىلسۇن ئۇنىڭ ئانىسى.
خۇدا! — دەيدۇ،
بويۇن قىسماستىن،
بولغىنىدا ئۇنىڭ دادىسى.

ئانا دەيدۇ يەنە: — ئاز قالدى،
ئەتە ـ ئۆگۈن ئېلىپ بېرەمەن.
كەمپۈت ئەمەس قەنت ـ ناۋاتلارنى
چېيىڭغىمۇ سېلىپ بېرەمەن.

بالا ئېيتار بوينىنى قىسىپ:
— ئانا يېڭى كىيىم كىيىمەن.
ئانا دەيدۇ: — بالام ئاز قالدى،
يېڭى كىيىم تىكىپ بېرەمەن.

روھى چۈشكۈن بالىلار ئارا،
ئوخشىمايدۇ ھەتتا دەپتىرى.
قاناتلىرى سۇنۇق كەپتەردەك،
پۈتۈلگەنمۇ ئۇنىڭ تەقدىرى.

پارمىقىنى چىشلەيدۇ بالا،
قوللىرىدا سۇنۇق بىر قەلەم.
سەبىي يۈرەك دەيدۇ ھەسرەتتە،
«بۇ نېمە كۈن؟ بۇ نېمە ئەلەم؟!»

بۇنداق ھالغا چىدالىدۇ ئانا،
ئۇ ئەمەسمۇ يۈرەك پارىسى.
كۆز ئالدىدا بوينىنى قىسسا،
چېكىلمەمدۇ يۈرەك تارىسى.

تاقەتلىك بوپ چوڭ بولدى بالا،
ھەم چوڭايدى يۈرەك يارىسى.
— ئاز قالدى، دەپ تاقەتكە ئۈندەپ،
يېتىم قالدى ئېھ‌زىز ئانىسى.

مۇقارىپ بەھىيا

## شېئىرلار

### ئارمان

چەكسىزلىككە سوزۇلغان يوللار،
ئۇپۇق ئۆزرە چاقنايدۇ ھامان.
ساھىللىغا تاشلاپ يۈرەكنى،
ئۈمىد تۇغۇپ بېرەر قەدىردان.

ئۇ قارىچۇقتا، ئۆزارتمىغىن كۆز،
ئۇ تومۇردا، باشلايدۇ دولقۇن.
چۈشلىرىڭنى يېتىلەپ تاڭغا،
تاڭلىرىڭغا ئۇلايدۇ شاۋقۇن.

سەن ئۇنىڭغا كۆيىسەن قەۋەت،
ئۇمۇ سېنى سۆيىدۇ شۇنداق.
ئىككى ئاشىق شۇ قوغلاشقانچە،
بىلىنمەيدۇ بۇ ھايات ئۇزاق.

### ھىجران

قارىچۇقۇمنى بولاپ قاچتى ئۇ،
ئەقىدەمنى چەيلەپ رەھىمسىز.
ئۇلۇم كۆتۈپ ھۆۋلىدى يۈرەك،
ئاھلىرىمدا يۇتۇلدى دېڭىز.

### ماۋزۇسىز

سەندىن سۆيگۈ سورىسام قىزچاق،
مەندىن ھايات سورىدىڭ بىراق.
ئۆلۈپ كەتسەم شۇ سۆيگۈڭ ئۈچۈن،
ئۆزۈڭ يالغۇز ياشارسەن قانداق؟

ئابدىراخمان روزى

## مۇساۋىيات تەرەپەيىنلەر

### قەشقەر دېسەم

1

قەشقەر دېسەم مەستخۇش بولۇپ كۆڭلۈم مېنىڭ يايراپ كېتەر،
مەستخۇش بولۇپ زوقۇم كېلەر ئويناپ كۈلۈپ ياشناپ كېتەر،
كۆڭلۈم مېنىڭ ئويناپ كۈلۈپ ناۋا ئەيلەر باھارىڭدا،
يايراپ كېتەر، ياشناپ كېتەر باھارىڭدا ئەزىز قەشقەر.

2

دىيارىڭدا ئۆتكەن مېنىڭ نامى مەشھۇر ئەجدادلىرىم،
ئۆتكەن مېنىڭ دەۋران سۈرۈپ سۇلتان سۇتۇق بۇغرالىرىم.

نامى مەشھۇر سۇلتان سۇتۇق مەخمۇت كەبى ئالىملىرىم،
ئەجدادلىرىم، بۇغرالىرىم، ئالىملىرىم، شائىرلىرىم.

3

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا ماكانىدۇر ئەزىز قەشقەر،
چىمەن دوپپا بىلەن مەغرۇر گۈزەل قەشقەردە ئۆسكەن ئەر.
ماكانىدۇر گۈزەل قەشقەر بىھىش جەننەت جاھان ئىچرە،
ئەزىز قەشقەردە ئۆسكەن ئەر جاھان ئىچرە مۇقام كۈيلەر.

## ئاتۇشۇم سەن

1

ئانا يۇرتۇم ئاتۇشۇم سەن ئەجدادلىرىم دىيارى سەن،
ئاتۇشۇم سەن سۇتۇق بۇغرا ماكانى سەن، مازارى سەن.
ئەجدادلىرىم ماكانى سەن، تىرىك جانلار پاناھى سەن،
دىيارى سەن، مازارى سەن، پاناھى سەن، بازارى سەن.

2

ئەنجۈر دېمەك مېۋىلەرنىڭ پادىشاھى سەركەردىسى،
مېۋىلەرنىڭ گۈل-چېچەكسىز باغدا پىشقان شاخ مانتىسى.
پادىشاھى باغدا پىشقان داڭقى مەشھۇر جاھان ئىچرە،
سەركەردىسى شاخ مانتىسى جاھان ئىچرە دۇردانىسى.

3

دىيار ئەھلى بىنا قىلدىڭ شاخ مانتىسى ئاتۇشتا سەن،
بىنا قىلدىڭ چېچەكى يوق شېرىن مېۋە تاشلىقتا سەن.
شاخ مانتىسى شېرىن مېۋە ئەجەب تاتلىق، ئەجەب داڭلىق،
ئاتۇشتا سەن تاشلىقتا سەن ئەجەب داڭلىق سايلىقتا سەن.

4

ئانا يۇرتۇم سېغىندىم زەپ شاخ مانتاڭنى خۇۋەينەڭنى①،
سېغىندىم زەپ ئەجەب تاتلىق تائامىڭنى دىلىم تارتىپ.
شاخ مانتاڭنى تائامىڭنى يېسەم قانچە ھۇزۇر شۇنچە.

① خۇۋەينە — ئورلىكنىڭ سەرخىلى. ئاتۇش شاخ مانتىسى بىلەن، جۈملىدىن ئۇستۇن ئاتۇش خۇۋەينىسى بىلەن ئالاھىدە مەشھۇر.

### شىنجاڭ ھەققىدە

1

گۆزەل شىنجاڭ بايلىقىڭ مول بېھىش ـ جەننـەت گۆلىستان سەن،
بايلىقىڭ مول، زېمىنىڭ كەڭ، تەڭدىشىڭ يوق بىپايان سەن.
بېھىش ـ جەننەت تەڭدىشىڭ يوق، جانغا راھەت جەننەت دىيار،
گۆلىستان سەن، بىپايان سەن، جەننەت دىيار زور ماكان سەن.

2

سېنى ئاۋات قىلدى ۋەتەن ئۆز قوينىدا گۆلدەك ئاسراپ،
قىلدى ۋەتەن سېنى گۆلباغ ئىقبال ئۈچۈن قەدەم تاشلاپ.
ئۆز قوينىدا ئىقبال ئۈچۈن قىلۇر سېنى باغۇ جەننەت،
گۆلدەك ئاسراپ، قەدەم تاشلاپ باغۇ ـ جەننەت ئۈچۈن باشلاپ.

3

ئۆز تەقدىرىڭ ئۆز قولۇڭدا، كومپارتىيەم كاپالەتتۇر،
ئۆز قولۇڭدا ئىستىقبالىڭ قانۇنىمىز ئادالەتتۇر.
كومپارتىيەم قانۇنىمىز چوڭ تۆۋرۈكتۇر خەلقىمىزگە،
كاپالەتتۇر، ئادالەتتۇر خەلقىمىزگە شاپائەتتۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماخمۇت مۇھەممەت

# ئۈچ ھېكايە

## چېۋىق

ئەمگەك ئاخىرلاشاي دېگەندە ئۇلار بەشەيلەن ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ، ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. ئالاھەزەل چارەك سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بويى ھەددىدىن زىيادە ئېگىز A بىر قۇچاق تالنى قولتۇقلاپ، ھاسىرىغان ھالدا ئورمانلىقتىن چىقىپ كەلدى.

— ئۇنى نېمە قىلاي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى كىچىككىنە تاياقچە بىلەن گۆرجەكتىكى لاينى تازىلاۋاتقان ئىدارە باشلىقى كۈلۈمسىرەپ.

— ئۆيگە ئاپىرىپ بىر زەمبىل توقۇۋالاي دەيمەن، — دېدى A مۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە، — ئۇ يەردە تال تولىكەن دېسىلە...

— زەمبىل توقۇيالامسىز؟

— توقۇيالايمەن، يېزىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا ئۆگىنىۋالغانىدىم.

شۇ ئەسنادا باشلىقنىڭ كۆزى ئورمانلىقتىن چىقىپ كېلىۋاتقان پاكار بويلۇق B غا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى كونسېرۋا بوتۇلكىسىغا قۇيۇلغان سۈپ-سۈزۈك سۇدا ئىككى تال پارىل بېلىق پىلتىڭلىشىپ ئويناۋاتاتتى.

— ئوھوي، نېمە قىلىسىز ئۇنى؟ — دەپ سورىدى ئىدارە باشلىقى قىزىقىپ، — نەۋرىڭىزگە ئاپىرىپ بېرەمسىز-يا؟

— يوقسۇ، — دېدى B ئەدەب بىلەن، — ئۆيگە ئاپىرىپ، يېزىقچىلىقتىن تالچىققان ۋاقىتلىرىمدا بۇلارنىڭ ئويىنىشىغا بىر پەس قاراپ تۇرسام ھاردۇقۇم چىقىپ قالىدۇ.

باشلىق ئۇنىڭدىن يەنە گەپ سورىماي دەپ تۇرىۋېدى، ئورمانلىقتىن قاچانلاردۇر چىقىپ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئورۇق يىگىت C نىڭ قولىدىكى بىر دەستە خىللانغان چىرايلىق ياۋاگۈل ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. يىگىت دەستىنى تېخىچىلا ئەستايىدىللىق بىلەن رەتلەۋاتاتتى.

— ئوھوي، — دېدى باشلىق سەل قىزىقچىلىق بىلەن، — بۇنى ئاپىرىپ كىمگە بېرىدىغىنىڭىزنى مەن بىلىمەن جۇمۇ، راستمۇ؟

ييگىت قىزدىرىپ كەتتى. ئەتراپتا كۆلكە كۆتۈرۈلدى. كۆلكە ئارىسىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا «بۇ دېگەن قالتىس دورا جۇمۇلۇڭ!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قايرىلىپ قارىدى، ئورمانلىقتىن بىر تۇتام بويىا كۆتۈرۈپ چىققان سېمىز ئايال D ھەدەپ بويىا ئورۇقىنى ئۇكىتىۋېتىپتۇ.

— بېرى ئەكىلىڭا، نېمىگە دورا ئۇ؟— دەپ چاقىردى ئىدارە باشلىقى. ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— بۇ دېگەنچۇ جۇيجاڭ، ئاشقازانغا دورا، ھەر قېتىملىق تاماقنىڭ ئالدىدىن بەش تالدىن يەۋالسىڭىز بىر ھەپتىدە سەللىمازا ساقىيىدۇ...

— راستىمۇ؟ — سورىدى باشلىق ئىشەنمەيرەك، — ئۆزىڭىز يەمسىز؟

— ياقەي، — دېدى ئايال D كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېيىنئانامنىڭ ئاشقازان كېسلى بار ئىدى، قىلمىغان دورىمىز قالمىدى دەڭا...

ئىدارە باشلىقىنىڭ رازىمەنلىك بىلەن كەينى-كەينىدىن ئىڭشىۋاتقان بېشى تۇيۇقسىز قېتىپ قالدى، چۈنكى كۆزلىرى ئورماندىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ كەلگەن، بوي-تۇرقى، ئورۇق-سېمىزلىكى ئۈلچەملىك E غا چۈشكەنىدى. E نىڭ قولىدا تازىمۇ تۈز ۋە ئىنچىكە كۆك چەۋىقتىن ئۈت-بەشى تۇراتتى.

— نېمىڭىز ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئىدارە باشلىقى E دىن ئۈنلۈك قىلىپ، — ئاتايىن كىرىپ ئەپچىققان نېمىڭىز شۇما؟ — نېمە قىلىسىز ئۇنى؟

E مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىزنىڭ ھېلىقى ئىككىنچى ئوغلۇچۇ قاراڭ جۇيجاڭ، تولىمۇ كەپسىز بوپكەتتى، ئويۇن دېسە قېنى دەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغۇن جۈملە تۈزۈشتە ئەللىك نومۇر ئاپتۇ تېخى! ئەمدى كۆرەي شوخلۇق قىلغىنىنى، «بېھىشتىن چىققان كۆك تاياق، يۇگۇرتىدۇ يالىڭاياق» دەپتىكەن...

ئىدارە باشلىقى يېڭىلا تازىلاپ بولغان گۇرجىكىنى يەرگە كۈچ بىلەن سانجىپ قويدى-دە، E غا خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. كېيىن بولسا ئاڭلىغۇدەكلا قىلىپ غۇدۇڭشىدى:

— ھىم... چۈۋدۇق!

## هېكايىدىن... هېكايە

تۈرمۇشتىكى گاھىبىر ئىشلارنى بەزىدە مەشھۇر كومېدىيىلەردىنمۇ ئىزدەپ تاپالمايسەن، مانا مەن سىلەرگە شۇنداق ۋەقەدىن بىرنى سۆزلەپ بېرەي.

مېنىڭ ئارىلاپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى ۋە يازماقچى بولغان ھېكايەمنىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئالدى بىلەن بىرەر قېلىمداش ئۇستازغا مەسلىھەت سالىدىغانلىقىمنى بىلىسلەر. يېقىندا مەن ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن يېڭىدىن تونۇشقان ۋە تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن نەچچە كۈنگىچە خۇشاللىقىمنى باسالمىغان H ئەپەندىنىڭ ئالدىغا باردىم. نېپىزرەك بولسىمۇ بىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشىر قىلدۇرغان بۇ سالاپەتلىك ئەپەندى مەن بارغىنىمدا مۇشتىكىنى قىڭغىر چىشلەپ، ئۈستەلگە چاپلاشقىنىچە قانداقتۇر بىر ئەسەرنىنى كاپىروپكا قويۇلغان ئىش قەغىزىگە كۆچۈرۈۋاتقان ئىكەن.

سالام سائەتلەردىن كېيىن مەن H ئەپەندىگە ئۆزۈمنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى

www.uyghurkitap.com

ئېيتتىم. دۇنيادا كەمتەربىلىمدانلار ئاز ئەمەستە. ساھىبخان مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، بىرلا جۈملە سۆز بىلەن كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، قېنى قۇلىقىم سىزدە ئىنىم!

مەن ئۈچ كىشىلىك كرېسلونىڭ بىر تەرىپىگە قىستىلىپ ئولتۇرۇپ پارىڭىمنى باشلىدىم. تەبىئىيكى، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ H ئەپەندىگە ناتونۇش بولغان ئادىتىم ھەققىدە چۈشەنچە بەردىم. ساھىبخانغا بۇ ئادىتىم تولىمۇ ماقۇل كەلدى، مەلۇم بولدىكى، بۇ ئۇنىڭمۇ ئادەتلەنگەن مىجەزى ئىكەن.

كېيىن مەن نۆۋەتتىكى پىلانلىغان ھېكايەمنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدىم. ھېكايەمدە، سۆۋلەتكە بېرىلگەن بىر يىگىتنىڭ ئاخىرى ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقى يېزىلماقچى ئىدى.

— ياخشى تېما، — دېدى ساھىبخان بېشىنى سالماقلىق لىڭشىتىپ، — ئاكتۇئال... سىزگە راستىمنى ئېيتسام، مەنمۇ نەق مۇشۇنداق بىر ھېكايىنى مۆلچەللەپ يۈرگەن ئىدىم... قېنى، قۇلىقىم سىزدە!

مەن بىر باشتىن سۆزلەشكە باشلىدىم، ئىككى مىنۇتتىن كېيىن گېپىم يەنە ئۈزۈلدى:

— مانا قاراڭ، مېڭىلىرىمىز شەرتلىك رېفلېكس قانۇنىيىتى بويىچە تۇتىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ھېكايىلىرىمىزنىڭ باشلىنىشىمۇ ئوخشاش ئىكەنا! قېنى، قۇلىقىم سىزدە!

سەل جىددىيلەشكەن ھالدا سۆزۈمنى داۋام ئەتتىم. ھە دېمەستىن خەقنىڭ قازىنىدىكى ئاشنى ئۇسۇپ قېلىۋاتىمەنمۇ قانداق؟... ئەمدى سۆز داۋامىدا گاھىبىر تەپسىلاتلارنى ئۆزگىچىرەك قىلىپ بايان قىلىشقا تىرىشتىم. نېمىلا بولمىسۇن H ئەپەندى ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا يەنە بىر دۆرەم سۆز نۆۋىتىنى ئالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، كېيىن ئۇ قىز تېلېفوندا يىگىتنى سۆكىدۇ دەڭ؟ مېنىڭكىدىمۇ شۇنداق بىر دېتال بار، لېكىن تېلېفوندا ئەمەس، بىرلا جۈملە بىلەن تىللاپ تېلېگرام ئەۋەتىدۇ. قېنى، قۇلىقىم سىزدە!

كەيپىم ئۇچقىلى تۇردى. مىخقا ئۈزىتى دېگەندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ يەنە كېلىپ باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، بىر توپلىمى چىققان، ئۆزۈمدىن يىگىرمە ياشچە چوڭ، ھۆرمەتلىك بىر قەلەمكەشنىڭ مىخىغا ھە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى ئەدىللا تونۇشقان... ساداقنىڭ كىرىچىنى تارتقاندىن كېيىن، ئوقنى ئاتماي نېمە ئىلاج، خالاي-خالىماي H ئەپەندىنىڭ «ھە، قۇلىقىم سىزدە!» دەپ قىزغىن مۇراجىئەت قىلىشى نەتىجىسىدە، دۆۋىلە باسقان ھېكايەمنىڭ پىلانىنى سۆزلەشنى داۋام ئەتتىم. سۆزلەيتتىمۇ، گېپىم يەنە ئۈزۈلمىسىدى دەپ خاۋاتىرلىنەتتىم. دۇنيادا نېمىدىن قاچساڭ، شۇ تېز قوغلاپ يېتىشىدۇ.

— مانا، مانا، مانى قاراڭ! — H ئەپەندى گېپىمنى يەنە بۆلۈپ، تىزىغا ۋاققىدە ئۇردى. چىشلىۋالغان مۇشتىكى تېخىمۇ قىڭغىيىپ كەتتى، سۆزى كۆشۈلداپ چىقاتتى، — سىزمۇ يىگىتنى ئاخىرىدا قىزدىن ئەپۇ سورايدىغان قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپسىزدە؟ مەن دېگەن يىگىتنى قىزنىڭ ئالدىدا ھۆر-ھۆر يىغلىتىۋەتتىم دەڭا! توبە ئەسكىلىككە دېدىمغۇ! خوش، ھېكايىمىز ياخشى ئويلىنىلغان ئىكەن. ۋەقەلىك دېگەندە چوڭ مەسىلە يوققۇ، گەپ تىلدا

قانداق دېدىم، تىلىدا... يېزىپ بېقىڭ ئىنىم. پۈتكەندىن كېيىن يەنە با مەسلەھەت ئىش قىلمايمىزمۇ ـ ھە؟

گېپىمنى سەل قىسقارتايمىكىن... بىر ئايغا يەتمەستىنلا گېزىتتە H ئەپەندىنىڭ يېڭى بىر ھېكايىسى بېسىلىپ چىقتى. ئاڭغىچە ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىمۇ خېلى ئۇزغۇن ھېكايىلارنى ئاڭلاپ ئۈلگۈرگەنىدىم. دېمەككى، بىردىن زىيان تارتقان بىلەن بىردىن پايدا كۆردۈم. مانا، سىلەر مەزكۇر ھېكايەمنى كۈلۈپ ـ كۈلۈپ ئوقۇۋاتىسىلەر.

## ئەخلەتلىكنىڭ ئاۋات كۈنلىرى

بازارنىڭ بىر چېتىدىكى ئەزەلدىن غېرىپسىنىپ تۇرغان بۇ بۇلۇڭ بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ قالدى.

ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە پاكىنەك، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان بىر كىشى كەلدى. ئۇ ئىككى كۈن ئىشلەپ بۇ بۇلۇڭنى «ئەخلەتخانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇن نەچچە يىللىق نامىدىن خالاس قىلدى. ئاندىن ئىككى ياش بالىنى ياللىۋېلىپ، ئۆزى ئېشەك ھارۋىدا خىش، ياغاچ توشۇپ، چاققانغىنە بىر دۇكان ياسىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاپئاق ئاقارتىلغان، «پېشانىسى ئىسسىق» باققال دۇكىنى خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى.

خېرىدارلارمۇ كەلدى. لېكىن ئۇلار بىلەن بىللىلا باققالنىڭ تارازىسىغا ئەمەس كۆزىگە تىكىلىپ، ئۇنىڭغا پۇل ئەمەس ئالقان تەڭلەپ ھەر خىل پورمىلىق، ھەر خىل سالاھىيەتلىك خادىملار يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ باجخانىنىڭ ئادەملىرى كەلدى. ئىككىنچى قەدەمدە سودا سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىمى كەلدى. ئۇنىڭ فورمىسىمۇ ھەيۋەتلىكلىكتە باج خادىمىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. پاكىنەك باققال مەزكۇر خادىمىنىڭ مەھكىمىسىگە بالدۇر تاۋاپ قىلمىغانلىقىنىڭ داتاڭ سورىقىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۈچىنچىسىگە شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئادىمى پەيدا بولدى، كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يېرىگە كاتەك سېلىۋالدىڭىز؟ يۈرۈڭسا ئەشەگە بىر بېرىپ كېلەيلى! تۆتىنچىسىگە «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى ئىشخانىسى» دىن ئاغزى جاپ-جاپ بىر قىز كەلدى. خېرىدارلارنىڭ تاشلىغان شۆپەكلىرىنى نەلەردىندۇر بىر چاڭگال يىغىپ كەلدى، غۇتۇلداپ يۈرۈپ باققالغىمۇ تەرگۈزدى. ئاندىن تازىلىق پۇلىغا شارتىلدىتىپ تالون كەستى. پۇلنى ساناپ بولۇپ، كېتەردە يەنە بىر مۇنچە ۋاتىلدىدى. بەشىنچىسىگە كەلگەن خادىمنىڭ چۇسلىغىمۇ ئادەمنى بىر ئاز سۈر باستۇراتتى. مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ بۇ خادىمىغا باققالنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ دۇكىنىنىڭ شەھەر مۇھىتىغا، بولۇپمۇ مۇشۇنداق چوڭ كوچىنىڭ سۆپىتىگە زادىلا زىيىنى تەگمەيدىغانلىقى، ئەكسىچە بۇ يەرنىڭ ئىلگىرىكى مەينەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى بەرگەن ئىزاھاتلىرى كالىسىنى پاشا چاققانچىلىك تەسىر كۆرسەتمىدى. ئالتىنچىسىغا، يەنى ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن كىم بولدى دېمەمسىز!؟ ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، باققال دۇكىنىنىڭ دومبىسىگە يۆلەپ سېلىنغان ئالدىنقى كوچىدىكى مەلۇم ئىدارىنىڭ ئەلچىسى ئىدى: يۈرىكىڭ نېمانچە يوغىـ

(ئاخىرى 50 ـ بەتتە)

قادىر ئارسلان

# بۇتكىدىكى ئايال

ھېكايە

مەن بۇ ناھىيىگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە بار-يوقى ئۈچ كۈن تۇرغانىدىم. ناھىيە بازىرىنىڭ كىچىكلىكى، يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلەردە توپىلىق بازار كوچىسىنىڭ چۆلدەرەپ تۇرۇشى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. بىر قەۋەتلىك ماگىزىن، كىچىككىنە يېمەكلىك دۇكىنى، يەرگە قېقىلغان كۆتەكلەرگە شال مىخلانغان «ئورۇندۇق»لىرى بار يازلىق كۇلۇپ بۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ مەدەنىي ئەسلىھەلىرى ئىدى. مىغ-مىغ ئادەملەرگە تولغان ئاۋات شەھەردىن كەلگەن كىشىلەر بۇ يەردە قاتتىق زېرىكىش ئىچىدە كۈننى تەستە كەچ قىلاتتى.

بۇ قېتىم كەلگىنىمچە ئارىدىن 18 يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بازار كوچىسى ئاسفالىتلىنىپتۇ، تۆت قەۋەتلىك ھۆكۈمەت بىناسى، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئاران بىر قېتىم كىنو قويالايدىغان كاتتا كۇلۇپ، ناھىيىدىكى خىلمۇ خىل يىغىنلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ياتاقلىرى بوش-بىكار تۇرىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانا 18 يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى. لېكىن 18 يىل ئاز ۋاقىت ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېڭىلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئاران بىر نەچچە يىللىق تارىخقىلا ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ھېلىقى ماگىزىن ھېلىمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ سېمونت لايىنى قىرىپ چىقىرىش يولى بىلەن ياسالغان يېڭى يېزىقچە ۋېۋىسكىسى قارىداپ كىرلەشكەن ھالدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. يول ياقىسىدىكى كىچىك-كىچىك ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە «تور پاختا ياسايمىز»، «ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىمىز» دېگەن خەتلەر قىزىل رەڭ بىلەن ئەگرى-بوگرى قىلىپ يېزىپ قويۇلغان. بۇ ئىككى ھۈنەر دەسمايىسى ئاز، ئۆگىنىش ئاسان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى كىشىلەر شۇغۇللىنىشنى خالىمامدۇ ياكى دىتى يوقمۇ بىلمىدىم، ھۈنەر ئىگىلىرىنىڭ تەقى-تۇرقىدىن يەرلىك ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئاجايىپ راۋاجلىنىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى شۇنداق بولۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈنمۇ، ها-

زىر جاي-جايلاردا مېھمانخانا سېلىش مودا بولۇپ قالغان. كېلىپ-كېتىدىغانلارنىڭ تايىنى يوقلۇقىغا باقماي، بۇ يۇرتمۇ مودىدىن خالى ئەمەس ئىدى. گەرچە ھېلىقى مېھمانخانىدىن باشقا يېڭىسى سېلىنمىغان بولسىمۇ، پالانى ئىدارىنىڭ مېھمان كۈتۈشى، پالانى مەسچىتنىڭ مېھمان كۈتۈشخانىسى دېگەن ۋىۋىسكىلار كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ.

ناھىيە بازىرىدىكى يەنە بىر يېڭىلىق تۆت كوچىنىڭ تۆت دوقمۇشىغا جايلاشقان تۆت بوتكا ئىدى. بوتكىلارنىڭ خوجايىنلىرى ئايال بولۇپ، ياش-قورامى، تەقى-تۇرقى ئوخشىمىسىمۇ، خېرىدارنىڭ ئازلىقىدىن ئۆگدەپ ئولتۇرۇشى ئوخشاش ئىدى. ئوقەتنىڭ يولى ھەرقانچە ئېچىۋېتىلگەن بىلەن ئاۋاتلىق يەنىلا خېرىدارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن باغلىق ئىدى. ناھىيە بازىرىدا يەكشەنبىدىن باشقا كۈنلەردە كوچىنىڭ چۆلدەرەپ تۇرۇشى تېخى ئۆزگەرمىگەنىدى.

مەن كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپلا زېرىكىشكە باشلىدىم. ئىلگىرى كەلگىنىمدىكى ئىختىيار ئۆزۈمدە بولغاچقا ئاران ئۈچ كۈن چىداپ، تۆتىنچى كۈنى سەھەردە «خۇداغا شۈكرى» دەپ كېتىپ قالغانىدىم، لېكىن بۇ قېتىم ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن، يەنە كېلىپ بەلگىلىك مۆھلەت بىلەن كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ھەرقانچە زېرىكسەممۇ مۆھلەت توشقۇچە بۇ يەردە تۇرۇشۇم كېرەك. كۈنلىرىم تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. چۈشتىن ئىلگىرى ئىش بىلەن بولىمەن، چۈشتە ئۆزۈمنى زورلاپ ئۇخلاپ باقىمەن، لېكىن كۈن كەچ بولمايدۇ. ئاخىرى يەنە كوچىغا چىقىمەن. لېكىن ھەرقانچە ئاستا ماڭسام‌مۇ 15 مىنۇت ئىچىدە كوچىنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ قالىمەن-دە، ئارقامغا يېنىپ تۆت كوچىغا كېلىمەن. كىيىنىشىم، يالاڭئاش يۈرۈشۈم، رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋېلىشىمدىن سىرتتىن كەلگەنلىكىمنى بىلسە كېرەك، كۆرگەنلەر قىزىقسىنىش بىلەن قارىشىپ قويىدۇ. تۆت كوچىدا تۇرىمەن-تۇرىمەن، ئاخىرى بۇنىڭدىنمۇ زېرىكىپ تۆت بوتكىنىڭ ئالدىغا بىر-بىرلەپ بېرىپ ئۇنى-بۇنى كۆرۈپ باقىمەن، لېكىن مېنىڭ ئالىدىغىنىم ئۆزى زىيانلىق بولسىمۇ، ئىچ پۇشۇقىدا ھېچ نەرسىگە تېگىشكۈسىز دەرىجىدە ئەتىۋارلىق بولغان تاماكا. لېكىن بۇنىمۇ پەقەت بىر قاپ ئالىمەن. ئەتىمۇ بىر قاپ ئېلىشىم كېرەك. چۈنكى بۇمۇ بىر ئەرمەك. تۆت بوتكىنىڭ بىرىدىلا ھاراق، تاماكا سېتىلىدۇ. بۇ بوتكىنىڭ ئىگىسى ئاق سېرىق، ئۇزۇن چاچلىرىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان، شالاڭراق سارغۇچ قاشلىرىنىڭ تېگىدىكى يوغان كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىنى قورۇق بېسىشقا باشلىغان، ئۆڭگەن ئەتلەس كۆڭلىكى ئەتسىز بەدىنىگە بوش كېلىپ قالغان، 30 ياشلاردىكى ئايال ئىدى. ھەر قېتىم بوتكا ئالدىغا كەلگىنىمدە ئۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ ئىللىق چىراي بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ سالام قىلاتتى ۋە:

— تاماكا ئالامدىلا؟ — دەپ سورايتتى. ئاندىن مەن ھەر كۈنى ئېلىۋاتقان تاماكىدىن بىر قاپنى ئېلىپ پوكەيگە ئاۋايلاپ قوياتتى.

ئارىدىن تۆت-بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا بىر نېمە دېگۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

uyghurkitap.com

مەن قانداقتۇر يامان ئىشلارنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ سەگەكلەشتىم، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇياتچانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاخىرى بىر كۈن ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— سىلى ئاپتونوم رايوندىن كەلدىلىمۇ؟ — دەپ سوردى ئۇ قورۇنغان هالدا.

— هەئە.

— خىزمەت بىلەنمۇ؟

— شۇنداق.

— هاكىم بىلەن كۆرۈشتىلىمۇ؟

— ياق تېخى، ئۇ سىرتقا كېتىپ قاپتۇ، ئەتە-ئۆگۈن قايتىپ كەلگۇدەك.

— هاكىم كەلگۈچە تۇرامدىلا؟

— هەئە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەي دېۋىدىم.

ئۇ جىمىپ قالدى. مەن بۈگۈنكى پاراڭ تۈگىدى بولغاي، دەپ ئويلاپ كېتىشكە تەمشەلگىنىمدە، ئۇ:

— ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرى ئاغرىپ قالغاندۇ، ئولتۇرۇۋالسىلا، — دېدى قورۇنغان هالدا بوتكا ئىچىدىكى ئورۇندۇقنى سۇنۇپ.

— ۋاي بولدى، ئاۋارە بولماڭ، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئورۇندۇقنى ئالدىم ۋە بوتكا يېنىغا قويۇپ ئولتۇردۇم.

— هاكىمنىڭ يوقلۇقىدا چاتاق بوپتۇ-دە، — ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى، — بىزنىڭ هاكىم ئوبدان ئادەم، ئابرويىمۇ بار. ئۇ كىشى ئىشتىمۇ بار، ئويۇندىمۇ بار. ئۆزى بار بولغان بولسا سىلىنى زېرىكتۈرمەيتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدۇم مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي.

ئۇ يەنە جىمىپ قالدى. ئۇ مېنىڭدىن بىر مۇنچە سوئاللارنى سوردى، مەنمۇ شۇنداق قىلمىسام ئەدەپسىزلىك بولار دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ بىر-ئىككى شورىۋالدىم، ئاندىن ئايالنىڭ چىرايىغا قارىدىم:

— بۇ بوتكىنى ئاچقىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

— يېرىم يىل بولۇپ قالدى، — ئۇ بوتكىنىڭ پوكىيىگە يۆلىنىپ جاۋاب بەردى.

— شەخسىيمۇ؟

— ياقەي، يېمەكلىك شىركىتىدىن كۆتۈرىگە ئالغان.

— هە، شۇنداق دېسىلە، كىرىم قانداقراق؟

— نېمە دېسەم بولار، — دېدى ئايال سەل تۇرۇۋېلىپ، — ئاددىيراق ئېيتسام، 100 كويلۇق سودا قىلسام ماڭا ئۈچ يېرىم كوي قالىدۇ.

مەن هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم.

— ئۈچ يېرىم كوي؟ — دەپ تەكرارلىدىم ئويچان قىياپەتتە، — ئايلىق سودىلىرى خېلى ئوبداندۇ؟

ئايال ئاچچىق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

— بىرنەچچە كۈندىن بېرى بازارنىڭ ئەهۋالىنى ئۆزلىرى كۆردىلە، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىز دۆپپىچىلىكلا بىر يەر، يەكشەنبە كۈندىن باشقا كۈنلىرى بازار بولمايدۇ. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە دۇكاننى ئاچسام، كەچ سائەت ئوندا — خەقلەر كىنودىن تارقىغاندا تاقايمەن. لېكىن

خەقلەرنىڭ بالىلىرىغا بىرموچەنلىك كەمپە-پۇت ئېلىپ بېرىشى، بىرتى-يېرىم ئادەمنىڭ بىرەر قاپ تاماكا ياكى بىرەر شىشە هاراق ئېلىشى بىلەن غەللىگە قانچىلىك بىر نەرسە چۈشىدۇ دەيدىلا. ھەر ئايدىكى تۆت بازار كۈنى ئىش يامان ئەمەس. ناھىيىمىزنىڭ چۆلىدە بىر گېئولوگىيە ئەترىتى ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلار ھەپتە-ئون كۈندە بىرەر قېتىم كېلىپ بىر يەشىكتىن ھاراق، يەنە تاماكا، كەمپۈت، پېچىنە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە قونۇپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى يەرلەردە بولسا يەنە باشقىچە گەپ ئىكەن. ئۆتكەن يىلى ئۇشقان يوقلاپ بارغانىدىم، بۇنىڭدەك بوتكىلارنىڭ ئالدىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيدىكەن.

مەن ئۇنىڭدەك بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن ھەمۇ نېمە دېيىشىم مۇمكىن، مەن بۇ يەردە ئولتۇرغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، لېكىن بىرەر خېرىدار كەلگىنى يوق.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ ئىشتىنمۇ قۇتۇلارمەن، — دېدى ئايال ئۇھ تارتىپ قويۇپ.

— بۇ ئىش بىلەن تازا خۇشىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن قىزىقسىنىپ، — كۆتۈرە ئالمىسىڭىزلا بولمامدىمۇ؟

ئايال ئاچچىق كۈلدى.

— ھازىرچە بۇ ئىشنى قىلمىسام نېمە ئىش قىلىمەن؟ بۇمۇ ئامالسىزلىقتىن دېسىلە.

— ھازىرچە دېگىنىڭىزدىن قارىغاندا ئۆيدىنراق بىر ئىشنى ئويلىشىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ نېمە ئىش قىلغۇڭىز بار ئىدى؟

ئايال ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئايدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— كادىر بولغۇم بار! — دەۋەتتى.

مەن ھەيران بولغانلىقىمنى يوشۇرالماي ئۇنىڭغا قارىدىم ۋە ئۇنىڭ قىزارغان چىرايىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم.

— بۇ گېپىم ئۈچۈن مېنى ئىچىلىرىدە زاڭلىق قىلىۋاتقانلا-ھە؟ — دېدى ئايال سەل جۈرئەتلىنىپ، — بىز تومپاي خەقلەر، گەپنى ئۇدۇللا قىلىمىز. نەچچە كۈندىن بېرى سىلىنى كۆرۈپ، كاتتا يەردىن كەلگەن بولسىمۇ چىرايىدىن چوڭچىلىقى يوق، ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاپتونوم رايوندىن كەلگەنلەرنى چوقۇم ھاكىم بىلەن كۆرۈشىدۇ، مۇشۇ ئادەم مەندەك بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىپ ھاكىمغا مېنىڭ كادىرلىقىم توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا ئىشىم ھەل بولۇپ كېتەتتى دەپ قالدىم.

ساددە ئايالنىڭ گەپلىرىگە كۈلگۈم كەلدى. لېكىن ئۇنى خىجىل قىلىپ قويماي دەپ، جىددىي قىياپەتتە سۆزلىدىم:

— كادىر بولۇشنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى قانچىلىككىن؟ ئۇلارنىڭ تاپىدىغىنىمۇ ھەر قايسىلىرىڭىزنىڭكىدىن ئارتۇق ئەمەسقۇ.

ئايال مېنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلى ئەركىن ھېس قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دۇدۇقلىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلى كادىر بولغاچقا شۇنداق دەۋاتىدىغاندىلا؟ كادىر بولۇشنى ئارزۇلىمايدىغان كىم بار؟ بۇ يەردىكى كىشىلەر بالىلىرى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ھامان ماغدۇرى بارلىرى ئۈرۈمچىگە چىق-

www.uyghurkitap.com

پىنپ يول ئىزدەيدۇ، كەم ماغدۇرلىرى
ئۇرۇمچىدە تۇغقىنى بارمۇ، تونۇشى بار-
مۇ، سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ، باللىرى ئۇ-
چۇن مىڭىپ قويۇشنى ئۇتۇنىدۇ (بەلكىم
باشتا يەرلەردىمۇ شۇنداقتۇر). بىرەرسىنىڭ
بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسا،
ئۇلار ئۇچۇن كاتتا توي بولىدۇ. بۇ نىمە
ئۇچۇن؟ شۇ بالىنىڭ كېيىن كادىر بو-
لىدىغانلىقى ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ كادىرنىڭ
تاپقىنى تايىنلىق دەيدىلا، ئۇمۇ راست، لې-
كىن ماڭا ھېچنىمە بەرمىسىمۇ كادىرلىقنىلا
بەرسە رازى بولۇپ كېتەتتىم.
مەن كۈلۈپ قويدۇم.
ـ سىلىدەك كادىرلار مېنىڭ گېپىم-
گە كۈلىدۇ. بۇ يەردىكى تونۇش ـ بىلىش-
لەرمۇ مېنى زاڭلىق قىلىشىدۇ. لېكىن مەن
بۇ ئارزۇيۇمدىن يانمايمەن. ئارزۇيۇمغا
يېتەلمىسەم كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ!
نېرۇدىسى سەل چاتاقراقمۇ نىمە؟
دەپ ئويلاپ قالدىم مەن بۇ ئايالنىڭ
گەپلىرىنى ئاڭلاپ.
ـ كاللىسىدا سۆيى بارمۇ نىمە دەپ
قالدىلىغۇ دەيمەن،ـ ئايالنىڭ سەزگۈرلۈك
بىلەن قىلغان بۇ سۆزى مېنى خىجىل
قىلىپ قويدى،ـ بەزىلەر مۇشۇنداق ئوي-
لايدۇ. بۇنداق دىسەم، بۇ گەپنى كىمگىلا
بولسا دەپ يۈرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ
قالمىسىلا، بايا دىدىم، سىلى ئاق كۆڭۈل
ئادەمدەك تۇرىدىلا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپ-
تونوم رايوندىن كەلگەن كىشى ئىكەنلا،
شۇڭا دەردىمنى ئېيتىپ باقسام دىۋىدىم.
دۇنيادا دەردى بار كىشىلەر ئازمۇ؟
ئۇلار يىغانى ئۆرلەپ قالغاندا بىرەر كىم-
گە ھال ئېيتىپ، قورسىقىنى بوشىتىشنى
ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىنى ئاڭ-
لاش، دەردىگە يېتىش قولىدىن كەلمىسىمۇ
ئىككى ئېغىز تەسەللىي ئېيتىش ئادىمەت-
چىلىكتە بىر ئوبدان خىسلەت.
ـ بايا كۆلگىنىمگە رەنجىمەڭ،ـ دې-
دىم مەن ئەپۇ سوراش تەلەپپۇزىدا،ـ دەر-
دىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ھەل قىلىش قو-
لۇمدىن كەلمىسىمۇ، بىرەر مەسلىھەت بې-
رەرمەن.
ئايالنىڭ كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق
ئالامىتى پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا بۇ ئا-
لامەت غايىب بولۇپ، چىرايى ھەسرەتلىك
تۈس ئالدى.
ـ ھەي، قىلاي دىسەم گەپ تو-
لا،ـ دىدى ئۇ خورسىنىپ قويۇپ،ـ مې-
نىڭ مەلۇماتىممۇ يامان ئەمەس، تولۇق
ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. ئوقۇشنى ئوبدان
ئوقۇۋىدىم، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام، كا-
دىر بولسام دەپ ئارزۇ قىلىۋىدىم. بىراق
تەلىيىم تەتۈر كەلدى، نىمە بولغىنىنى
بىلمەيمەن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم.
نەچچە كۈنلەرگىچە يىغلاپ، قاپاقلىرىم
مۇشتەك ئىششىپ كەتتى. ئاپام كۆڭلۈم-
نى ياسايدۇ، يىغىدىن توختىمايمەن.
دادام: «بالام، بولدى قىل، مەنمۇ ياش-
نىپ قالدىم، پېنسىيىگە چىقسام، ئورنۇمدا
ئىشلەرسەن» دەپ باقىدۇ، تېخىمۇ يىغلاپ
كېتىمەن. دادام سەتىراش، ئۇنىڭ بۇ گې-
پىچە مەن سەتىراشلىق قىلارمىشمەن،ـ ئا-
يالنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ بىر-
دەم توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى،ـ يىغلاۋەرگەن بىلەن ياشمۇ توشۇ-
مايدىكەن. ئاخىرى يىغىدىن توختىدىم.
قانداق قىلاي، ئالىي مەكتەپكە بارالمى-
غان يالغۇز مەنلىمۇ؟ دىدىم، ئۆي ئىش-
لىرىنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلى-

تۇنجى خېتى كەلدى، مەن ئۇنىڭ كۆڭ-
لىدىكىدەك جاۋاب خەت يازدىم. شۇنىڭ-
دىن كېيىن بىزنىڭ خەت ئالاقىمىز ئۈ-
زۈلمىدى. لېكىن شۇ كۈنلەردىمۇ ئۆزۈم-
نىڭ تەلەيسىزلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم.
پەقەت ئۇنىڭ خەتلىرىلا ماڭا سەل ئارام
بېرەتتى. ئۇ ھەممىنى يازاتتى، ئۆزىنىڭ
ئۆگىنىش، مەشق ئەھۋالىنى، خىزمەت
كۆرسەتكەنلىكىنى ۋە باشقىلارنى يازاتتى.
مەن نېمىنى يازىمەن؟ كۈندە قىلىدىغى-
نىم ئۆينى سۈپۈرۈش، تاماق ئېتىش،
كىر يۇيۇشتىن ئىبارەت. شۇنداق بولسى-
مۇ ھەر بىر پارچە خېتىمنى ئۈچ بەت-
تىن كەم يازمايتتىم.

بىر كۈنى دادام پېنسىيە ئىلتىماسى
يېزىپ بېرىشىمنى ئېيتىۋىدى، مېنىڭ
جۇدۇنۇم ئۆرلىدى، سەن راستىنلا مېنى
ئورنىڭغا كىرگۈزەي دەۋاتامسەن؟ مەن
ئاشۇ ئىشنى قىلامدىمەن؟ ياق، ئۆلسەم-
مۇ قىلمايمەن. مەن سەتىراشنىڭ بالىسى
بولغىنىم ئۈچۈن سەتىراشلا بولۇشۇم كېرەك-
مۇ؟ كادىر بولسام بولمامدىكەن! سەن
شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىشلەپ باشلىقلار-
نىڭمۇ چېچىنى ياساپ، ساقال-بۇرۇتىنى ئې-
لىپ، ئۇلارنى رازى قىلغانىغۇ، شۇلارغا دەپ باق-
ساڭ، مېنى تۈزۈكرەك يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويسا بولمامدىكەن، دېدىم. دادام بېشىنى
بىچارىلەرچە تۆۋەن سېلىپ جىمىپ قالدى.
سەتىراش ئىشتىياق بىلەن ئۇۋۇلاپ، ئۇس-
تىرىنى ئىتتىك بىلەپ كاپىلغۇچقا پات-
پات كاپلاپ ساقال-بۇرۇتنى ئالغاندا،
باشلىقلار ھوزۇرلىنىپ ئۈگدەپ قالغىنى
بىلەن سەتىراشنىڭ ئېيتقان دەردى ئۇلار-
غا خۇشياقمايدىكەن، مەكتەپتە مېنىڭدىن
ناچار ئوقۇغان بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرىم
دىدىم، قوشنىمىزنىڭ مېنىڭدىن بىر يىل
بۇرۇن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھاندىن
ئۆتەلمەي قالغان بىر ئوغلى بار ئىدى.
كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان
بولساقمۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن تۈزۈك-
رەك پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدۇق.
ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن،
مەن: «ھەي دوست، بۇ ھالىڭغا باللۇرراقلا
ئوقۇشتىن توختاپ قالساڭچۇ!» دەپ
كۆڭلۈمدە زاڭلىق قىلىپ يۈرگەنىدىم.
ئاخىرى مېنىڭمۇ ئۇنىڭدىن پەرقىم بول-
مىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىككى «دوست»
يەنە پاراڭلىشىدىغان، بىر بىرىمىزگە
دەرد ئېيتىدىغان، تەسەللى بېرىشىدى-
غان بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۆزى قارا-
مۇتۇق، تەتۈر ئۇستىخان بولسىمۇ، گەپ-
سۆزلىرى جايىدا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا
كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىشتىن تار-
تىنمايتتىم، كېيىنكى يىلى ئەمتىيازدا ئۇ-
نىڭغا ئامەت كېلىپ قالدى، ئۇ ھەربىي-
لىككە قوبۇل قىلىندى. ئۇ خۇشال ئىدى.
مەنمۇ خۇشال ئىدىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ
بىر يېرى غەلىتە بولۇپ، نەچچە كۈنگى-
چە ئىچىمنى تىڭشاپ يۈردۈم. ئاخىرى
ئۇنى ئۇزىتىپ قويدۇق. ماڭار چاغدا ئۇ
ماڭا بىر خىل نەزەرى بىلەن قارىۋىدى،
ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ، كۆزلىرىم
ياشقا تولدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىش ئال-
دىدا قولۇمغا بىر پارچە قاتلاقلىق قە-
غەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئۆيگە كېلىپ قەغەزنى ئېچىپ كۆز
يۈگۈرتتۈم-دە: ۋاي دوست، مېنى قىيى-
نغىچە كۆڭلۈڭدىكىنى باللۇرراق ئېيتساڭ
بولماسمىدى، دەپ يىغلىدىم... بىرمۇنچە
كۈنلەر تەقەززا قىلىپ ئاخىرى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



باشلىقنىڭ بالىسى، باشلىقنىڭ ئوغلىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، يا مۇئەللىم، يا بىرەر ئىدارىنىڭ خىزمەتچىسى، ئىشلەپ كادىر بولۇۋېلىشتى، مەن سەتىراشنىڭ بالىسى بولغاچقا يەنە ئۆيدە قالدىم. سەتىراشنىڭ بالىسى بولۇپ قالغىنىمغا دىلىڭ پۇشايمان قىلدىم. لېكىن پۇشايماننىڭ نېمە پايدىسى؟ دادامدىن تېنىپ كېتەلەمدىمەن؟ ياق! مەن بەرىبىر سەتىراشنىڭ قىزى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن مۇشۇ پېتى بىر ئۆمۈر كېتەلەيمەنمۇ؟ ئۇ ھەربىي سەپتىن قايتىپ كەلسە، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالساق، مەن ئائىلە ئايالى بولۇپ ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىقىمنى ئارتىمەنمۇ؟ ئاخىرى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە خەت يازدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ خېتى كەلدى. ئۇ خېتىدە ئۇلۇغ - ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلىپ، مېنى دادامنىڭ دېگىنىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەپتۇ. بۇ ئىشقا كۆڭلۈم تارتمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ گەپلىرىدىن روھىم سەل كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، دادامنىڭ ئورنىدا سەتىراشلىق قىلىشقا باشلىدىم.

— ئايال گەپتىن توختاپ ئارىسالدا بولغان ھالدا:

— ۋاقىتلىداپلا كەتتىم، زېرىكتۈرۈپ قويدۇمغۇ دەيمەن، — دېدى خىجىل بولۇپ.

— ياقەي، سۆزلەۋېرىڭ، قىزىقىپ ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدىم مەن تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، مەن راستىنلا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قىزىقىپ قالغانىدىم.

— سەتىراش دېگەنگۇ ھەر ئىسكەتسىز ئادەملەرگە ئىسكەت كىرگۈزۈپ قويىدىكەن. لېكىن كىشىلەر سەتىراشنى ئادەم قاتاردا كۆرۈپ كەتمەيدىكەن، — ئايال زەردە بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھېلىقى ساۋاقداشلىرىم بىلەن بەكتەپتە ئوبدان ئۆتۈشكەن. لېكىن ئۇلار كادىر، مەن سەتىراش بولغاندىن كېيىن ئىش باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇچرىشىپ قالسا، بېشىنىڭ كىچىككىنە لىڭشىشىنىمۇ مېنىڭدىن ئايىاشتى. توي قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئەرلىرى سەتىراشخانىغا كەلسە، گويا مەن ئۇلارنىڭ بىر يېرىنى كېسىۋالىدىغاندەكلا ئۇلار بىلەن تەڭ كېلىپ قادىلىپ ئولتۇرۇشىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ مېھماندارچىلىقلىرىمۇ ئۆزلىرى بىلەن... شۇ ئىشلارنى كۆرۈپ يەنە كادىر بولغۇم كەلدى. مېنىڭ ئۇلاردىن قالغۇدەك نەرىم بار؟ ئۇلار دەندىن ئەقىللىقمۇ؟ ئۇلار مېنىڭدىن ياخشى ئوقۇغانمىكەن، — ئايالنىڭ ئاۋازى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويدى، — ھەي، دېھقان بولسەن دەپ دېھقان بولغىلى بولىدىكەن، لېكىن كادىر بولىمەن دەپلا كادىر بولۇۋالغىلى بولمايدىكەن.

— كادىرلىقتا ئىمتىھان ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرىدىغۇ، — دەپ سۆز قىستۇردۇم مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي.

— شۇنداق قىلىدىكەن، — دېدى ئايال ئوڭايسىزلىنىپ.

— سىزمۇ ئىمتىھان بېرىپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— بەردىم، خېلى ئوبدان جاۋاب بەرگەندەك قىلىۋىدىم، ئۆتەلمىدىڭ دېيىشتى. تېگىدىكى ئىشنى كىم بىلىدۇ دەيدىلا. باشقىلارنىڭ بالىلىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۆتەلمىگەنلىرى، كا-

دىر بولالمىغانلىرىمۇ بار، بۇنى دېمىسەم
بولماس. ئەمما كادىر بولغانلىرىنىڭ
ھالىنى كۆرسەملا چېچىلىپ قالىمەن. ئا-
دەمنىڭ بېشىغا كەلگۈلۈك كېلىۋەرسە،
ھەسەتخور بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.
ئۇلارنى كۆرسەملا جېنىم ئۇتۇپ قالىدۇ.
بولدىلا، خەقنى غاجاۋەرمەي، ئۆزۈمنىڭ
گېپىنى قىلاي. لېۋىمنى چىشلەپ ئىككى
يىلدىن ئارتۇق ئىشلىۋىدىم، ئۇمۇ قايتىپ
كەلدى. ئەمدى بىزنىڭ بىللە بولىدىغان
كۈنلىرىمىز يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ بۇرۇن-
قىدىن يوغىنىغان، سەمرىپ ئاقىرىپ قال-
غان، ئۆزىگە خېلى سالاپەت قونۇپ قال-
غان بولسىمۇ، ماڭا بولغان مۇئامىلىسى
يازغان خەتلىرىدىكىدەكلا قىزغىن ئىدى.
بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىل-
دىم. ئۇ ئىش كۈتۈپ بىرنەچچە ۋاقىت
تۇرۇپ قالدى. بۇ كۈنلەر مېنىڭ ئۈچۈن
ئازابلىق كۈنلەر بولدى. مەن ئۇنىڭ
كادىر بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم، لېكىن ئۇ-
نىڭ كادىر بولۇشىدىن قورقتۇم. ئەگەر
ئۇ كادىر بولسا، ھېلىقى ساۋاقداشلىرىم-
دەك مەندىن چانسا، بۇ كۈنلەرنى كۆر-
گىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ! بۇ-
نىڭدىن كۆرە، ئۇ دېھقان بولسا، مەن
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم مۇمكىن،
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالمىسام، قالغان
ئىشلارغا چىداپ كېتەرمەن دەپ ئويلى-
دىم. لېكىن، بۇ ئويلىرىمنى ئۇنىڭغا
ئېيتمىدىم، ئېيتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمى-
دىم. ئاخىر مەن قورققان كۈن يېتىپ
كەلدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ كادىرلىق-
قا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىپ كەل-
دى. مەن يىغلىۋەتتىم. ئۇ ھەيران بول-
دى، نېمە بولغىنىمنى سورىدى. مەن
كۆڭلۈمدىكىنى يىغلاپ تۇرۇپ تۆكۈۋەت-
تىم. ئۇ كۈلۈپ كەتتى، مېنى نېمىدې-
گەن ساددا سەن دەپ زاڭلىق قىلدى،
مېنىڭ كۆڭلۈمنى شۇنچىلىك پەس چاغ-
لىدىڭمۇ دەپ رەنجىدى. مەن ئەمدى
خۇشاللىقىمدىن تېخىمۇ يىغلاپ كەت-
تىم،— ئايال سۆزىدىن توختاپ قالدى،
ئۇ ئاشۇ چاغدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۆرۈنۈش-
نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسا كېرەك،
چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى،— ئۇ دېگىنىدىن
يانمىدى، ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتكەندىن
كېيىن بىز توي قىلدۇق. بۇ چاغدا مەن
كەسپىمدىن ئانچە نومۇس قىلمايدىغان،
كادىر بولۇش ھەققىدە كۆپ ئويلىمايدى-
غان بولۇپ قالغانىدىم. لېكىن مەن كا-
دىرغا تېگىپمۇ يەنە ھېلىقى كۆڭۈلسىز
مۇئامىلىلەردىن قۇتۇلالمىدىم. ئېرىم كا-
دىر بولغاندىكىن، ھېلىقى ساۋاقداشلىرىم
بىزنىمۇ ئۆزىنىڭ قاتارىغا قوشۇپ مې-
ھماندارچىلىقلىرىغا چاقىرىدىغان بولدى.
لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر نەرسىنى
سېزىپ قالدىم: ئۇلارنىڭ چاقىرغىنى مەن
ئەمەس، كادىر ئېرىم ئىكەن. ماڭا بولسا
ئۇلار ئېپىنى تاپسىلا ياپتى گەپلەرنى قى-
لىپ سانجىۋالاتتى، ئۇلارنىڭ پىچىرلى-
شىشلىرى ئارىسىدا مېنىڭ ئىسمىم قۇلى-
قىمغا كىرىپ قالاتتى. مەن ئاچچىقتىن يې-
رىلغۇدەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى
يۇلۇپ - يۇلۇۋالغۇم، يۈزلىرىگە تۈكۈرگۈم،
جاھاندىكى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن ئۇ-
لارنى تىللاپ - تىللىۋالغۇم كەلدى. لېكىن
مەن ئۇنداق قىلالمىدىم، ئېرىمنى ئايى-
دىم. شۇنداقتىمۇ، مەن يەنە، كادىر بو-
لىمەن دېگەن خىيالغا كەلدىم. مەن ئې-
رىمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا باشلىدىم.

uyghurkitap.com

ئۇ دەسلەپتە: «قويساڭچۇ، مەن سىڭىنىڭ ئەشىڭدىن چانىمىغانىدىكىن، نېمە قىلىسەن بۇنچە كۆچەپ!» دېدى. بۇ گەپ ماڭا كار قىلالدىتى. ئاخىرى ئۇ-مۇ بۇ ھەقتە ئويلايدىغان بولدى. لېكىن ئويلىغان بىلەنلا ئىش پۈتەمدۇ؟ ئۇ ئانچە-مۇنچە يول ماڭدى، نەتىجىسى بولمىدى. كېچىككىنە بۇ يۇرتقا قانچىلىك كادىر لازىم دېسىلە. بىر قېتىم ئېرىم ۋىلايەتكە يىغىنغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا مۇنداق بىر گەپنى قىلدى: ئۇ يىغىندا باشقا بىر ناھىيىدىن كەلگەن بىر-ئىككى باشلىق بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. گەپتىن گەپ چىقىپ، ئېرىم بەزى ئەھۋاللارنى دېگەن ئوخشايدۇ، ئۇلار ئەگەر سەن بىزگە كەلسەڭ، ئايالىڭنىمۇ بىر ئامال قىلغىلى بولىدۇ دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ ناھىيە ۋىلايەت بويىچىلا ئەمەس، شىنجاڭ بويىچىمۇ چەت ناھىيە، قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز، بارسا كەلمەس دېگەندەكلا بىر جاي دەپ ئاڭلىغانىدىم. كېيىن يۇرتىمىزنى توختىتىپ ئويلاپ باقسام، ھېلىقىلارنىڭ مۇئامىلىسى ئالدىدا بۇ چەت يەرگە بېرىشىمۇ ھېچگەپ ئەمەسكەن، قانداقلا بولمىسۇن كادىر بولىدىكەنمەنغۇ؟ مېنىڭ كۆزۈمگە يۇرتۇممۇ، ئاتا-ئانامۇ كۆرۈنمىدى، مەن ئېرىمغا بارايلى، دېدىم. ئۇ ئىچارىمۇ مېنىڭ رايىمغا باقتى. بىر مەزگىل يول ماڭغاندىن كېيىن ئېرىمنىڭ يۆتكىلىش ئىشى ھەل بولدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بارغاندىن كېيىن نەچچە ئاي ئىچىدە مېنىڭ ئىشىممۇ بىر تەرەپ بولىدىغان بولدى. مەن خۇشال ئىدىم. كادىر بولۇش ئۈچۈن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارغۇدەك دېگەن مەسخىرىلەرمۇ كەيپىمنى بۇزالمىدى. مېنى كۆرەلمەي شۇنداق دەۋاتىسىلەرغۇ دەپ ئۇنداق كىشىلەردىن كۈلدۈم. بىراق مەن ئېرىم بىلەن بىللە كېتەلمىدىم. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېرىم كەتتى. مەن قالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي بەڭگىدىم. تۇغۇتتىن كېيىن سالامەتلىكىم تازا ياخشى بولالمىدى. ئوغلۇممۇ ئاجىزراق تۇغۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياققا بېرىش ئىشىممۇ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتتى. ئاخىرى «كېيىن قالغاننى قۇم باسار» دېگەندەكلا بىر ئىش بولدى.

ئايال سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى مېنى قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ قاراپ قويدۇم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان بولۇپ، كۆزىنى يۇمسىلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئايال مېنىڭ تاماكامدىن چىققان ئىسقا قاراپ قويۇپ يەنە سۆزگە كىرىشتى:

— ئېرىم ئۇياققا كېتىپ ئوبدان ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم كېلىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئوبدانراق ئارام ئېلىشىمنى، بالىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن بارساممۇ بولىدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئىشىمىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تەسەللىي بەردى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا كۆيۈمچان ئىدى. مەن خاتىرجەم بولدۇم. ئۇ يەنە كەتتى. ئاردىن يېرىم يىل ئۆتكەندە ئۇنىڭ باشقا خەتلىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتنى ئوقۇپ جايىمدىلا يىقىلىپ قاپتىمەن. نا-

هايىتى ئۈزۈن ۋاقىــتتا ئىســمگه كەلـ
ىدىم،ــ ئايالنىڭ ئاۋازى سـەل بوغـۇلۇپ
قالدى،ــ هەي، مەن تازا شور پـېشانـە
ئىكەنىمەن! ئىردىم ئىش تىرىپ قويـۇپتۇ
ئەمەسمۇ، ئۇ خېتىدە يېزىشىچە، شۇ يەر-
دە بىر قىز بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ
يۈرۈپ كۆڭۈلنىڭ كەيىنگە كىرىپ كېـ
تىپتۇ. ئۇ ئالۋاستىنىڭ بويىدا قالغانـ
ىمىش، ئالىيسا ئۇ داۋا قىلىپ ئىردىمنىڭ
كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەرمىش... ئىردىم مېـ
نىڭدىن، ئۆز گۇناھىنى كېچىرىشىنى ۋاـ
قىتلىق بولسىمۇ ئاجرىشىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.
بىرەر يىلدىن كېيىن چوقۇم ھېلىقى ئالـ
ۋاستىدىن ئاجرىشىپ، مېنىڭ بىلەن بىلـ
لە بولىدىغانلىقى، ئۆز يېنىغا يۆتكەپ
ئاپىرىدىغانلىقى توغـرىسىدا ۋەدە
بېرىپتۇ.

دەسلىپىدە مەن ئىردىمنىڭ، ئۆزىنى
باشقۇرالمىغان ئاشۇ ۋاپاسىز ئىردىمنىڭ
تەلىپىنى رەت قىلىماقچى، ئۇنى باردىـ
غان يېرىگە تىقۇەتمەكچى بولدۇم. لېـ
كىن ئۇنىڭ داڭا بولغان ئىلگىرىكى مۇئاـ
مىلىسىنى ئويلىدىم. ئويلاپ-ئويلاپ، گۇـ
ناھ ئىردىدە ئەمەس دېگەن يەرگە كەلـ
دىم. راست ئەمەسمۇ؟ ئۇ مېنى ياخشى
كۆرگەن، كادىر بولغاندىن كېيىنمۇ مېـ
نىڭ سەتىراشلىقىمدىن چانمىغان، مېنىڭ
ئۈچۈن ئاشۇ نەس باسقان يەرگە يۆتـ
كەلگەن. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن
نەرسە، ئازماي قالامدۇ؟ ئۇ ئۆزى ئازـ
غان ئەمەس، ئۇنى ئازدۇرغان ھېلىقى
ئالۋاستى!

مەن تەقدىرگە تەن بەردىم. ئىـ
ردىمنى بالاغا تىقىپ قويۇشنى خالىمىدىم.
بەرىبىر ئاخىرى ئۇ مېنىڭ بولىدۇ، شۇ

چاغدا ھېلىقى ئالۋاستىمۇ بارمىقىنى
چىشلەپ داغدا قالىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

مەن ئاجرىشىشقا قوشۇلدۇم. ئىردىم
كېيىنكى خېتىدە، مېنىڭ بۇ مەردلىكىمـ
نى، بۇ ياخشىلىقىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايـ
دىغانلىقىنى، باشقا بىرسىگە كۆڭۈل بەرـ
مەي، توپتوغرا ئىككى يىل ساقلىشىمـ
نى، بۇ دۆلەتنىڭ توشقان ۋاقتى ئىكـ
كىمىزنىڭ قايتا قوشۇلىدىغان ۋاقتى بوـ
لىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. مەيلى دېدىم،
مەن ئۇنىڭدىن باشقا بىرسىگىمۇ بۇ
ئۆمرۈمدە كۆڭۈل بەرمەيمەن، ئىككى يىلـ
مۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئىلگىرى ئۇنى ئۈچ
يىلمۇ ساقلىغانغۇ، ھېچ بولمىسا بالامنى
يېتىملىكتىن قۇتۇلدۇرارمەن دېدىم.

ـــ ئۇ چاغدا ھېلىقى ئايالنىڭ باـ
لىسى يېتىم قالىدىغۇ،ــ دېدىم مەن بۇ
سەزگۈرەشتىلەردىن پەيدا بولۇۋاتقان ئويـ
لىرىمنى يوشۇرالماي.

ـــ بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق،ــ دېـ
دى ئايال قەتئىيلىك بىلەن،ــ بۇ جاھانـ
دا مەنلا دەرد تارتىشقا يارالغانمۇ؟
باشقىلارمۇ تارتىپ باقسۇن. كىم ئۇنى
مېنىڭ ئىردىمنى ئازدۇرسۇن دەپتىكەن!
ئەگەر ئۇ ئالۋاستى بالىسىنى تاشلاپ
بەرسە، ئۇمۇ ئىردىمنىڭ بالىسى بولغاندىـ
كىن ئۆز بالامدەك كۆرۈپ بېقىۋېرىمەن!

ئىككى يىل مۆھلەت ئالغان ئىرىـ
نىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئۈمىد بىلەن
ياشاۋاتقان بۇ ئايالنىڭ كەيپىنى بۇزغۇم
كەلمىدى.

ـــ ئاجرىشقىلى قانچىلىك ۋاقىت
بولدى؟ــ دەپ سورىدىم مەن گەپنى
يۆتكەپ.

ـــ بۈگۈن بىر يىل بىر ئاي 12

كۈن بولدى، — دېدى ئايال دەرھال جاۋاب بېرىپ، — يەنە ئون ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت قالدى.

سەتىراشلىقنى تاشلىۋېتىپ بۇ ئىشقا ئۆتۈپ قاپسىزغۇ؟

— بۇمۇ ئېرىمگە بولغان ئەقىدەمدىن بولدى، — دېدى ئايال قىزىرىپ كېتىپ، — مەن ھازىر بىر تۇل ئايال. تۇل ئايال دېگەن ئوت ئۈستىدىكى ئايال دېسىلە، سەتىراشلىق قىلسام، يات ئەرلەرنىڭ باش-كۆزلىرىگە قولۇم تېگىدىكەن. ئېرىمنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە بىر ئوي كېلىپ قالمىسۇن دەپ قورقتۇم. بۇ ئىش بۇرۇن ئانچىكى ئىش بولغان بىلەن ھازىر ئىنچىكە ئىش بولۇپ قالدى دېسىلە. شۇنىڭ بىلەن بۇ بوتكىنى كۆتۈرە ئېلىپ ئوقەت قىلىۋاتىمەن. ئۆيدە تىنچ ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېگىز-پەس پاراڭلىرىنىمۇ ئاڭلىماي ئىككى يىلنى ئۆتكۈزەيمۇ دېدىم، لېكىن جان باقماق لازىم ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىمنىڭ مۆھلىتى توشقاندا تۇتقان ئۆيىنى ھېلىقى ئالۋاستىغا شۇ پېتى تاشلاپ بېرىپ ئىككى قولنى سىلىپ قايتىپ چىقار، قايتا ئۆي تۇتۇشىمىز ئۈچۈن پۇل كېرەك بولار. شۇڭا تىجارىتىم تازا ئاقمىسىمۇ، قولغا كىرگىنىمنى يىغىپ تېجەپ ئۆتۈۋاتىمەن. بايا سىلىگە ھاكىمغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويارمىكىن دېدىم. بەرىبىرغۇ ئېرىم مېنى ئۇياقتا ئېلىپ كەتسە كادىرلىق ئىشىم ھەل بولىدۇ، لېكىن مۇشۇ يەردىلا ھەل بولۇپ قالسا، ئېرىممۇ قايتىپ كەلسە، دوست-دۈشمەنىنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ يۈرۈپ باقسام دەيمەن. ئۆزۈممۇ يول مېڭىپ باقتىم. لېكىن گېپىمنى ئاقۇزالمىدىم. بىزدەك تۇل خوتۇنلار يول ماڭسا بەزى ئىشلار بىتەپ بولىدىكەن.

بىر ساۋاقداشىمنىڭ دادىسى كىچىككىنە بولسىمۇ ئەمەلى بار كىشى ئىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇ مېنى، بالامنىڭ ساۋاقدىشى دەپ ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ يۈرۈۋىدى. بىر كۈنى ئىشخانىسىدا ئۇنىڭغىمۇ دەردىمنى ئېيتقان، ئەمما ئۇ ئېنىق بىر نېمە دېمىدى، بىر كۈنى كوچىدا ئۇچراپ قالدى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن: «ئىشىڭىز قانداق بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى. قانداق بولاتتى، مېنىڭ ئىشىم ھەرقايسىلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرىغا قاراشلىق، دېدىم. «مەن يول ماڭاي، قانداقلا بولمىسۇن ھەل قىلاي» دېۋىدى، بۇ ئادەمگە ئىنساپ كىرىپ قاپتۇ دەپ خۇش بولۇپ كەتتىم. كەينىدىن ئۇ: «يۈرسىلە، ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە» دېدى. مەن باشقىچە ئويدا بولماي، كېيىن بارارمەن، ئۆتكەندە ئاچىمىزنى ساقىسىز بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلەي دەپ يۈرگەنىدىم، يارىشىقىنى قىلىپ بارارمەن دېدىم. ئۇ: «ئۇمۇ ساقىيىپ بولدى، بۈگۈن ئۆيدە ھېچكىم يوق. يۈرسىلە دەيمەن» دېمەمدۇ، يۈرىكىم جىغىندە قىلىپ بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قارىسام باشقىچە بىر ئالامەتلەر پەيدا بولۇپ تۇرۇپتۇ. توۋا، ئاتا قاتارلىق بىر ئادەمنىڭ يامان نىيىتىنى كۆردىلىمۇ؟ مەن بىرنى تۈكۈرۈپ ئارقامغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدىم. شۇنىڭدىن بېرى كادىرلىق ھەققىدە بىر كىمگىمۇ تىنمىدىم. تىنىشتىنمۇ قورقۇپ قالدىم. مۆھلەت توشسۇن، بۇ ئىشنى ئېرىم ھەل قىلىدۇ، دەپ ئولتۇردۇم. بۈگۈن نېمىشقىدۇر سىلىگە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن كادىرغا دەردىمنى ئېيتقۇم

(ئاخىرى 40 - بەتتە)

ئەزىز نۇر

# ئانا سەن نەدە؟

(ھېكايە)

ئايدىڭ كېچە. شاۋقۇنلۇق دەريا مەۋج ئۇرماقتا، دەريا بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىدا، ئوت-چۆپلەر يۈزىدىكى شەبنەملەردە ئاي نۇرى يالتىرايتتى. يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى كېلەتتى.

مەن دەريا بويىدىكى يىلاندەك سوزۇلغان تارغىنە چىغىر يول بىلەن ئۆيگە كېتىۋاتىمەن. نەدىدۇر توخۇ چىللىدى. قارىغاندا تۈن نىسبى بولغان ئوخشايدۇ، شۇتاپتا ئانام تاماقنى تەق قىلىپ بىللە ئولتۇرۇپ يېيىش ئۈچۈن كۈتۈپ ئولتۇرغاندۇ ۋەياكى شىرەگە بېشىنى قويغىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ يېقىندا بولىدىغان تويىنى چۈشەۋاتامدۇ تېخى!

مەن ئۆيگە يېقىن كەلگەندىلا قورسىقىمنىڭ ئاچلىقتىن غولدۇرلاپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. تويۇمنى ئوبدانراق قىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆپرەك پۇل تاپاي دەپ ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلىگەچكە تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇغاندىم.

— ئانا، ئانا، — ئۆيگە كىرىپ ئانامنى چاقىردىم. جاۋابسىز، جىمجىت. كاڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ ياتىدىغان جايىدا سېلىپ قويۇلغان ئورۇن-كۆرپىسى تۇراتتى. مېنىڭ پات كەلمىگىنىمدىن ئەنسىرەپ مېنى ئىزدىگىلى كەتتىمىكىن؟...

مەن بىر ھازاغىچە كۈتۈپ باقتىم، لېكىن ئانامنىڭ قارىسى يوق. نەگە كەتكەندۇ؟

ئاچلىقتىن ھەپسىلەم پىر بولۇپ، قازان بېشىنى ئاختۇردۇم. كورىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىم بىلەن تەڭ پېتىر مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىغىمغا ئۇرۇلدى، ئېغىزىمغا سېرىق سۇ كەلدى. مانتا كورىدا بولغاچقا خېلى ئىسسىق تۇرۇپتۇ، لېكىن ئوچاقتىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ قاپتۇ. دېمەك، ئانامنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە خېلى ئۇزاق بولغان ئوخشايدۇ.

بىردىن ئانامنىڭ يېقىندىن بۇيان كېچىدە دەريا بويىغا تولا بارىدىغان بوپ قالغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. يۈرۈۋاتقان قىزىمنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا «ئانىگىزغا

گەپ قىلامسىز يوق؟! دادىڭىزنىڭ قىرقى نەزىرىنى بىرە-بەرمەستىن ئۇ ھەر كۈنى دەريا بويىدىكى ئورمانلىققا كېلىپ نەدىكى بىر نېمىلەر بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ يۈرۈشۈپتۇ-دەك، كۆرگەنلا خەق مېنى ئاشۇنداق بىر ئايالغا كېلىن بولۇشتىن نومۇس قىلامسىز، دېيىشىۋاتىدۇ، يا ئانىڭىزغا تۇرۇك، يا ماڭا!» دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا جاراڭلاۋاتقاندەك بولدى. بېشىم پىررىدە قېيىپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. مەن ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئانامنىڭ بۇزۇقچىلىق ئىشلىرى بىلەن ھەپلىشىۋاتقانلىقىنى خىرە-شىرە كۆرگەندەك بولدۇم. بويۇم تىكەنلەشتى.

مەن ئانامنى، ياق، ئانام ئەمەس بەلكى بۇزۇق بىر ئايالنى بېرىپ تۇتۇپ كېلىسدىن بوغۇمەن، يۈزىگە تۈكۈرىمەن....

مەن دەريا بويىغا قاراپ يۈگۈردۈم، كۆكتە تولۇن ئاي ئېسىلىپ تۇراتتى. ھەممە يەرگە نۇرىنى ئايىماي سەپمەكتە. نەمخۇش، قۇمساڭغۇ چىغىر يول. ئېنىق خاتىرىلىنىۋالغان ئىز، بۇ ئۇنىڭ ئىزى. سول پۇتىنىڭ يېرىم پالەچلىكىدىن تولغاپ دەسسەلگەن ئىزلار، گاھ چوڭ، گاھ كىچىك تاشلانغان قەدەملەر....

مەن ئاچالغا كەلگەندە «ئانا!» دەپ قاتتىق توۋلىماقچى بولدۇم، لېكىن، ئۇنى «ئانا» دېگۈم كەلمىگەچكە نىيىتىمدىن دەررۇ ۋاز كەچتىم.

ئالدىمدا دەريا، ئۈستۈمدە ئاي، يۇلتۇزلار خۇددى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆز قىسىپ جىمىرلىماقتا. تېخىمۇ ئىچىم سىقىلدى. مەن ئىزنى يۈتتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاچالغا سىنچىلاپ قارىدىم، ئاچالدا باشقا تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلغان يەنە بىر ئىز— ئەركىشىنىڭ ئاياغ ئىزى كۆرۈندى. شۇ ھامان يۈرىكىمگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك بولۇپ، مۇزدەك سوغۇق ئېقىم تومۇر-تومۇرلىرىمغا تارالدى. پۈتۈن تېنىم خۇددى يۈرىكىمدەك تىترىدى. مەن ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە ئىزلارغا ئىز قوشۇپ داۋاملىق ماڭماقتىمەن. ئىزلار، يەنىلا شۇ رەھىمسىز ئىزلار... ياندىكى قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدە ئەر-ئايالنىڭ گۇدۇڭلاشلىرى، ھەرخىل ئىڭراشلار، ناز كەرەشمىلەر... يۈرىكىم سېزىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ چوقۇم ئاشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە...

ئاھ، بۇ نېمە قىسمەت. بۇ قانداق رەزىل جاھان؟! ئۇ دادامنىڭ قازا قىلىپ كېتىشى بىلەنلا، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغىنىغا قارىماي-ھە؟! ئۇ كىمگە ئوخشاپ قالدى، مەن قانداق ئانىنىڭ بالىسى بولۇپ قالدىم، ئۇ راستىنلا ئانام، مېنىڭ ئۆز ئاناممۇ؟

بىردىن ئانامنى ئىزدەشتىن ۋاز كەچكۈم كەلدى. ئۇ نېمە بولسا بولۇۋەرسۇن، ئۇنداق رەسۋا ئايال مېنىڭ ئانام ئەمەس. مەن ھازىردىن باشلاپ ئۇنى ئانا دېمەيمەن!

مەن ھۆكرەپ يىغلىغىنىمچە دەلدەڭشىپ ئارقامغا قايتتىم... مەن ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بىراقلا سەگەكلەشتىم. ئېسىمنى يىغسام، ئۆيدىكى كاڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ يىغلاپ يېتىپتىمەن. قانداقلارچە كەلگىنىمنى ئەسلىيەلمىدىم. مەن كۆپ يىغلاپ كەتكەن بولسام كېرەك، باشلىرىم زىڭىلداپ، كۆزلىرىم ئېچىشىپ، گاللىرىم ئاغرىپ كېتىپتۇ. بەلكىم دادام

تۈگەپ كەتكەن كۈنمۇ بۇنچىلىك يىغلىمىغاندىمەن، مەن ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ئاران دېگەندە ئۆزۈمنى بىر ئاز ئۇتتۇۋالغاندەك بولدۇم. دەل شۇ چاغدا ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى-دە، ئۇ كىرىپ كەلدى.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ گېلىدىن بوغاي دەپ ئويلىدىم. بىراق، نېمىلا بولمىسۇن مېنى تۇغقان ئايال-دە! نېمە ئىلاج. دادا سىز ئۆلۈش ئالدىدا ئايالىڭىزنى بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىمىغان بولغىيىڭىز-ھە؟!

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ قوزام؟! ...

دادام ئېسىمگە كېلىپ قالغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئېيتاۋۇر، مېنى يىغا تۇتتى. مەن كاڭغا باش ئۇرغىنىمچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدىم...

بىرسى بېشىمنى سىلاۋاتقاندەك قىلدى، قارىسام ئۇ بېشىمنى سىلىغاچ بىر نەرسىلەرنى دەۋېتىپتۇ. بىراق، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم، پەقەت «نېمە بولدۇڭ، بىچارە بالام!...» دېگىنىنىلا بىلەلىدىم. قارىغاندا ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقىنىغا خېلى بولغان ئوخشايدۇ.

— تارت قولۇڭنى، — دەپ ۋارقىرىدىم ئىختىيارسىز قەھرلىك ئاۋازدا ئەسەبىيلىشىپ ۋە ئۇنىڭ قولىنى — تېخى بايىلا ئىپلاسلانغان، بۇلغانغان ناپاك قولىنى زەردە بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ، — قايسى قوللىرىڭ بىلەن مېنى تۇتۇۋاتىسەن؟!

مەن ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم. ئۇ بولسا ماڭا ياش سىرغىۋاتقان خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن باققىنىچە بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قىمىرلاتتى، بىراق گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك زۇۋان چىقىرالمىدى. ئۇ، مېنىڭ ئالدىمدا يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟!

بوز تورغايلار سايراشقا باشلىدى. سۈبھى كۆتۈرۈلگەنىدى. مەن توي قىلىدىغان قىزىمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتىم.

ئىشىكنى چەكتىم، جىم. يەنە چەكتىم، بىر ھازادىن كېيىن «كىم؟» دېگەن قوڭغۇراقتەك زىل، تونۇش ئاۋاز كەلدى. بۇ، مېنىڭ ئالماقچى بولغان قىزىم ئىدى. ئىشىك ئېچىلدى، قىز مايكىچان ھالدا ئىشىكتىن بېشىنى قىيا چىقاردى.

— ھە، نېمە بولدىڭىز، بىرسى ئازار بەردىمۇ، نېمە؟

ئۇنىڭ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئىللىق سۆزلىرى مۇزلىغان يۈرىكىمنى غىزژىدە ئېرىتتى. ئۇ، شۇ تاپتا تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. مەن ئۇنىڭ لېۋىدىن غۇنچە ئۈزۈۋالدىم. مەن ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە رازى ئىدىم. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە يوشۇرمايتتىم. لېكىن بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېيىشكە يۈزۈم چىدىمايتتى.

— ئانام بىلەن تەگىشىپ قالدۇق.

— ھىم، ئانىڭىزنى ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدىكەن، ئۆز ئانىڭىز تۇرۇقلۇق قىلچە سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلمايدۇ، — دېدى ئۇ ھەممىدىن خەۋەر تېپىپ بولغاندەك، — خەلقى ئالەم ئالدىدا بىزگە نېمە دېگەن سەتچىلىك، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق! بىلەمسىز، ئانىڭىز شۇنداق قىلىش

ئارقىلىق ئاخىر بىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىۋەتمەكچى!

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ.

ئۇ، ئەركىلەپ قوينۇمغا ئۆزىنى ئاتتى، مەن ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم...

بىرقانچە كۈنگىچە ئۆيگە بارمىدىم، ئانامۇ ئىزدىمىدى، ئۇنىڭ ئىزدىگۈدەك يۈزىمۇ قالمىغانىدى. مانا بۈگۈن كېچە يەنە ئۆزۈم ئۆيگە باردىم، ئانام يوق. بەلكىم كۆڭۈل ئاچقىلى يەنە دەريا بويىغا كېتىپ قالغان بولسا كېرەك. مەن پەرىشانلىق بىلەن كاڭغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم، چارچىغان بولسام كېرەك، ئاستا-ئاستا ئۈگدەشكە باشلىدىم... مەن دەريا بويىغا باردىم. ئورمانلىقتا ئانام كىمگىدۇر بىرسىگە ئېسىلىپ يىغلاۋېتىپتۇ. مەن ئۇ كىشىنىڭ دادام ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم، ئانام دادامغا مېنى ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى بىر قىز ئۆلتۈردى، مەن بالام ئۈچۈن چوقۇم قىساس ئالىمەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ھېچ چۈشەنمىدىم، دادام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەنغۇ؟ مەن ھايات تۇرسام، بۇ نېمە گەپ؟... مەن كۆپ ئويلاندىم، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم. شۇ چاغ دەريا بويىدا داد-پەرياد كۆتۈرۈلدى. مەن شۇ تەرەپكە شامالدەكلا تېز يېتىپ باردىم. بۇ يەردە ئانام بىر قىزنى تۇتۇۋېلىپ، كىيىم-كېچىكىنى، ئاندىن كۆكرەك قەپىسىنى قولى بىلەن پارە-پارە قىلىپ يىرتىۋاتقانىكەن. بۇ قىز مېنىڭ يۈرگەن قىزىم، مېنىڭ ھاياتىم ئىدى! ئانام تەمتىرىمەي قىزنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالدى-دە، دەرياغا تاشلىۋەتتى. يۈرەك خۇددى تاشقا ئوخشاش سۇدا چولتۇككىدە چۈشۈش بىلەن چۆكۈپ كەتتى. قىز، ئۆز يۈرىكىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىرغىنىچە ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. مەنمۇ قىزنىڭ كەينىدىنلا ئۆزۈمنى دەرياغا ئاتتىم... كۆزۈمنى ئاچسام، ئورنۇمدا يېتىپتىمەن. مەن باياتىن بىرى چۈش كۆردۈمۇ ياكى چۈشسىمان خىياللارنى قىلدىممۇ، بىلمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ دەرھال دەريا بويىغا بېرىپ باققۇم كەلدى. مەن شۇ ياققا يول ئالدىم.

قاراڭغۇ كېچە. دەريا بويلىرى، ئورمانلىق سۈرلۈك، ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. قاراڭغۇلۇقتا ئاجىز بىرگەۋدە مۈكچەيگىنىچە يولۇمنى كېسىپ ئۆتۈپ غايىب بولدى، ئۇنى كىمگىدۇر ئوخشاتقۇم كەلدى، بىراق ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇيالمىدىم.

مېنى تىترەك باستى. ئەتراپ تىمتاس، پەقەت ئورمانلىقنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان پىچىرلىشىشلار، نازلىق كۈلكىلەرلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئىچىم سىقىلدى، رەللە بولدۇم.

مەن ئەقلى-ھوشۇمنى يوقاتقان ئادەمدەك خاراموش ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

ئىشىك ھاڭغىرقاي ئېچىلغان، ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ. بوسۇغىدا سىزىۋۇق، شىلىمشىق بىر نەرسە پۇتۇمغا چاپلاشقاندەك قىلدى، سەرەڭگە يېقىپ قارىسام، قان ئىكەن. مەن ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم. بۇ كىمنىڭ قېنى، نېمە ئىش بۇ؟

مەن ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياقتىم. كاڭدا — مەن ياتىدىغان ئورۇندا بىر

پارچە قان داغلىرى ئۇيۇپ كەتكەن قەغەز
تۇرۇپتۇ.

پۈچۈركىدىن تونۇدۇم، بۇ ئانامنىڭ
خېتى ئىدى. خەتتە نېمىلەر يېزىلغىنىنى
بىلگۈم كېلىپ دەرھال ئوقۇشقا باشلىدىم:

«جېنىم، يۈرەك باغرىم، مەن
كېتىپ قالدىم، كەلمەسكە كېتىپ قالدىم.
ئۆي ساڭا قالدى، ئانا - ئاناڭنىڭ چىرىغى-
نى ئۆچۈرمەي ياندۇرغىن، لېكىن، مېنى
ئىزدەپ ئاۋارە بولما، چۈنكى سەن بۇ خەت-
نى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭدا، مەن چوقۇم
داداڭنىڭ قېشىدا بولغان بولىمەن. مېنى
ھېچكىم قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ ھەم ئىككىن-
چىلەپ قايتىپ كېلىشنىمۇ خالىمايمەن.
ئەمما، كېتىش ئالدىدا بىر سىرنى ئۆزۈم
بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىشنى تېخىمۇ
خالىمايمەن. سەن ئاناڭنىڭ قەلبىنى چۈشە-
نىپ قال. مەن ھېلىقى قىزنى — مېنىڭدىن-
مۇ، ھەتتا ئۆز جېنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆرى-
دىغان قىزنى سېنىڭ ئالدىڭدا كەمسىتكەن-
لىكىم ئېسىڭدىدۇر. مەن بۇ ئارقىلىق دەس-
لەپ سېنىڭ قىزغىنلىقىڭغا سوغۇق سۇ سې-
پىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتىڭ-
دىن ياندۇرۇشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن،
نەتىجە بەرمىدى، سەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ
چىڭ يېپىشتىڭ، نەزەرىڭدە مېنى ئۆز
پەرزەنتىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆيمەيدىغان
تاش يۈرەك ئانا ھېسابلىدىڭ. دۇنيادا
ئۆز بالىسىنى، يۈرەك پارىسىنى ياخشى
كۆرمەيدىغان كىم بار دەيسەن؟ بىلسەڭ،
ھەممە ئىش سېنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز
كۆرگىنىمدىن بولدى.

سەن ئۇ قىزنى ھەقىقەتەن چەكسىز
ياخشى كۆرەتتىڭ. بىراق، مەن ساڭا
توسقۇنلۇق قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى
كەچۈرگىن قوزام! لېكىن، سەن مېنىڭ
نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغىنىمنى بىلەم-
سەن؟

بۇرۇن بۇنى ساڭا ئېيتمىغان، بەل-
كى ساڭا ئاشكارىلاشنى راۋا كۆرمىگە-
نىدىم. ئۇنداق بولمىغاندا، سەن ئۆز
قەلبىڭدە ئاللىقاچان مەزمۇت غايىۋى
ھەيكىلىنى تۇرغۇزۇپ بولغان ئادىمىڭنىڭ
ئەسلىدە سەن قەدىرلەشكە ئەرزىمەيدىغان
رەزىل، شاللاق (ياخشى كۆرگەن قىزىڭنى
شۇنداق ئاتىغىنىم ئۈچۈن رەنجىمىگەي-
سەن) قىز ئىكەنلىكى ساڭا چىدىغۇسىز
ئەلەم قىلاتتى، ھەتتا سەن بۇ ئەلەمگە
پايلىماي ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىنمۇ
يانماسلىقىڭ مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇنى
بىلمەيلا تۇرغىنىڭ ياخشى ئىدى. لېكىن
مۇشۇنداق كېتىۋېرىشكە ئەمدى تاقەت
قىلالمايمەن. سەن بىلمەيسەن، مېنىڭ
دەريا بويىغا بېرىشىم سەن، پەقەتلا سەن
ئۈچۈن ئىدى. مەن قىزىڭنىڭ تۈزۈلۈپ قېلىشى
ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىپ
كۆردۈم، ساڭا تۇيدۇرماستىن ئۇنى ئوڭشى-
ۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتىم. ئەپسۇس، ئۇرۇ-
نۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى.

بالام، سەن بىلمەيسەن، ئۇ كېچى-
لىرى ئەرەنچە كىيىنەتتى - دە، دەريا
بويىدىكى ئورمانلىقتا باشقىلار بىلەن ئۇچرى-
شاتتى... مەن ئۇنى بۇ يولدىن كۆپ قېتىم توسۇ-
دۇم، نەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپمۇ قالدۇق، ئۇ
مېنى ئۆزى ئارىلىشىدىغان ئاشۇ بىر توپ
لۈكچەكلەرگە ئۇرغۇزماقچى بولدى. ئاخىر
ئۇلاردىن ئۆلگۈدەك تاياقمۇ يېدىم. شۇن-
داق قىلىپ، ئۇ سەنسىز تالاي كېچىلەرنى
ئۇلار بىلەن خۇشال ئۆتكۈزدى. بىراق،
بۇلارنى ساڭا زادىلا تىنمىدىم. لېكىن،

سەن مېنى يولدىن چىقىپ كەتكەن ھېساپلاپ يىرگەنگەندىڭ، ھاقارەت قىلدىڭ. باشقا ھەرقانداق بىرسى ماڭا ھاقارەت قىلسا كۆتۈرەر ئىدىم، ئەمما سېنىڭ ھاقارىتىڭنى زادىلا كۆتۈرەلمىدىم.

ئوغلۇم، مېنىڭ ئىسسىق باغرىمنى يېرىپ چىققان گۆھىرىم، يالغۇز سەنلا ئىدىڭ، مېنىڭ ھازىر بۇ دۇنيادىكى بارلىقۇممۇ يالغۇز سەنلا ئىدىڭ. گەرچە سەن مېنى «ئانا» دېيىشتىن ۋازكەچكەن بولساڭمۇ شۇ تاپتا مېنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم «ئانا!» دەپ چاقىرىشىڭنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ، مەن ئىشلارنى ئۆز ئىختىيارىڭغا قويۇپ بېرىشكە مەجبۇرمەن.

خەير-خوش جىگىرىم، سەن قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ئاناڭ ئەمدى ساڭا پۇتلىكاشاڭ بولمايدۇ. سەن ھېچقانداق توسالغۇسىزلا ئۆز بەختىڭگە ئېرىشىسەن. بەختلىك بول، ئوغلۇم!...»

مەن بىردىن ئەسەبىيلىشىپ ۋاقىرىدىم:

— ئانا، ... ئا... نا!... سەن... نە... دە!...

ئەكس سادادىن بۆلەك ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

مەسئۇل تەھرىرى: كامىل تۇرسۇن.

---

(بېشى 34 - بەتتە)

كەلدى.

ئايال سۆزىنى تۈگەتتى. مەن خېلىغىچە ئۈنچىقماي يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم. بىلىمەن، ئۇ مېنىڭ ھاكىمغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇشۇمنى كۈتۈۋاتىدۇ، لېكىن مەن بۇنداق قىلالايمەنمۇ؟ بۇ ئىش ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ھەل بولىدىغانمۇ ئىش ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ مېنى چوڭ كۆرۈپ شۇ ئىلتىماسنى قىلغانىكەن، مەن بىر نېمە دېيىشىم كېرەك.

— قېنى، ھاكىم كەلسە بىر گەپ بولار، — دېگەن سۆز مېنىڭ ئىختىيارىمغا بويسۇنماي ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن مەن شۇ تاپتا ھاكىم سىرتتىن قايتىپ كەلگۈچە بۇ يۇرتتىن كېتىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم.

مەسئۇل تەھرىرى: ئارسلان

مۇھەممەت لەتىپ

# دۇفۇ شورپىسى

(ھېكايە)

— دۇفۇ شورپىسى! دۇفۇ شورپىسى ئىچىۋېلىڭلار، تەمى ئېغىزدا قالمىسا پۇل ئالمايمىز!

بېشىغا ئاق خەسە بۆك كىيىۋالغان خام قاپاق ئاشپەز ئاشپۇزۇلىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، خېرىدار چاقىرىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. پىژ-پۇژ ئاۋات بازاردىكى ۋاڭ-چۇڭلار ئىچىدە ئاشپەزنىڭ ئاۋازىنى كىملەرنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. كىشىلەر پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتىنى قىلىۋاتقان، ئۆز يولىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

بازار ئەمەسمۇ، بىرلىرى كۆز-قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدىغان نەرسە باشقا بىراۋ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز گۆھەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەنە قاراڭ، ئاۋۇ بىر توپ خېرىدار دۇفۇ شورپىسى ئاشپۇزۇلى ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلار ئىكەن، ئىشىك ئېچىلىۋىدى بىر-بىرلەپ ئاشپۇزۇلغا قاراپ ئاققىلى تۇردى. قىزىقارلىقى شۇكى، مۇنۇ ئۈچىسىغا ئالىي يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا جۇلالىنىپ تۇرغان رەڭلىك گالستۇك تاقىغان، ئاپئاق شىلەپىلىك ئوتتۇرا بوي، بەستلىك كەلگەن خېرىدارمۇ دۇفۇ ئاشپۇزۇلىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن چەت ئەلدىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەن مۇھاجىر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭمۇ دۇفۇ شورپىسى ئىچكۈسى بار ئوخشىمامدۇ؟!

— ئادىلجان، ھەي ئادىلجان دەيمەن، نېمىگە ھاڭقىيىپ قاراپ قالدىڭىز؟ تېزرەك ماڭمامسىز. ئادىلجاننىڭ ئون نەچچە قەدەم ئالدىدا كەينىگە قاراپ توختىغان سالاپەتلىك ئايال بىتاقەت بولۇپ ئۇنى چاقىردى. ئۇ ئادىلجاننىڭ ئايالى بولسا كېرەك. ئادىلجان يولدىشىنىڭ چاقىرىشىغا پەرۋا قىلمىغاندەك بىر ھازا ئاشپۇزۇلدىن كۆز ئۈزمىدى-دە، ئاندىن قوزغالدى.

— قەمبەر، توختاڭ. سىزگە بىر مەسلىھەت، يۇرتىمىزغا كەلگەندىن بۇيان ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭكىدە مېھمان بولۇپ، سۇيۇق-سەلەڭ بىر نەرسە ئىچەلمىدۇق.

يۇرتىمىزنىڭ بازار تائاملىرىمۇ مەززىلىك. ئىككىمىز ئاۋۇ ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، بىر قاچىدىن دۇفۇ شورپىسى ئىچسەك قانداق؟

ئادىلجان قەمبەرنى دۇفۇ شورپىسىغا قىزىقتۇرۇپ ئاشپۇزۇل تەرەپكە تارتتى. قەمبەرنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇ باشقا ئەلدە، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتمىغان بولسا ئاغزىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتكەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ، سائەتكە قاراپ قويۇپ سەل تىترىگەن ئاۋازدا:

— ئادىلجان، خىجىل بولىسىزچۇ، سائەت ئون بولمايلا قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ بىز ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ شۇنچە مەززىلىك، مول تائاملىرىغا ئېغىزىمىزنى يېتىشتۈرەلمەي قېلىۋاتساق، بازارنىڭ تامىقىنى يېيىشكە نەدىكى قورساقكەن ئۇ. بۈگۈن چۈشتە سىزنى قاھار ئاكىلارنىڭكىدە چۈشلۈك تاماقتا بولۇشنى ۋەدە قىلغان ئەمەسمىدىڭىز، سىز مېنى بازار ئايلاندۇرامسىز-يوق؟

— بازارنىمۇ ئايلىنىمىز، ئاشپۇزۇلغىمۇ كىرىمىز، ھەممىسىگە ئۈلگۈرىمىز، تارتىنماي يۈرۈڭچۇ.

بۇ ئەر-ئايال مۇھاجىر قېرىنداش ئانا يۇرتىغا كەلگىلى يىگىرمە كۈندىن ئاشقان بولسىمۇ، ھەر كۈنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلاش، مېھماندارچىلىق بىلەن بولۇپ، بازار ئارىلاشقا، ئۆزلىرىگە، پەرزەنتلىرىگە نەرسە-كېرەك ئېلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان، بۈگۈن بىر ئاز پۇرسەت تېپىپ كوچىغا چىققانىدى. ئەمدىلا يەككە تىجارەتچىلەر بازىرىغا كىرگۈدى، ئادىلجان قەمبەرنى دۇفۇ شورپىسى ئىچىشكە زورلىدى. قەمبەر دۇفۇ شورپىسى دېگەننى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان. بۇ تائامنىڭ تەمىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. يەپ باقمىغان نەرسىنى قانداقمۇ كۆڭلى تارتسۇن؟ قەمبەر ئادىلجاننى ئاشپۇزۇلغا كىرىش نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قوپاللىق بىلەن سىلكىپ باقتى. چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ يېلىنىپمۇ كۆردى، لېكىن ئۇ ئادىلجاننى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى.

— دۇفۇ نېمە ئۇ؟ ناۋاتتەك تاتلىقمۇ ياكى لازىدىن ئاچچىقمۇ؟ مۇسۇلمان يېسە بولامدۇ؟ سىز سېزىك بولمىسىڭىز نېمانچە قىلىسىز ئۇ دۇفۇ شورپىسىغا؟ — قەمبەر يەنە تىترىكتى.

شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئادىلجاننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا دۇفۇغا مۇناسىۋەتلىك بىر سىر ساقلانغانىدى. بۇ كونا خاتىرىلەر ۋە ئۇزاق تەسىراتلار دۇفۇ شورپىسى ئاشپۇزۇلىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ، ئىشتىھاسى قوزغىلىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى دېمىسە قەمبەرنى ئاشپۇزۇلغا ئەپكىرگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى بولغاي شۇڭا:

— دۇفۇ كۆك پۇرچاقتىن ياسىلىدىغان يېمەكلىكنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا تاتلىق ياكى ئاچچىق تەممۇ يوق. پۇرىقىمۇ بولمايدۇ. لېكىن خۇيزۇ ئۇستىلارنىڭ قولىدا دۇفۇ مەززىلىك تائامغا ئايلىنىدۇ. مېنىڭ سىزنى ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلىشىم مۇددىئايىم بولا ئەمەس، — ئۇ ھاياجانلانغانىدى، ئۇنىڭ ھاياجانلانغانلىقى چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرىدىن مەلۇم ئىدى. سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە قەمبەر قىزىققاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى؛ — مەنمۇ دۇفۇ شورپىسى

نى ئۆمرۈمدە بىر قېتىملا ئىچكەن، بۇ قېتىمقىسى ئىككىنچىسى، بىرىنچى قېتىم ئىچكەن دۇفۇ شورپىسىغا ئالاھىدە مەدەسىگەن، ئۇنىڭ جەريانى قىزىق. ئۇ يۇرتۇمدىن ئايرىلغان ۋاقتىمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تاماقىم بولۇپ قالغانىدى. ئىككىمىزنىڭ ئۇچرىشىپ قوشۇلۇشىمىزغىمۇ باغلىنىشلىق تەرىپى بار تېخى، شۇڭا خۇمارى تۇتۇۋاتسا كېرەك.

ئادىلجان مىيىقىدا كۈلۈپ قەمبەرگە مۇھەببەت بىلەن قارىدى.

— بوپتۇ، جۇرۇك، ھېكايىڭىزنى ئاڭلاي، — دېدى قەمبەر. ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولغانىدى.

1962 - يىلىنىڭ ماي ئايلىرى ئىدى. ئادىلجان قاتارلىق ئۈچ يىگىت كېچىچە كوممۇنانىڭ بۇغداي يېرىدە سۇ تۇتتى. سۇچىلىق، دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئەڭ ئېغىر ھەم مۇشكۈللىرىدىن بىرى. سۇ ھاياتلىقتا، تەبىئەتكە تولىمۇ زۆرۈر ھەم پايدىلىق بولغىنى بىلەن ئۇ تەلۋە ھەم بۇزغۇنچى، ئۇنى ياخشى باشقۇرمىسا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ. دېھقان بۇنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، شۇڭا، ئادىلجانلار سۇ تۇتۇش ئىشىنى پايپېتەك بولۇپ ئىشلىدى. بۇغداينى سۇغا قاندۇرۇش ئۈچۈن قىر پۇختىلاپ ئېتىز ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزەتتى. سۇ ئەپقاچقان ئېتىزلارنى ئەتتى... ئۇلار زادىلا ئارام ئالالمىدى، شۇتاپتا ئېغىر ئەمگەككە ئۇيقۇسىزلىق، قورساقنىڭ ئاچلىقى قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جېنىنى تۇمشۇقىغىلا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئەتىسى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىلا ئىككى ياش يىگىت كېلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتى. ئادىلجانلار بەش جىڭ كېلىدىغان كەتمەنلىرىنى مۈرىلىرىگە ئارتىشىپ، ئېغىر قەدەم ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئادىلجان ئۈچۈن ھەممىدىن تاتلىق ھەم شېرىنى ئۇيقۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇغدايلىق بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى قانداق بېسىپ كەلدى، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قانداق ئاچتى، بوسۇغىنى قانداق ئاتلىدى، بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرگەنچە ھويلىنىڭ شەرقىدىكى سۇپىغا كېلىپ كەتمىنىنى تاشلىدى - دە، كىگىزگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى.

ئانا بالا ئۈچۈن بەكمۇ شەپقەتلىك ھەم شەپقەتسىز، ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى شەپقىتىنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىشىدۇر. ئادىلجان كېچىچە سۇدا ئاچ قورساق قاتتىق ئىشلىگەن. ئۇ ئۇيقۇنىڭ راھىتىگە بېرىلگىنى بىلەن بۇنداق قىلىش سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىدى، ئۇنى ئويغىتىپ، ئىسسىق چاي بېرىپ تاماقلاندۇرمىسا بولمايتتى. كېسەل ئەزرائىلدەك جان ئېلىشقا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا بالىنى چوقۇم ئويغىتىش كېرەك.

ئانا ئوغلىنىڭ قاردىپ كەتكەن چىرايىغا ۋە شېرىن ئۇيقۇسىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ئىلاجىسىزلىقتىن ئىچىدە ئادىلجاننى چاقىراتتى. ئانىسىنىڭ دەسلەپتە چاقىرغان پەس ئاۋازى ئادىلجانغا قىلچىمۇ تەسىر قىلمىدى، ئادىلجان ئېڭراپ قويۇپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئانا ئەمدى ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ چاقىردى. ئادىلجاننىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئاپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر نېمە دېيىشتىن خىجىل بولۇپ، يەنە كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— قوپ دېدىم سېنى، چېپىڭنى

www.uyghurkitap.com

ئىچىۋېلىپ ئۇخلا، ــ ئانا ئەمدى ئادىلجاننىڭ قولىقىنى تۇتۇۋېلىپ تارتتى. ئادىلجان ئانىسىنى قولى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، سۇپىنىڭ بۇرجىكىگىلا يۆكۈنۈپ تۇرغان ئانا مۆدۈرۈلۈپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

ــ ۋىيەي بېلىم، ــ ئانىنىڭ نالىسى ئادىلجاننى ئويغاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلغىنىنى سەزگەندى.

ــ ئانا، ۋوي ئانا، بىر يەرلىرى بەك تەگدىمۇ؟ بەللىرى،...

ئادىلجان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئانىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

ئانىنىڭ بېلى يەردىكى پارچە كېسەككە تەگكەندى، قاتتىق ئاغرىپ تۇراتتى، ئۇ بىر قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ ئويغانغانلىقىغا خۇش بولغان ھالدا دېدى:

ــ ھېچنېمە بولمىدىم، ئوغلۇم، ئاخىرى ئويغاندىڭ، تامىقىڭنى يەۋېلىپ ئۇخلىغىن جېنىم بالام. ئەنە ئۆرىدىقتا سۇ، يۈز ـ قولۇڭنى يۇيۇپ تۇرغىن. مەن ئۆيگە كىرىپ تامىقىڭنى ئەپ چىقاي.

ئانا ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىۋېلىپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئۇ سۇپىغىلا داستىخان سالدى. ئانىنىڭ ئوغلىنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ بېرىدىغىنى يا پولۇ، يا پېتىر مانتا ئەمەس، بەلكى زاغرا نان بىلەن قايناق سۇ ئىدى. ئادىلجان ئەمدى قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي زاغرىنى ئىككى چىنىگە چىلاپ ئىچىۋەتتى.

ئانا ئوغلىنىڭ زاغرا ناننى چايناپ يۇتۇشلىرىغا مەسلىكى كەلگەندەك خېلىغىچە قاراپ ئولتۇردى، ئاندىن ئوغلىنىڭ قاچىسىغا قايناقسۇ جىقلاۋېتىپ:

ــ ئىچ ئوغلۇم، ئەپكەل، يەنە بىر ئاز ئىچىۋال، ھېلىمۇ ياخشى قايناقسۇ دېمەي خېلى ئىچىۋالدىڭ. ھەي داۋىسىمۇ نېمە ئىلاج، چاي تۈگىگىلى بىر ھەپتە بولدى. كوممۇنانىڭ دۇكىنىغا چاي كېلىدىغاندەك ئەمەس. بازاردا بارمىكىن ـ يە.

ــ قايناقسۇغىمۇ كۆنۈپ قالدۇققۇ ئانا، بىزغۇ كېكىردەكتىن ئۆتۈپ تۇرسىلا ياش بولغاندىكىن تىك تۇرالايمىز، سىلىگە يامان بولدى ـ دە.

ئادىلجان سۆزلەۋېتىپ قاچىسىنى داستىخانغا قويدى، دۇئا ياندۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئانىسىغا قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ خىجىللىق بىلەن سورىدى:

ــ ئانا، ئالماشتۇرۇۋالغۇدەك كىيىمىم بارمىدۇ؟ قارىسىلا... ــ ئادىلجان پاتقاققا مىلەنگەن ئۇستىبېشىنى كۆرسەتتى. ئانا ئادىلجاننىڭ كۆڭلىكىدە چاپلىشىپ تۇرغان لايلارنى ئاللىقاچان كۆرگەنىدى. شۇتاپتا ئانىمۇ ئىلاجىسىز ئىدى، ئۇ تەڭقىسلىقتا قالدى.

ــ بارلىقىغۇ بار بالام، ھەممىسىلا يۇيۇقسىز تۇرمامدۇ، ــ ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئانچە ھايال بولمايلا ئۇ يەر ـ بۇ يېرى مايلاشقان كۆل رەڭ كۆڭلەك بىلەن سېرىق ئىشتاننى كۆتۈرۈپ چىقتى، ــ بۇ كوممۇنا خەقنى ئىشقا سېلىشنىلا بىلىدۇ، كىيىمى پاسكىنا بولسا سوپۇن بېرىشنى بىلمەيدۇ، مەن مۇنداق پاسكىنا خوتۇنمىدىم، سوپۇن بولسا كىيىملىرىڭلارنى سۈتتەك ئاقارتىپ، چىرايلىق كىيگۈزۈپ قويماسمىدىم، مە، ئۇچاڭدىكى پاتقاق كىيىمىڭنى سېلىۋېتىپ، مۇنۇ كىيىمىڭنى بولسىمۇ كىيىۋال، ــ دېدى.

ئادىلجاننىڭ بۇ كىيىملىرىمۇ ئۈچ كۈن بۇرۇن تراكتور رېمونت قىلغاندا مايغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ كىيىملەرنىڭ قۇرۇقلۇقىنى دېمىسە، ئۈچىسىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئادىلجاننىڭ ئانىسىغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، ئۇ كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ:

— ئانا، بازارغا بەزىدە سوپۇن كېلىدىكەن. پۇل بولسا ئالغىلى كىرىپ باقايمۇ-يە، — دېدى سۇپىنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇۋېتىپ.

— شۇنداق قىلساڭمۇ ياخشى بولاتتى، — ئانا سۇپىدىكى داستىخاننى يىغىپ قويغىلى ئالدى، ئۇ ئادىلجانغا قاراپ كۆيۈمچانلىق بىلەن كېچىچە ئۇخلىمىغان تۇرساڭ، ھازىر ئۇخلىۋال، كېيىن...

— ئەتىگەندە بىردەملا سېتىلىدىكەن، ھازىر كىرمىسەم سوپۇن تۈگەپ كېتىدۇ، — ئادىلجان ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، شۇ تاپتا سوپۇن سېتىۋاتقاندەك ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى، — قېنى ماڭا پۇلنى ئېلىپ بەرسىلە، بازاردىن كېلىپ ئۇخلاي.

ئادىلجان كىيىملىرىنى يۆتكەش ئۈچۈن ئىشتىكلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئانىسىمۇ داستىخاننى ئۆيگە ئەكىرىۋەتتى. «مەھەللىمىز بىلەن بازارنىڭ ئارىلىقى 9 كىلومېتىر، توپا يولدا ۋېلىسىپىتنى ئاز دېگەندە يېرىم سائەت تېپىپ مېڭىش كېرەك. ئۇخلىمىسا بولارمۇ؟ ئانا ئەنە شۇنداق ئويلاپ، ھۇجرىسىدىن چىقىۋاتقان ئوغلىنىڭ بەستىگە قاراپ قويدى، — ياق، دېھقان بالىسى، ئىككى چىنە زاغرا بىلەن قورسىقىنى توقلىۋالغان تۇرسا نېمە بولاتتى. سوپۇننى ئەپكېلەلىسىلا بارسۇن، پۇل؟ ھە راست، نەدە پۇل بار؟»

ئادىلجان ۋېلىسىپىتنى ئىسكىلاتتىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئانىسىنىڭ پۇل بېرىشىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى. ئانا قايتا ئۆيگە قاراپ كېتىۋېتىپ بوسۇغا تۆۋىگە كەلگەندە مۇنۇلارنى ئويلاپ توختاپ قالدى:

— نەق پۇل يوق ئوغلۇم، داداڭ سۇ قۇرۇلۇشقا ماڭغىچە قارا چىراغ يورۇقىدا بىرقانچە كېچە ئولتۇرۇپ، بىر كىشىلىك خۇرۇم باجگىر تىكىپ قويغانىدى، سەن شۇنى ئوڭلاپ ساتالارسەنمۇ ياكى نادىر جىنغا تۇتۇلۇپ قالارسەنمۇ؟

بازاردا ۋېجىككىنە كەلگەن، بېشى كىچىك، پېشانىسى كەڭ ھەم تۇرۇم-تۇرۇم قورۇقلۇق، ئورا كۆز بىر باجگىر بار ئىدى. ئۇ قورۇلۇپ كەتكەن خۇرۇم ئاياغدەك جۇدەڭ ھەم كۆرۈمسىز بولۇپ، ۋېلىسىپىتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇشقا تەييار تۇرغان قاغىدەك ئولتۇراتتى. بازاردا، يېزىدا — ھەممىلا يەردە ۋېلىسىپىتنى مىنىۋېلىپ، ئايلىنىپلا يۈرەتتى، يول دېگىشتىن ئېرىنمەيتتى، ئۇ سېھىرگەردەك ياكى قاناتلىق ئادەمدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولاتتى، يەنە كېلىپ قىرقىغانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ دېگەندەك سودىلىشىۋاتقانلار، مال سويغانلار ئۈستىدىن چۈشەتتى، تۇتۇۋالاتتى. ئۇ تۇتۇۋالسىلا، ئىش بەك چاتاق ئىدى. شۇڭا ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئۇنى كۆرسە قاچاتتى ياكى بىرەر باھانە بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىق نەپرىتىنى ئىپادىلەپ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «جىن»نى قوشۇۋالغان. ئادىلجاننىڭ دادىسى بىر قېتىم نادىر جىنغا تۇتۇلۇپ قېلىپ، نەچچە ئون ھەسسە ئېغىر باج تۆلەشكە مەجبۇر

www.uyghurkitap.com

قىلىنغانىدى. ئانا مۇشۇنى ئەسلەپ ئوغلى-دىن خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى.

ئادىلجان نادىر «جىن»نى كۆرگەن، داۋقىنىمۇ ئاڭلىغانىدى، ئۇنى كىشىلەر تولىمۇ قاۋۇل، سېھىرلىك، ئەسكى قىلىپ تەسۋىر-لىشەتتى. قانداق بولمىسۇن ئۇمۇ ئادەم-دە، ئادىلجان نادىر «جىن»نىڭ شۇنچە كارامىتى بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدى، ئۆزىنىمۇ پەم-پاراسەت چاققانلىقتا نادىر «جىن»دىن تۆۋەن چاغلىغۇسى كەلمەيدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن:

— ئاپا، نادىر «جىن»نىڭ كارامىتى-نى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقايچۇ، مەن يامانمۇ، ئۇ يامانمۇ سىنىشىپ باقاي، مېنىڭمۇ كۆزۈم بولغاندىكىن ئىككى يېنىمغا قارارمەن، ئۇ كېلىپ قالسا ۋېلسىپىتىم بولغاندىكىن قاچارمەن. مەن ئۇنى تونۇغان بىلەن ئۇ مېنى تونۇمايدۇ-دە.

— دېگىنىڭغۇ توغرا ئوغلۇم، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىلىنىپ قالما، ئۇنىڭ كۆزى شۇڭقارنىڭكىدەك ئۆتكۈر، بىرلا كۆرۈۋالسا بولدى، ئۇ سېنى تۇتۇ-ۋالماي قويمايدۇ. نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالساڭغۇ نەس باسقىنى شۇ. بىرمۇنچە ۋاقىت سېنى كۆرەلمەيمەن، ياق ئوغلۇم، نادىر «جىن» دېگەن رەھىمسىز، يۈرىكىم ئېغىشۋاتىدۇ، بۈگۈن بازارغا بار-مىغىن بالام، داداڭ كەلگەندە بىر نېمە قىلار، چىشىمىزنى چىشلەيلى.

ئانىسىنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئوغلى-نى ئۆيىگە تارتتى، بازارغا بارماسلىقىغا ئۈندىمەكتە ئىدى، «يىگىت سۆزىدىن قايتماس، شىر ئىزىدىن». ئادىلجانمۇ ئانىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن:

— ئانا، ماڭا ئىشەنمەملا، 15 ياشقا كىرىپ قالغان يىگىت تۇرۇقلۇق بىر با-جىڭگىرنىمۇ ساتالمامدىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ باتنىغاندەك ئورنىغا چۆكۈپلا ئولتۇر-دى. ئانا خىجىل بولۇپ قالدى، ئەمدى بالىسىغا ئىشەنچ بىلدۈرمىسە بولمايتتى. ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېتىپ، ئىتتىك ئۆيى-گە كىرىپ، باجىڭگىرنى ئەپچىقتى.

ئادىلجان بازار كوچىسىغا كىرىپ كەلگەندە سائەت ئونغا يېقىنلىشىپ قالغا-نىدى. لىللا گەپنى قىلساق ئادىلجان شۇ ۋاقىتقىچە يېزىدىلا باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن، شەھەرگە كىرىپ، بىرەر نەرسىنىمۇ سېتىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئەپ-چىللىكىنى پەش قىلىپ مەردانە سۆزلىگە-نى بىلەن باجىڭگىرنى ساتالامدۇ-يوق، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە نادىر «جىن»نىڭ كۆلەڭگىسى ۋە تەھدىتىمۇ بار تېخى! ئۇ شۇ تاپتا نە-لەردە يۈرىدىغاندۇ. ئاۋۋال شۇنى ئېنىقلى-ۋېلىش كېرەك. ئادىلجان ۋېلسىپىتنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە تەكشى قاراپ مېڭىۋەردى. بازار-نىڭ 4-كوچىسىغا كەلدى، يەنە بەش يۈز مېتىردەك ئالدىغا ماڭسىلا بازار تۈ-گەپ قالاتتى. ئادىلجان 4-كوچىدىن ئۆتۈپ، ئۆستەڭ بويىغا يېقىنلاشقانىدى، بىرسى قارا دېگەندەك غەربىي تار كوچىغا نەزەرىنى بۇرىدى، ئەنە، نادىر «جىن». ئۇ ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئادىل-جان ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ چوڭ كوچىغا چىقىشىنى كۈتتى. قايسى تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشىنى بىلىۋېلىش كېرەك-تە. نادىر «جىن» يېقىنلاشتى، ئەنە كۆرۈندى-لاردۇ، ئۇنىڭ ئولجىسى باركەن تېخى.

ئالدىغا ئون ياشلىق بىر قىزنى سېلىۋالغانىدى، قىزنىڭ قولىدا 4 - 5 گىردە نان تۇرىدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر ئايلىق كىچىككىنە ئاق ئۇننى گىردە قىلىپ سېتىپ، ئۇنىڭغا قوناق ئۇنى ئېلىپ، تويغۇدەك ئوماچ ئىچىشنى ئويلىغان ئوخشايدۇ، قىز تۇتۇلۇپ، نادىر ئۇنى باجخانىغا ئەپكېتىۋېتىپتۇ. نادىر «جىن» قىزنى سوراق قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنى تېپىپ جەرىمانە قويۇپ بولغىچە باجگىرلەرنى سېتىۋېتىپ، چاي، سوپۇنلارنىمۇ ئېلىپ، خاتىرجەم ئۆيگە بېرىۋالغىلى بولمامدۇ. ئادىلجان ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كىنوخانا تەرەپكە چاپتۇردى.

بازار كىنوخانىنىڭ ئالدىدا قاينايتتى، ئېلىپ ساتقۇچىلارنىمۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن تاپقىلى بولاتتى. شۇ تاپتا كۆلۈبتا ئۇرۇش كىنو قويۇلىدىكەن، خېلى كۆپ ئادەم توپلانغانىدى. ئادەملەر ئارىسىدىن «ئاشلىق بېلىتى ئالامىلا»، «گۆش بېلىتى كېرەكمۇ» دېگەنىدەك ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئادىلجانمۇ شۇلارنى دوراپ، قويىندىكى باجىگىرنىڭ تۆەشۇقىنى سىرتقا چىقىرىۋېلىپ، «ئاياغ ئالامىلا، ئەرزان ساتىمەن» دەپ بوش تۋۋلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭىدىن كېلىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كادىر سۈپەت بىرسى ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئوكام، سىز ئالىم ئاكامنىڭ بالىسىمۇ، ھە، قارىسام چىرايىڭىز ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرىدۇ. ئاياغنى دادىڭىز ئۆزى تىككەنمۇ، ئۇنداق بولسا ماڭا بېرىڭ.

ئالىم ئاكىنىڭ موزدوزلۇقتا داڭقى بار ئىدى. ئۇ ئاياغنى سىپتا، چىرايلىق، چىدامىلىق تىكەتتى. بۇ كادىرمۇ ئۇنىڭ ئايىغىنى كىيىگەن بولسا كېرەك. شۇڭا باجگىرلەرنى ئالماقچى بولدى. ئادىلجان «ماڭا بېرىڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا باجگىرلەرنى قويىندىن چىقارماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا بىر ئاق كۆڭۈل ئېھتىياتچان يىگىت:

— ھەي ئاداش، بۇ يەردە چىقارما، خېرىدارنى دالدىراق يەرگە باشلاپ بېرىپ بەرگىن، — دېدى.

ئادىلجانمۇ، كادىر سۈپەت ئادەممۇ سەزگۈرلىشىپ، ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراشتى. ئاندىن كىنوخانىنىڭ ئارقا تېمى تەرەپكە ئۆتۈپ سودىلاشتى. ئۇلار 12 يۈەنگە كېلىشتى. كادىر سۈپەت كىشى يېنىدىن 10 يۈەنلىك ئىككى پۇلنى چىقىرىپ بىرنى ئادىلجانغا تۇتقۇزدى. يەنە بىر پۇلنى تېگىشىپ پارچىلاش ئۈچۈن باجگىرلەرنى ئوچۇق ئاشكارا كۆتۈرۈپلا ماگىزىن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۇ توغرا يولدىن ئۆتۈپ بولمىغانىدى، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا نادىر «جىن» پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كادىر سۈپەت ئادەمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئادىلجاننى يېنىغا چاقىردى. ئادىلجان نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ھېلىقى ئېھتىياتچان يىگىت كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپلا «قاچ» دەپ ۋارقىرىدى. ئادىلجانغا ئانىسىمۇ شۇنداق دېگەن، ئۇ ئۆزىنى قولىغا ئالدى - دە، ئىككى يۈەن پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرمايلا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ قاچتى. قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئارقىسىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئىسسىقتا تەرلەپ، كۆڭلەك - شىمىلىرى چۈپ بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى چاپتۇرۇپ بوش

تويىغا پاتۇرۇۋېلىپ يىقىلىپ چۈشتى-دە، ئەسلىدىكى كىر كىيىملىرىنى تېخىمۇ پاسكىنا قىلىۋەتتى. ئادىلجان نومۇس قىلماي قانداقمۇ مۇشۇ ھالەتتە ئۆيىگە قايتالىسۇن؟ ئۇ قانداقلا بولمىسۇن نادىر «جىن»غا تۇتۇلمىدىغۇ، ئەمدى ئادىلجان تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ھەرگىز تۇتۇق بەرمەيدۇ، قايتا بازارغا كىرىش كېرەك. ئادىلجان يانچۇقىغا قولىنى سالدى، ئۇن يۈەن پۇل بار ئىدى.

ئادىلجان ۋېلسىپىتنى ئۇزىدەك بوش تويىدىن چىقىرىپ، كەينىگە بۇرىدى. ئۇ خېلىلا ھارغانىدى. ۋېلسىپىتنى بىر خىل سۈرئەتتە تېپىپ، سائەت ئونبىرلەردە بازارغا كىرىپ كەلدى، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدا ھەربىر كىشىگە 100 گىرامدىن چاي بېرىۋېتىپتۇ. 30 نەچچە ئادەمنىڭ كەينىدە تۇرۇپ چاينى ئېلىۋالدى. ئەمدى سوپۇن ئىزدەش كېرەك. ئادىلجان ماگىزىنلارغا ئالا قويماي بىر قېتىمدىن كىرىپ مېڭىۋەردى. ئۇ يەرلىك ماللار ماگىزىنىدىن چىقىپ، خەلق بانكىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەگىمىگە كەلگىنىدە، نادىر «جىن» ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالماسمۇ، قورقۇنچتىن ئادىلجاننىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. بۇ قېتىممۇ نادىر «جىن» باشقا بىر ئادەمنى ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى يېنىغا قاراپمۇ قويماي باجخانا تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئادىلجانغا قايتا جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ ماگىزىندىن ئايرىلىپ قاتناش بېكىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىنىڭ يان ئىشىكىدە يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نەرسە ئېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، بىر كۈن ئۆچىرەتتە تۇرسىمۇ سېتىۋاتقان نەرسىنى ئالالىسىلا ياخشى بولاتتى. بەزىدە ئۆزىگە كەلگەندە مال تۈگەپ قالاتتى ياكى پىركازچىك بىلەن خېرىدار جېدەللىشىپ مال سېتىش توختاپ قالاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئادىلجاننىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئۈمىد پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ ۋېلسىپىتنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئادەملەر قايناملىغا قىستىلىپ كىرىپ ئالدىغا قاردى. بۇ يەردە ئۇ ئىزدەۋاتقان سوپۇننى سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ ھارغىنلىق ۋە ئۆزىنى نادىر «جىن»دىن دالدىغا ئېلىش سەۋەبىدىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇۋەردى. ئارىلىقتا يېرىم سائەت ئۆتكەندۇ، نۆۋەت ئۇنىڭغا كېلىپلا قالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، كىشىلەر سوپۇننى تەخسىلەرگە سېلىپ ياكى قەغەزلەرگە ئوراپ ئېپكېتىۋاتاتتى. بۇ تازا ھۆل، ناچار ئىشلىگەن سوپۇن ئوخشايدۇ، مەيلى، ئانام ئۇنى كاڭغا قاقلاپ قۇرۇتۇۋالار، بۈگۈن ئانامنى خۇش قىلىۋالىدىغان بولدۇم. ئادىلجان مۇشۇلارنى ئويلاپ پۇلنى قولىغا ئالدى، ھەجەب ئىشھە، بۇ كىشىلەر جاپا تارتىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ھەر بىرى بىر توغاچتىنلا ئېلىۋاتىدىغۇ، ئىككى توغاچتىن بەرمەسمۇ، ئادىلجان پىركازچىكقا سىناش نەزىرىدە بېقىپ، قولى بىلەن ئىككىنى بىلدۈردى. پىركازچىك نېمە دېگەن مۇلايىم، بۇ كۈنلەردە مۇنداق پىركازچىكلارنى تاپماق تەس. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئىككى سوپۇننى داستىن ئېلىپ قىلىن قەغەزگە ئوراپ بەر-

دى. ئادىلجان سوپۇننىڭ يېرىلىپ تۇرغىنىنى قاراپ يانچۇقىدىن ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئوراپ چىگدى، ئاندىن سومكىسىغا سېلىۋالدى.

ئادىلجان ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە چىگىقى چۈش بولغانىدى. ئۇنىڭغا سوگىدىشىپلا خۇيزۇ قوشنىسى ما شۇپاڭ كىرىپ كەلدى. ئۇنى ئادىلجان كۆرمىدى.

— ئانا، سوۋغىنچە بەرسىلە، دېنىڭ ئالدىمىنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆردىلىمۇ، چايمۇ، سوپۇنىمۇ ئېپكەلدىم، ئۆزۈممۇ ساق - سالامەت، — دېدى. ئادىلجان ئىچ ئىچىدىن ئۈۋۈنۈپ ئانىسىغا سومكىنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ.

— ياخشى قىپسەن بالام، بۈگۈن چوڭ بولغانلىقىڭنى كۆرسەتتىڭ.

ئانا تاتلىق سۆزلىرى بىلەن ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋاتاتتى، ما شۇپاڭ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— سوپۇن؟ مەنمۇ بازاردىن ھازىر چىقتىم، كىرمىگەن تۆشۈك قالمىدى، سوپۇن ساتقان يەرنى تاپالمىۋىدىم. سەن نەدىن ئالدىڭ سوپۇننى؟ مۇنداق قىلغىنە كۆرۈپ باقاي.

ئانا سوپۇننى ما شۇپاڭدىن قاچۇرغىنىسى كېلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى قىزغانچۇقكەن دەپ قالمىسۇن دەپ، ئىلاجىسىز سومكىدىن ئالدى - دە، ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ما شۇپاڭ ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئادىلجان خېلىدە يوق ئۆزىنى ماختىدى:

— ما ئاپا، سەن كىم، مەن كىم، مەن كەزگەن يەرنى سەن كېزەلەمسەن، بۇ سوپۇننى ساتقان يەرنى سەن زادىلا تاپالمايسەن...

— ئۇ سوپۇن ئەمەس، ئەخمەق، دۇفۇ تۇرمامدۇ. مەنمۇ قاتناش بېكىتىنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانىدىن ئەپكەلدىم، ئۇلار دۇفۇنى ياخشى ياسايدۇ. تېتىلىپ كەتمەيدۇ، ئادىلجان، سەن دۇفۇ بىلەن سوپۇننى پەرق قىلالمىغان تۇرساڭ، قانداق قىلىپ چوڭ بولغان بولىسەن، ھەي كىچىك بالا.

ئانا بىلەن بالا بىر - بىرىگە قاراشىپ تېڭىرقىشىپ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. ما شۇپاڭ ئانىنىڭ قولىدىن دۇفۇنى ئېلىپ، لىگەنگە قويدى.

— دۇفۇ دېگەن نېمە ئۇ؟ سوپۇنغا ئوخشايدىغۇ، مەن گۇمان قىلىۋىدىم، خەقلەر ئۇنى تەخسىگە سېلىپ ئەپكېتىۋاتسا نېمە قىلغىنىكىن دەپ قاپتىمەن تېخى.

— دۇفۇنىچۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، يېمەيسىلەر، پۇرچاق ئۇنىدا ياسايدۇ.

— بازاردا ئۇيغۇرلارمۇ ئېلىۋاتىدىغۇ ئەمەسە...

— بازاردىكى كادىرلار يەيدۇ، سىلەر يېيىشكەلەرمۇ بولىدۇ. مەن سىلەرگە ھازىرلا دۇفۇ شورپىسى قىلىپ بېرەي بولامدۇ؟

ئانا ئادىلجانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئادىلجان دەمى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئانا ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ما شۇپاڭغا قاراپ:

— ما شۇپاڭ، ئېغىر كۆرمىسەڭ، بىزگە ئۇنى تاماق قىلىپ بەرگىن، بالام ئۇنى ئەپكەلمەن دەپ كۆپ جاپا تارتتى. يېسۇن، — دېدى.

ما شۇپاڭ ئۆيىگە چىقىپ ئازراق گۆش، ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ، دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ چىقىپ، ھەش - پەش دېگۈ-

www.uyghurkitap.com



چە دۇغۇ شورپىسىنى پىشۇردى. ئادىلجاننىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى، دۇغۇ شورپىسىمۇ ئوخشاپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىغا توـلىمۇ تېتىپ كەتتى. ئۇ بىر قاچا دۇغۇ شورپىسىنى ئىچىپ بولۇپ، ئىككىنچى قاچىسىنى ئانىسىغا سۇنۇپ تۇرۇشىغا تاشقارقى ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى.

ما شۇپاڭ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئۇ كەلگەن مېھمانغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەكچى بولۇپ ماڭدى.

ئىشىك ئېچىلدى.

— بۇ ئالىم مەزدۇزنىڭ ئۆيىمۇ؟ — كىمدۇر بىرسى سوراۋاتاتتى. بەلكىم ما شۇپاڭنىڭ ئىشىك ئاچقىنىنى كۆرۈپ ئۆزىگە ئىشىنەلمەي قالغان بولسا كېرەك.

— ئالىم مەزدۇزنىڭ ئۆيى. ئۇ ئۆيىدە يوق، — ما شۇپاڭ ئادىلجانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش دېگەندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب بەردى. ئانىسى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. نادىر «جىن» ھېلىقى باجىگەرنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرىۋاتاتتى. بۇنى ئادىلجانمۇ كۆردى.

— ۋاي بالام «جىن» كېلىۋاتىدۇ. تېز بول، جېنىڭنى بىر ياققا ئال، ئارقا ئىشىك بىلەن قېچىپ كەت، — دېدى ئانا جىددىيلىشىپ.

ئادىلجانمۇ قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايىغىنى كىيىپلا ئۆزىنى ئارقا ئىشىككە ئاتتى...

ئادىلجان ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

— ئۆيدىن شۇ چىققان پېتى باشقا بىر ئەلنىڭ يېرىدە توختاپتىمەن، — دېدى، قانداقتۇ پۇشمىنى باردەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى قەيەر ئاخىرقى بىر پارچە دۇغۇنى چاينىۋېتىپ، — دۇغۇ شورپىسى راستىنلا مەززىلىك ئىكەن. 26 يىل بۇرۇن ئاغزىڭىزدا قالغان دۇغۇ شورپىسىنىڭ ئىككىنچى قاچىسىنى بۈگۈن ئىچتىڭىز، خۇمارىڭىز قانغاندۇ، قېيىدىغان يەرلىرىڭىزمۇ بارمىدى ـ يا؟

— مۇمكىن، ئانىلار پەرزەنتىنى خاتا ئەيىبلەپ قويىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇغۇ، لېكىن ئۇ بەربىر ئانا ـ دە، كىشى ئۇنتالمايدىكەن. مانا ئەمدى كېلىۋىدۇق، ئانا ئوغلىنى تەمى ئاغزىدا قالغان دۇغۇ شورپىسى، ئىسسىق نازۇ ـ نېمەتلىرى بىلەن مېھمان قىلدى.

مەسئۇل تەھرىرى: ئارسلان

(بېشى 23 ـ بەتتە)

ناپ كەتتى سېنىڭ؟ نەدە چوڭ بولغان نەرسىسەن؟ ماۋۇ ئارقا غوجىتامنىڭ ئىگىسى بار جۇمۇ، ئۆرۈلۈپ كەتسە سەن تۆلەيسەن؟ يەتتىنچىسىگە... مال باھا ئىدارىسىنىڭ كادىرىمۇ كېلەرىدىغۇ، لېكىن ئاغىچە پاكىنەك باققال ئىلگىرىكىدەكلا ئىندىمەي كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ دۇكىنىنى چۈۋۈشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ھېلىقى ئىككى بالا كەلمىدى، ئۆزى يالغۇز ئىشلىدى، چۈنكى مەدىكار ياللىغۇدەك سودا بولمىغانىدى... كۆپ ئۆتمەستىن بازارنىڭ بۇ بۇلۇڭى ئىلگىرىكىدەكلا غېرىبچىراي ئەخلەتلىككە ئايلاندى.

مەسئۇل تەھرىرى: سارەم ئىبراھىم




مۇھەممەت خېۋىر

## چاچمىلار

### سۆيگۈمگە سۆز

سالغا بىلەن ئېتىۋەتتىڭ قوياشقا،
يېلىنجايمەن ئىختىياردىن ئايرىلىپ.
كېلىپ قالدىم تەدبىرىڭدىن ئەيۋەشكە،
سوۋۇيدىغان «ئىقتىدار»دىن ئايرىلىپ.

سالغا بىلەن ئېتىۋەتتىڭ قوياشقا،
جىسمىم شەكىل كۆرسەتمەيدۇ باشقىچە.
نۇر! دەپ نوۋلاپ ئەمدى يەتتىم قوياشقا،
ئاق تۇرارمەن ئايغىمدىن باشقىچە.

سالغا بىلەن ئېتىۋەتتىڭ قوياشقا،
نۇر چىقاردىم نۇردىن نۇرغا سوقۇلۇپ.
ھېچ ئارمىنىم، ھېچ ئىستىكىم يوق باشقا،
كۈندىن چىقار كەتسە جىسمىم يوقۇلۇپ.

كەتتىم كۈنگە پۇشايمانسىز ئېتىلىپ،
نۇر تارىتتى جىسمىم نۇرغا قېتىلىپ...

### ماگما ھېسلار

كۆزلىرىڭگە بىر چۆكۈپ چىققىنىمدا،
ئۇرۇنلاشتى تەگرىتاغ يۈرىكىمگە.

ئۈندىن چولپان نۇرىنى يىغقىنىمدا،
خەير! دېدى تۈنۈگۈن تىلىكىمگە.

ئېغىزىڭدىن دۇر تۆكۈپ كۈلگىنىڭدە،
تەكلىماكان ياقۇتقا تولۇپ كەتتى.
قاپىقىڭنى چىدامدا تۈرگىنىڭدە،
ئىشەنچلىرىم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بىللە تۇرۇپ يىراققا باققىنىمدا،
تۇتۇق - تۇمان يوللىرىم يورۇپ كەتتى.
ئېرىپ - ئېرىپ سۆيۈگۈدە ئاققىنىمدا،
ۋەسۋەسىلەر سۆكۈتتە سولۇپ كەتتى.

بەخت ئوتلۇق پېچەتنى سالدى مېنى،
كۆزلىرىڭدىن مىسالى ئېقىپ كەتتىم.
يەلكىسىگە بىر تۇيغۇ ئالدى مېنى،
بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتىم...

### مەرھابا، بۈيۈك خىيانەت

نەقەدەر مۈشكۈل بۇ ئاددىي خىيانەت،
رىشىمدىن يۆتكىلىش نىمانچىلا تەس؟

رايىشلىق مەھسۇلى ئىكەن ئىنتائەت،
(ئەركىنلىنى بوغقۇچى شەكىلسىز قەپەس.)

خىيانەت قاچاندىن بەدنامغا قالدى؟
ئۇ ئېنىق ئەمەسمۇ بىر تاڭغا ھادىي؟
ئېھتىمال ئەنئەنە يولىغا سالدى،
خوپ ئېيتىپ كۆتۈرگەن رايىشلىق جادى...

ئالۋۇنلار ئاسانلا كەتتى ئازدۇرۇپ،
داغدام يول جىلۋىسى ئۆكسۈمىدى ھېچ.
نومۇسقا قالدۇردى مەدىھ يازدۇرۇپ،
خىجالەت ھۆكمىدە تۇرۇپ قالدىم تىنچ.

پۈتلۈشۈپ تەڭكەندە پېشانىگە تاش،
خىيانەت ئۇۋۇلىدى يۇمشاق كۆڭۈلنى.
ئازدۇرغۇچ ئەنئەنە بولىمخىل ھاپاش،
مۇقەددەس خىيانەت كۆرسەتسۇن يولنى.

ئەلۋىدا يىللارغا بوزەك ئەقىدە،
يىللاردا نۇرلانغان ئاڭلار بېرى كەل!
ئەلۋىدا يوللارغا توساق قەسىدە،
تۇماندىن پاكلانغان تاڭلار بېرى كەل!

ئەلۋىدا ئالۋۇنلار ئالدىغان نەزەر،
مەرھابا قۇياشتەك گۈلگۈن خىيانەت.
ئەي ئەقىل، خوپ ـ خوپتىن ھامان قىل ھەزەر،
يول ئىزدەپ ئۆتتۈشنى بۈيۈك ئىزان ئەت!

سەرسان يالقۇنلار

«لاپ قىلىپ تۇتاشتى ياپراققا ئۇچقۇن،
سۆيگۈلەر ئىسيانغا تاپتى شارائىت.
ئەتراپتا ئېتىلدى تارام ـ تارام نۇر،
بەھرىمەن ئىدىشنالار، خۇشال ئاجايىپ.

زېمىنغا ئۈزۈلۈشۈپ قالماقچى يالقۇن،
سىغىمىدى (سەۋەبى ئەمىش تۇتۇندە.)
ـــ ئىسسىمىز بول!ــ دېيىشتى ـــ يالقۇن بولساڭمۇ،
پەقەت نۇر تاراتساڭ بولىدۇ تۇندە...»

نە قۇلاق ئاڭلاشقان ئىزاھلىرىنى،
تەقدىرنى بىر ئەلەم يەتكۈزدى چەككە.
خەير! دېدى قالدۇرۇپ بىرنەچچە ئۇچقۇن.
ئەتىنى تاپشۇردى ئاتەش چېچەككە.

قۇياشنىڭ يېنىغا كەتتى جىمجىتلا
زېمىندا ئەتىۋا نۇرلۇق قوشنۇزلار.
مەرھابا، كەل! دېدى مېھىرلىك قۇياش،
ئىسەدەپ ياش تۆكۈپ قالدى يۇلتۇزلار.

ئېسىت دەپ ياقىنى يىرتتى يۇلتۇزلار،
زېمىندا ئەتىۋار نۇرلۇق قوشنۇزلار...

ھەيرانلىقىم

ھەيرانلىقىم مەڭگۈ ئەبەدىس، ھەيرانلىقىم!
مۇزغا يالقۇن تۇتاشقاننى كۆرۈپ قالدىم.
ئىشەندۈردى، ئاڭا يېقىن تۇرغانلىقىم،
ياقا تۇتۇپ تووۋا دېدىم، تۇرۇپ قالدىم،
يالقۇننىڭ شولىسىدا يورۇپ قالدىم.

ئوت ئۆچەتتى بەرھەق مۇزغا يولۇققاندا،
كۆيمەيدۇ دەپ يورۇپتىمىز شەك ـ شۈبھىسىز.

كۆيمىدىكەن مىز ئىردىمەي ھولۇقتاندا،
تۇساتتىنلا پارلىغاندەك كۈن سۈيۈمىسىز،
نۇر تاراتتى نۇر سۈمۈرگەن بىر تۆھپىسىز.

تولا ئىدى جىسمىمىزدا تاقەت دىگەن،
بۈگۈن سۈكۈت قەيەرلەردە چۈشۈپ قالدى؟
ئەمدى بىلدىم، مۇتلەق ئەمەس ئادەت دىگەن،
سەل مۇھەببەت تۇغانلاردىن تىشىپ قالدى،
ئىسيان قىلىپ چوققا تامان ئىشىپ قالدى.

سۆيگۈسىز دەپ يىرۇپتىمەن ئۆزگىلەرنى،
دىلى ئەمدى بىر ئاتەشكە ئورۇن بەردى.
ئوت ئويغاتتى تاشقا ئوخشاش سەزگۈلەرنى،
سۆيگۈ ئەمدى قاناتلاندى، قانات كەردى،
چىكىت بىلەن تاپتى يەكۈن ئۇيغۇر دەردى.

ھەيرانلىقىم پارتلىدى، ھەيرانلىقىم،
سۆيگۈ ــ ئىشىق قۇدرىتىنى تونۇپ قالدىم.
مەلۇم بولدى ئاڭدا كەمتۈك، ۋەيرانلىقىم،
يالقۇن بىلەن بۇ رەت خىلى تولۇپ قالدىم،
سۆيگۈلىرىم چوققىسىدا قونۇپ قالدىم.

چوققىلار سادا بەر

سادا بەرگىن چوققىلار، ئەكس سادا!
چۇقانلارنى سىڭدۈرۈپ يىتىۋەردە!
تىلەكلەرنى، سورايمەن، قىلغىن ئادا،
بۈيۈكلۈكۈڭ تەختىدە قىتىۋەرمە!

قۇچاقلىسا بۇلۇتلار كۈلۈپ كەتىمە،
بۇلۇتلارنىڭ ھەر ھالدا چاقمىقى بار.
شاۋقۇن تىڭشاپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتىمە،
دەريالارنىڭ لەڭ ئۆرۈپ ئاقمىقى بار.

ساڭا چۈشەر تاڭ نۇرى ئەڭ ئالدىدا،
ھىچ بولمىسا شولىنى ئەكس ئەتتۈر.
دىلىمىزدا بىر يۈكسەك نوپۇزۇڭ بار،
ئەقىدىنى خەجلىمەك، خىيانەتتۈر.

سادا بەرگىن چوققىلار، سادا بەرگىن،
شادلىقىڭنى، دەردىڭنى ئاڭلاپ قالاي.
ئىلھام بەرسەڭ توختىما، ئۇدا بەرگىن،
سادايىڭنى ياقۇت دەپ تىزىپ ئالاي.

سادا بەرگىن چوققىلار، ئەكس سادا،
نە بولاتتى بىر ئازجان قىلساڭ پىدا؟!...

ئابدۇكېرىم ئوسمان

## ھەسەن - ھۈسەن

(باللادا)

1

كۆك قۇببىسى چاچار مەرۋايىت،
پەرىشتىدەك يۈز ئاچار دۇنيا.
توزانلاردىن پاكلانغاچ بۇدەم،
نۇر بالقىتىپ يالتىرار دۇنيا.

قاشتاش كەبى سۇرۇلگەن تۇپۇق،
ياش قەلبىمدەك جىلۋىگەر، پارلاق.
ئانا دالام باغرىدا سويلاپ
ئۇچار چاپقۇر ھېسلىرىم يىراق...

نەگە بارسام بىر لىرىك تۇيغۇ
چۇلغار دىلنى ھەمدە ئەيلەر مەس.
تۇرۇپ قالدىم دالىدا بېقىپ،
يېغىۋاتقان يامغۇردا بىر پەس.

*　　*

ئۆكسۈپ قالدى مەرۋايىت يامغۇر،
چوڭقۇر كۆلدەك تىنچىدى ئەتراپ.
نۇرغا شەيدا تۇيغۇلار بۇئان
ئۇپۇقلارنى ئالدى باغاشلاپ.

ئۆزۈم تەنھا مۇنبەت دالامدا،
جان ياپىرىتار تۇپراق ھوزۇرى.
سۇزمەكتىمەن سەھەر پەيزىنى،
يۈرۈكۈمدە شاھنىڭ غۇرۇرى.

جەرەن قوغلاپ خىيالىمدا گاھ،
چاتقال ئارا كۆتەردىم شاۋقۇن.
تاڭ نۇرلىرى سېھىي شۇ قەدەر!
ياپتى پېقىر ئەگىنىمگە دۇردۇن.

ئەمەكلىرىم - كېپىنەكلىرىم
ئەسكە سالدى قوۋناق چېغىمنى.
چېچەكلەرنىڭ نازۇك بەرگىدىن
تېرىۋالدىم باللىقىمنى.

ئېھ، مومامدەك تۇيۇلدى دالام،
تېپىچەكلىدىم قۇچاقلىرىدا.
كەچمىش يىللار ئەستىلىكلىرى
قايتىلاندى ئۇيقۇمدا گويا...

يوپۇرۇلدى گۈزەل چۈشلىرىم،
چۈش ئىلكىدە مۈگدىدىم مەسخۇش.
جىمىرلىدى سۈزۈك ھېسلىرىم،
ئېھ، باللىق!
مۈمكىنمۇ ئۇنتۇش؟!

.............

دالام پەيزىن سۈرۈپ شۇ يوسۇن
قىلماقتىدىم روھىمنى ئاۋات؛
بىر مۆجىزە پارلىدى كۆكتە،
ئۇيقۇممۇ يا چۈشۈممۇ ھەيھات!

مەن ھەيرەتتە باقتىم ئۇنىڭغا،
پاك ھەۋەستە باقتىم دەممۇ دەم،
ئاڭا چىكىش قىلدىم، ياندىم،
ھەررەڭ نۇردا ئوت بولدى سىنەم.

سالدى پىنھان ھېسلىرىم چۇقان:
«ھەسەن - ھۈسەن، ئېھ ھەسەن - ھۈسەن!
سەن ئاسماننىڭ تەبەسسۇمىمۇ،
كۆك تەگرىنىڭ چىۋىرىشى يا سەن؟

تالاي كۆردۈم سېنى شۇ سۈپەت،
ھەر كۆرگەندە ئەقلىم لال بولدى.
ئەگەر بويۇك پارلىسا،
مەندە
مىڭ يۇلتۇزدەك خىيال تۇغۇلدى.

ھەسەن - ھۈسەن، ئەي نۇر دەستىسى،
كىم سېنى كۆك بويىنغا ئاسقان؟
ئۇپۇق ئۈززە پارلايسەن گۈزەل،
ئاناڭ قۇياش، ئاتاڭمۇ ئاسمان؟

ئاسمان ئاناڭ ئۇزاتسا سېنى،
ياش تۆكەمدۇ ئاۋۋال جاھانغا.
ئايھاي، ساڭا قىيمايدۇ ئەجەب!
كۆڭلى بۆشۈك قانداق ئارمانغا؟

كۆك سەينىدە سەن ئالتۇن ئورغاق،
ئورۇپ ئالدىڭ زۇلقۇمنى تۈگەل.
ئوخشاپ قالدى قەلبىم ئېگىزغا،
تىلىسىم نۇرۇڭ يەرمەكتە پاك ھەل.

ئەگىملىكىڭ مىسالى تاغاق،
(نەقشىنىمۇ ئاي، يۇلتۇز، قۇياش)
چىگىشلەشتى جاھىل ئويلىرىم،
تاغاق سالچۇ موماڭغا ئوخشاش...

قېزىپ كەچمىش - قىسمەتلىرىڭنى،
قۇرلىرىمغا جاۋاھىر چاچاي.
يىللار كۆمگەن تارىخ بېتىدىن
يېڭى ئالتۇن سەھىپە ئاچاي!...»

پىنھان ئويلار يەتتىكىن قانداق؟
ھەسەن - ھۈسەن ئۇھ تارتتى ھەيۋەت.
ھەم دېدىكى: «قولاق سال يىگىت،
سۆزلەپ بېرەي ساڭا ھېكايەت...»

2

كەچمىش يىللار، ئۆتكەن ئەسىرلەر
چەكسىز سۆيگۈ قوزغايدۇ پات - پات.
ئەستىلىكنىڭ ھاياتى دېمى
پېقىر ھېسقا بولدۇ ھىممات.

خاتىرىلەر يادلىنار خىرە
يادلانغاندەك گىرىمسەن چۈشلەر.
سەبىيلەرچە سوئاللىرىڭدىن
ئىلھاملىرىم قاقار ئالتۇن پەر.

* *

نۇر يالىغان خۇمارلىق دالا،
قاپتاللاردا بۆككىدە تۇرمان.
قاتار - قاتار تاغلار زەنجىرى،
چۈشەپ ياتار تۇپراقنى پىنھان.

ئاھۇ كۆزلۈك قىزلارغا تەققاس،
جىرالاردا يايلىغان ئاھۇ.
ئېقىنلاردا دىل سۆيگەن ناۋا،
ناخشا چايقاپ ئاقار ئالتۇن سۇ.

زەڭگەر يايلاق چەكسىز نەقەدەر!
خىيال يەتمەس گىرۋەكلىرىگە.
گۈلگۈن ئاخشام چاچقىتار ئىپار،
گۈل شەيدا تاغ ئېتەكلىرىگە.

دەريا كەيىپ، دەريا نازىنىن،
كەڭلىكلەرگە ئۆرلەيدۇ تىترەك.
لاۋۇلدىسا شەپەق يالقۇنى،
سېھرى دولقۇن تاقار ھال بېزەك.

ئەجەب دىلبەر دالا ئاخشىمى،
تاغ كەينىگە دومىلار قۇياش.
گۇگۇم يايسا ئىپەك تورىنى،
ئەتراپ ئاڭا ئورىلار تۇتاش...

تونۇش بۇلاق، ئورمان چېتىدە،
چاچ تارايدۇ تۇتاش مەجنۇنتال.
تارام - تارام ئېقىن بويىدا،
نۇر باغاشلاپ ياتار ياش نىهال؛

ئويناق بۇلاق شىلدىرلىشىدا
قىز قەلبىنىڭ ئىلتىجاسى بار.
ئەگىم - ئەگىم ئاققان سۇلاردا
چوغدەك شەپەق نۇر - زىيasى بار.

شامال سىلكەر، تەۋرىنەر ئەتراپ،
رەيهان بەرگى قايرىيدۇ لىچەك.
بېقىپ دالا يولىغا بۇدەم
ھە، تۇردۇ بىر جۈپ كېلىنچەك.

قايرىما قاش مىسلى ئەگىم ئاي،
قوي كۆزلەردە دالا تەسۋىرى.
ھەمىردىلگەن قىياق كىرپىكلەر،
كۈن ئەركىسى ئۇلار ھەر بىرى.

شۇ بۇلاقتەك تىنىق قارىچۇقتا
ئەكسى ئوينار گۈلگۈن نۇرلارنىڭ.
تەبەسسۇمدا يانسا زىنناقلار
ئاتار تېڭى دىلبەر باھارنىڭ.

نىلۇپەردۇر رەڭدار جۈپ كۆڭلەك،
دانە - دانە مارجان چاچىدۇ.
جىمىرلىغان خىلۋەت تاللىقلار
كۆڭۈللەرنىڭ بەھرىنى ئاچىدۇ.

سوراپ كېتەر شامال بىتاقەت:
ئاشىق كۈننى مارائاتامسەن؟
ئاي پەرىلەر، ئايھاي جۈپ ئاققۇ!
تولۇن ئايغا ساقلاۋاتامسەن؟»

لەيلى لەۋدىن تۆكۈلمەس ئۈنچە،
قىزلار تەشنا باقىدۇ ئەمما.
كەڭلىكلەرگە سىڭگەن كۆز نۇرى،
تاشلاپ ئۆتەر سانسىز مۇئەممما...

* *

دۈپۈرلەيدۇ ئات تۇياقلىرى،
يامراپ كېلەر ئوت دولقۇن گويا.
تىترەكتىكى ئىككى ۋۇجۇدنى،
ئەللەيلەيدۇ ئاق كۆكۈل دالا.

دۈپۈلدەيدۇ قىزلار يۈرىكى،
تىلسىم تىۋىش كېلەر يېقىنلاپ.
يەردە ئەمەس يۈرەكتە گويا
ئاتلار كىشنەپ كەلمەكتە شوتاپ.

ئەنە، تونۇش بىر جۈپ قول يورغا،
قوندۇز يايلى تەۋرەر بولۇتتەك.
زەردىن بولمىش ئىگەر - جابدۇقلار
سەنئەتلىك بىر زاماندىن دېرەك.

پۇشقۇردىدۇ دۇلدۇللار شوخشۇپ،
مىنىپ ئالغان ئۇنى ئىككى ياش.
ساۋۇتلاردا گۈگۈم جىلۋىسى،
مىس كەمەردە يالىلدار قۇياش!

قىلىچ، نەيزە ئىگەر ئاستىدا
بىرى تۇتۇپ كېلىدۇ كامان.
ئۇلار قايتتى مەشقتىن بەلكى،
يا يېڭىشتى ئوۋدىن شادىمان...

كىشنەپ - كىشنەپ توختىدى يورغا،
ئۇپۇقلارنى قۇچتى ساداسى.
چۈشتى سەكرەپ يىگىتلەر ئاتتىن،
سالام! دېدى ئىككى زىباسى.

جۈپ قاراقلار، جۈپ - جۈپ نىگاھلار،
سۈكۈناتتا بېغىشتى ئۇزاق.

تەۋرەپ تۇرغان گۈزگۈم غۇنچىسى
چاچار ئىدى ئىپار ھىد - پۇراق.

توقايلىقتا يول ئالدى ئۇلار،
يالقۇن تامدى ئىزىدىن يەرگە.
شوخ بېقىشتان خۇمارلىق كۆزلەر
نۇر چاچاتتى ئوخشاپ گۆھەرگە.

تونۇش بۇلاق قالدى جىلمىيىپ،
چوقتا بويلاپ ماردىماقتا ئاي.
ئاشىقلارنى كۈتەر بەخۇدۇك،
گۈلدىن چۈشەك راسلىغان توقاي....

*   *

قالسۇن تۈنەپ ھالال ئاشىقلار
گۈل بەرگىدە مۆكۈشۈپ بۇئان.
(قۇتلۇق بولسۇن!)
بېرەيلى ئەمدى
ئىككى يىگىت توغرىلىق بايان.

3

ھەسەن - ھۈسەن —
تونۇش ئىسىم بۇ،
ئاي، قۇياشقا تونۇشتەك دىيار.
ھۇر قەبىلە پۇقرالىرىنىڭ
دىل سەتھىدە ھەيكەلدۇر ئۇلار.

ھەسەن - ھۈسەن قوشكېزەك، قۇرداش
ئۆتكۈر نەزەر، دىلداش، پىكىرداش.
ھەر ئىنسانغا بولمايتتى نېسىپ
ئۇلار كەبى مەردلەرچە ياشاش.

ئۇلار قۇياش ئوغلانلىرىدى
ھۆرلۈك چىللاپ كەلگەن ئېلىگە.

تاڭ نۇرىدەك سەزگۈلىرىدىن
ئاتەش ياققان ئاۋام دىلىگە.

ئۇلار باھار بۈركۈتلىرىدى
چوققىلاردا قالغان پەرۋازى.
قالغان كۈمۈش قوڭغۇراق كەبى
جەڭلەر ئارا ھۇرا! ئاۋازى.

ئەركىن ئاۋام سۆيۈنەر قەۋەت،
ئانا كۆيمەس قاچان بالىغا؟
ئىككى دىلنىڭ ئوت رىشتى تۇتاش،
گۆھەر تۇپراق - ئۆلمەس ئانىغا.

ھەسەن - ھۈسەن!
شۇنداق ئىسىم بۇ،
بۇلاق ئىچرە پارلىغاندەك ئاي.
كېزىپ كۆكتە ئىلاھى قۇدرەت
نۇردىن تۆشەك راسلىغاندەك ساي.

ھەسەن - ھۈسەن!
شۇنداق ئىسىم بۇ،
زىل تار بويلاپ ناخشا ئاققاندەك.
شۇنداق نام بۇ، قۇياش ئۇپۇققا
گۈلگۈن كەچتە شەپەق ياپقاندەك.

«قۇرام تاشلار جىملىقى بىلەن،
پارچىلىسا شارقىراتمىنى»
سادالىرى ئەيلەيتتى زىكىر،
قوشكېزەكنىڭ قۇتلۇق نامىنى.

ئۇلار ئورمان،
ئورمانلا گويا
ئېدىر ئارتقان زەڭگەرەڭ شارپا.
ئاھ دېمەككى تونار ئۇلارنى
كۆرمەك ئاۋام پايانسىز دالا...

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ياشاپ كېلەتتى كۆپتىن
بېرى، بۇغا يايلىغان تاغدا.
ئارچىزاردا تۇراتتى ماراپ،
يېنىدا قەد كۆتۈرگەن ھۇجرا.

تاغ بۈركۈتى — ئىككى ئەزىمەت،
ئانا تاغلار تەختىدە سۇلتان.
ئۇچ قىلاتتى (قەدىم ئادەت بۇ)
تۆكۈشمەيتتى بىراق تامچە قان.

سىنىشاتتى ھەر سۇبھى، ھەر كەچ،
قىلىچ بىسى چاقاتتى چاقماق.
تاغ لەرزىنىپ نەرىلىرىدىن،
ئەكس سادا ياڭرايتتى ئۇزاق...

بارغان ئۇلار يىراق ئەللەرگە،
شاھىد بۇڭا كارۋان يوللىرى.
يانسا يېپەك دۇردۇن ئاپىرىپ،
شۆھرەت قۇچقان ئوڭۇ-سوللىرى.

ئاھ، بۇ شۆھرەت ئاۋام شۆھرىتى،
ئايان ئۇندا ئەقىل گەۋھىرى.
ئەسىرلەردىن سىڭگەن ھۈنەرگە
ھېس جەۋھىرى، يۈرەك جەۋھىرى!

*　　*

ھۇجرا،
كەڭرى تۆر تامدا شىرداق،
جىمىرلاشتىن تاۋلىنار ھەريان.
شىرداق ئارا تۇرار ئېسىلىپ
كۈمۈش گەردىش تەۋەررۈك كامان.

ھە، ئۇ شۇنداق تىلسىم ياي-كامان:
كۆۋرۈك بولار سالسا دەرياغا،
ۋىژىلدىسا ئالتۇن پەيكانى،
ھەتتا ئالماس توزار ھاۋاغا.

بۇلار كىرىچ چاقناق شۇ قەدەر،
تەۋرىشىدىن ئۆرتىلەر ئەتراپ.
كامان دەستى ياقۇت نەقىشلىك،
يۇرىتىدۇ تۈنلەرنى پارلاپ.

يالقۇن بۇلار ئايازدا گاھى،
قىسسە ئېيتىپ پەسلى باھاردىن.
شۇنداق كامان-خىسلەتلىك ياي بۇ،
ھېكمەت ئالغان ئىلاھى ناردىن!

پۈتۈلگەنتى ئاشۇ كامانغا
ئاكا-ئىنى جېنى بىر تۇتاش.
(مەۋجۇداتنىڭ قىسمەت تەقدىرى
كۈنگە باغلىق بولغانغا ئوخشاش.)

كامان ئامان ئامان يىگىتلەر،
ئاھ، ئۇنىڭسىز توزار جۈپ ۋۇجۇت.
ئاسرىغاندەك يالقۇندا پاختا،
(ئاسرا ئىلاھ،
　　تۆك ئۇلارغا قۇت!)

*　　*

قاباھەتلىك چۈشكە بەك ئوخشار
قارا تۈندەك يامرىغان خەۋەر.
ئۈششۈك تاشلار ئېزگۈ ھېسلارغا
سوقىتان كەبى سوغ جۇدۇن سەھەر.

قوۋناق دالا قالار يالىڭاچ،
مۆكلىنىدۇ ئاداققى ياپراق.
تېنەپ يۈرەر خىيال كىمىكى،
زېمىن ئۆكسەر ئۇزاقتىن ئۇزاق...

شۇنداق بولدى،
　　بۇ ھۆر ماكانغا
ئاچچىق خەۋەر باسقاندا ئاياق.
يول-يوللارغا تۆكۈلدى تەشۋىش،
دەيدىگەندەك جىمى ئەل ياياق.

دەرلەر بىرى: «قوشنا دىياردا
پەيدا بولمىش سېھرى ئەجدىھا».
دەرلەر بىرى: «كۆكتىن ئوت پۈركۈپ،
ئەلنى قىلمىش ئۆرتەپ خارۇ ـ زار...»

دەرلەر بىرى: كۆيۈپتۇ تۇپراق،
دەل ـ دەرەخلەر ياپىيېشىل ئوتلاق.
دەرلەر بىرى: تاغلار ئېتىكى
بولمىش گويا بىر ۋەيلۇن دوزاق.

دەرلەر بىرى: ئىنسان زاتىدىن
ئەجدىھاغا چىقماسمىش رەقىب.
دەرلەر بىرى: مالائىكىمۇ
قىلالماپتۇ ئۇنى ھېچ تەقىپ...

ئېھ، قارا سۆز، قارا خەۋەرلەر!
تەلۋە سۇغا ئوخشار ئېقىشى،
تەۋرەپ كەتتى نەھلى قەبىلە،
ئاچچىق تىترەپ يۈرەك بېغىشى.

بار ناگاھلار ھەسەن ـ ھۈسەندە،
بار ئۈمىدلەر يوكلەندى تۈگەل.
ئەي سەن ئۈمىد ـ ئەي پارلاق ئۇچقۇن!
سەن ھاياتلىق تۈۋرۈكى،
گۈزەل.

سەنسىز ھايات مىسلى جەزىرە،
سەنسىز ئۇچماس لەۋلەردىن كۈلكە.
سەنسىز يۈرەك ئازغۇن كىيىكتۇر،
سەنسىز گۈللەپ ياشنىماس ئۆلكە.

چاچ قىينى نۇر، ئۇچقۇنلىرىڭنى،
ئا يازدىكى گۈلخان يېقىلسۇن.
ئاكا ـ ئۇكا باھادىرلارنىڭ
يۈرىكىدە چېقىن چېقىلسۇن!

* *
تويمۇ ھازا؟
بەيگە يا مەشرەپ؟
سەلدەك ئاقار ئادەم كەلكۈنى.
پىنھان تۇتار يېشىنى قىزلار،
ھىجرانمۇ بۇ؟
يا ۋىسال كۈنى؟
خوش ـ خوش! ئۇنى سىگەر ئۇپۇققا،
تىترەر تۇپراق ئەكس سادادا.
ئاتلارنىڭ ئاتەش دۇئاسى
چايقىلىدۇ يەردە، ھاۋادا.

خەير! دەپ يۇرت مۆتىۋەرلىرى
سىيپىلايدۇ كۈمۈش ساقالنى.
«ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دەيدۇ،
يادلاڭلار بۇ ھېكمەت ماقالنى.

توپ ئىچىدە شۇ جۈپ كېلىنچەك،
ئۈمتۈلىدۇ سۆزلەشكە لەۋلەر.
قىياق كىرپىك نەملەنگەن ياشتىن،
تىترەيدۇ تەن، تىترەيدۇ بەتتەر...

غەمكىن يۈرۈپ توقايدا ئاخشام
باشلاپ قويغان ھىجران كۈيلىرى،
تۇتاش دىلدا جاراڭلار بۇ دەم؛
يىغلار يۈرەك،
يىغلار ھەر بىرى.

ۋەلېكىن بۇ خەيرلىك سەپەر
ئاۋام بەختى ھەم ئۇلار بەختى.
نۇر ئۇزاتسۇن، كۈلسۇن چاراقلاپ،
پاك سۆيگۈنىڭ شاھانە تەختى!

قۇل يۇرغىلار دەۋرىدى ئەنە،
قالدى سۆيگۈ، قالدى ئەل ماكان.

www.uyghurkitap.com



خەير تاغلار، خەير توقايلىق،
قەۋم - قېرىنداش، خەير، قال ئامان!

* *

يۇر چاپايلى ئۇلار كەينىدىن،
بەرسۇن ئويغاق خىياللار پەرۋاز.
كەچمىشلەرنىڭ تىنىق ئاسمىنى
چىلىلماقتا سايرىتىپ خۇش ساز.

4

بۇندا ئادەم ئىز باسماس چۆللەر،
يوقتۇر ھېچبىر ھاياتتىن نىشان.
كۆرۈندۇ كۆزلەرگە سۇربەت
كۆك گۇمبىزى قەبرىدەك ھامان.

ئاقۇش كېپەن ئىمتاس دەشت ئەينى،
ئۇپۇقلاردا ئاقارغان سۆڭەك.
بىرە - بىرە چېلىققان يانتاق
چەكسىز چۆلگە يارقىن بىر بېزەك.

تۈندە كارۋان قالدۇرۇپ كەتكەن
گۈلخان مىسلى قىزىغان تاشلار.
پايانسىزكى ئېتىكى چۆلنىڭ،
ئىسسىق ئېقىم يالماپ ھۆۋۈلدار.

ئايھاي، شۇنداق دەشتۇ - چۆلكى بۇ،
تىلسىماتلار ئاستىدا ياتقان.
تالاي تاجلار، ئالتۇن قەسىرلەر
بۇدەم بەلكى قوينىدا پىنھان.

تاقىر تاشلار چۆشەيدىغاندۇ
كەچمىشتىكى ئۇلۇغ ئېقىننى.
قىلغان بەلكى بۇ يەر بەھلىيا
قەدىم چاغلار يىراق - يېقىننى.

بەلكىم بۇندا ئاققان دەريالار
ساھىل يالاپ يارقىن مەۋجىدە.
بولغان بەلكىم ئۈزۈلمەس ناخشا
دولقۇنلارنىڭ ھەيۋەت ئەۋجىدە.

بۇ يەردىمۇ كۆلگەن ھاياتلىق
باش، باھارنىڭ گۈلىدەك قوۋناق.
قاچان، نىچۈن ياۋايى ئىقلىم
ئۇنى نابۇت ئەيلىگەن بىۋاق؟!

قاغجىرىغان بۇ دەشت چۆشىگە
ئەگەر مۇمكىن بولسىدى كىرىش؛
كۆرسە ئىنسان قەدىم يىللارنى،
كۆرسە بۇندا ئۇلۇغ گۈللىنىش.

ئاداشمايدۇ ئەقىل، ۋە لېكىن
خۇن بولىدۇ پىغاندا يۈرەك.
ياۋا ئىقلىم تالاپەتلىرى
تاشلار دىللار سەتھىگە كۆيەك.

ئايھاي چۆللەر زېمىن قۇردىشى،
كېلەر بىر چاغ گۈللىنىش چېغىڭ.
يېشىل ئورمان، ئويناق دولقۇننى
قۇچار كۆكسۈڭ، قۇچار ئوت تېغىڭ!

چۆللەر!
تەپتىڭ قۇياشتا،
قۇياش
قۇياش سۆپەت ئەجداتتا تەققاس.
«كارۋان بۇيۇك» ھالقىپ سېنىڭدىن،
شۆھرەت قۇچۇپ يۇرت كەزگىنى راس.

كۆكسۈڭدىكى قىزىل تۇپاڭغا
رەڭ بەرگەنمۇ ئەجداد يۈرىكى؟
ياققان بەلكى چەكسىز ھارارەت
بوۋىلارنىڭ ئۆچمەس تىلىكى!

.......

شۇنداق ئۇيلار ئۆرتەپ باغرىنى،
ئاشار چۆلدىن مەردلەر خىيالچان.
ھېس شەمشىرى پارلداپ روشەن،
ئارمان نۇرى تۆكمدۇ بۇئان.

ئايدا پۈتتى يىللىق مۇساپە،
مەنزىل يېقىن،
ھە كەپمۇ قالدى.
شۇندا كۆردى مۇدھىش مەنزىردە،
ئەل تەقدىرى تىترەككە سالدى.

ھال كېسلى چۈشكەن مايسدەك،
گۈل چىرايلار سۇلغانتى تامام.
قېنى توزدەك ئاۋات رەستلەر؟
قېنى بەردەم تاغ سۈپەت ئاۋام؟

گۆر مىسالى چوڭقۇر قارىچۇقلار
تۇرار ئاجىز ئۇچقۇنداپ، يېنىپ.
قوراي بولۇپ قالغان بوۋاقلار
ئېمەلمىگەن ئانىسى قېنىپ.

چاراسلايدۇ تونۇردەك ئەتراپ،
ئوت تىللىرى يالمايدۇ ھەرئان.
ھاياتلىقنىڭ گۈلگۈن پەسلىنى
شۇم ئەجدىھا قىلىپتۇ پايخان!

ئاھ، شۇم پەلەك، كۆپتۇر قىسمىتىڭ!
ئاھۇ - زارغا باقمايسەن نېچۈن؟
زېمىن ئانا، بۇنچە دىشۋاردىن
سۇ - سۇ بولۇپ ئاقمايسەن نېچۈن؟!

قوشكېزەكلەر بولدى بىتاقەت،
زەر كامانغا بەتلەندى پەيكان.
تىلسىم ئوقلار ئۇچتى غۇيۇلداپ،
تەۋرەپ كەتتى ساۋادىن ھەريان.

ئۇچتى ئوقلار - ئۇچتى قىناسلار،
يىقىلمىدى يەنە ئەجدىھا.
ئاقار يەنە ئۇلغۇيۇپ بەتتەر
زېمىن بويلاپ دولقۇن - دولقۇن نار...

ئوقلار ئۇچتى...
پۈتتى ھەممىسى،
ئۈمىد نۇرى بولدى كىرىمسەن.
ئوپۇقلارنى قۇچقان ساداقتىن
تىلىم - تىلىم ئىز قالدى روشەن.

شۇ ئىزلاردا قان - ياشلىق قىساس،
شۇ ئىزلاردا ئۈمىد شولىسى.
شۇ ئىزلاردىن بالقىيدۇ تىلەك،
بالقار ئەلنىڭ ئارمانلىق ھېسسى!
.......
يىلىلدايدۇ پەقەت بىر ئۈمىد —
ئەگىم ئايدەك ساداقسىز كامان.
چاراسلايدۇ پولات كىرىچى
ئۈمتۈلۈپ كۆك قەھرىگە بۇئان.

باھادىرلار چۆككەن سۈكۈتكە،
كەتلىكلەرگە باقار خىيالچان.
گۆركىرەيدۇ نەرىلەر تارتىپ،
تىنىقلىرى كۆتۈرگەن بوران.

كۆز ئوڭىدا ئاچچىق پاجىئە،
بار ئۈمىدلەر كاماندا شۇتاپ...
ئەنە، ئاخىر توزغىدى سۈكۈت،
سۆز ئېلىشتى مەردلەر شىۋىرلاپ:

«خەير، تۇغقان خۇمارلىق دالام،
يىراقتىكى ئەزىز توقايلار!
خەير چىمەن، گۈزەل كاككۇكۇم،
خەير، يارقىن كۈيچى تورغايلار!

ئامان بول پاك سۈت بەرگەن دەريا،
قامەت بەرگەن مەغرۇر قارىغاي.
ئامان بولغىن بۆك ئورمانلىرىم،
سىرداش بولغان بۇلاقتىكى ئاي.

خەير، جەرەن يايلىغان يايلاق،
خىيال يەتمەس تاغلار ئېتىكى!
خەير ئاسمان، ئاي، يۇلتۇز، قۇياش!
خەير، قان رەڭ يۇلغۇن چېچىكى.

سېغىنساڭلار قېرىنداشلىرىم،
يۇرتۇمدىكى دوست - ئاداشلىرىم،
تېۋىنىڭلار تۇپراق بەختىگە،
كۆز نۇرلىرىم، ئاھ، قاياشلىرىم!

يەلپۈپ ئۆتتى ئىشقىڭلار شۇتاپ،
زىل تار كەبى تىترەپ كەتتى تەن.
تېپىشارمىز دىل سۆيگەن يارلار،
دىدارلىشىپ مەھشەردە جەزمەن.

تىنىدى ئاۋاز — ئاداققى سادا،
ھۇۋۇلدىدى ئىلاھى نەپەس.
قىيماي - قىيماي ئۆتەر مىنۇتلار،
ئۇز نەقەدەر ئاداققى ھەۋەس؟!

* *

تىلسىم كامان ئېتىلدى كۆككە،
(توزىدى غۇنچە قىزارماي تېخى!)
يەر ئانىنى ئالدى باغاشلاپ
ئالتۇن ياشلىق تۆبى دەرىخى!

توزۇپ كەتتى زەبەردەس قامەت،
سىڭدىمىكىن يەرگە، ئەرشكە؟
(ئەجەل قۇچتى ئەجدىھا ئاخىر)،
كۆز ياشلىدى مىليون پەرىشتە!

يامغۇر بولۇپ تۆكۈلدى ياشلار،
ھاتەم. سالدى ئاق كۆكۈل دۇنيا.

ياش سېلىنى يوشۇردى تۇپراق،
ئوت ئۆلكىسى ياشنىدى قايتا.

بوغۇنلاردەك كۆكەردى ھايات،
كۆكەردى يەر، تاللار - بوستانلار.
ئاق، قاغجىراق دالا قوينىدا
ئۈستى توپ - توپ ئارچا، ئورمانلار.

ياغدى يامغۇر — ئاسمان چاچقۇسى،
ئۈكسۈمىدى قۇياش چىققۇچە.
ياغدى ئۇدا، تويۇندى زېمىن،
سۇ يۈگۈردى تا ئۇپۇققىچە.

* *

تىنچىغاندا يامغۇر چاچقۇسى،
چوڭقۇر كۆلدەك جىمىدى ئەتراپ.
مەشرىق ياقتى تىنىق ئۇپۇقنى
مەرمەر قۇياش ئالدى باغاشلاپ.

نۇر تارلىرى ئولاشتى يەرگە،
چاقنار ئەتراپ بىللۇردەك روشەن.
بوشلۇقلاردا قۇياش ناخشىسى،
يۇتتى غۇبار، بولدى گىرىمسەن.

تارام - تارام ھېسلار ئېقىمى
نۇر بىلەن تەڭ سىڭدى تۇپراققا.
ئىپار كەبى توپا ھىدلىرى
يەر بېغىرلاپ ئۇردى دىماغقا.

تاغ بۈركۈتى قاناتلىرىدىن
بەلباغ - بەلباغ سۆيگۈ چېچىلدى.
قىيادىكى زۇمرەتتەك تاشلار
نۇر گۈللىرى بولۇپ ئېچىلدى.

بەرگىلەردە مۈگدەيدۇ تامچە،
مىلك كۈن ئەكسى پارلاشلىرىدا.

يالپۇز، تاللار كۆي تىڭشار دەسخۇش
تولۇپ ئاققان دەريا قىرىدا ......

قۇياش كۆلدى ... كۆلدى بار ھايات،
ئىزگۈلۈككە ئۈندەپ دىللارنى.
قۇياش كۆلدى، قىلدى تەۋەللۇت
ئانا يەرگە ئۆلمەس باھارنى!

ئايھاي، ئەنە زور ھەسەن - ھۈسەن
پارلاپ قالدى كۆكتە يا سۈپەت.
قۇۋانچلىق يۇرت ئەھلى بىزدىن،
تەزلىنىشپ بىلدۈردى ھۆرمەت.

ھەسەن - ھۈسەن تۇراتتى يېنىپ
تاڭ گۈللىرى كەبى ئېچىلىپ.
ئۇنىڭ ئالماس نۇر — زىياسىدىن
تۇرار ئىدى مەردلىك تۆكۈلۈپ.

تۆكۈلەتتى تەبەسسۇم يۇرتقا،
تۆكۈلەتتى سۆيگۈ يالقۇنى.
تۆكۈلەتتى باھادىر دىلنىڭ
ساداقىتى — ئۆچمەس ئالتۇنى ......

ئۇنىڭ ئالماس زىيالىرىدا
تالاي مەنە، تالاي ھېس پىنھان!
ئاۋام بىمەجىت تېۋىندى ئۇزاق،
كەستى قىزلار چېچىمنى شۇئان.

ئۆرۈم - ئۆرۈم دەجنۇنتال چاچلار،
سۇمبۇل چاچلار، قۇندۇز كوكۇلا،
ئاھ، كېسىلدى، كېسىلدى تۇگەل!
قىزلار كۆركى كېسىلدى گويا ....

چەكمەس لېكىن دىللار ئىزتىراپ،
سېغىنىش بۇ مەردلەر روھىغا.

كەچمىش يىللار شۇ بولغان تەكرار،
بولدى ئۇدۇم ھازىرغىچە تا.

*  *

ئۇھ، ...! تىن ئالاي ئەمدى بىر نەپەس،
تۇردۇم ئۇزاق چۈشلەردىن ئەسنەپ.
ئۇچقىن كۆزدىن مۆگدەك خىياللار،
ئويغاق ئەسنا كەلگىن لەپىلدەپ.

5

پۈتتى شۇنداق مەردلىك قىسسىسى،
ھەسەن - ھۈسەن چىمچىقلاتتى كۆز.
تىترىدپ كەتتى ۋۇجۇدۇم شۇئان،
كەلمەي قالدى ئېغىزىمغا سۆز.

پۈتتى قىسسە.
گويا بىر ناخشا
ئىگەللىدى تۇيغۇمنى لەرزان.
كەزدىم يىراق دەۋرانىنى بايا،
يۈرىكىمدە تەسۋىرى ھامان.

ھەسەن - ھۈسەن كەچمىشى،
كەچمىش
ناخشىلارنى ئاڭلاتتىڭ ماڭا.
كارۋان ئاسقان كۈندۈش قوڭغۇراق
سادا بەردى ئۇپۇقتىن گويا.

كۆڭگە سەۋدا كۆيۈك يۈرىكىم
ئۇن ئېمىدۇ ئىپار سابادىن.
ئىزگۈ ھېسسىم قۇچاقلىرىغا
سىڭدى غايىب روھلار ھاۋادىن.

كەلدى شۇ چاغ تىلسىم سادالار
ھەسەن - ھۈسەن نۇرىدىن ماڭا.
«خەير يىگىت، — دېدى ئۇ ياڭراق —
قۇۋانغىن، قۇت تىلەيمەن ساڭا.

uyghurkitap.com

شۇڭغۇپ كىرگىن قاباھەتلەرگە،
پىتىردىسۇن، توزۇسۇن، يىتۇتسۇن.
ئانىلارغا قىلغىن ئىشارە
سەبىيلەرنى نۇر بىلەن كۈتسۇن ....

خەير يىگىت، دىدارلىشارمىز
ئاسمان يەنە چاچقۇ چاچقاندا.
يەنە بۇندا كۈيلەرمىز قىزىپ،
زىمىن تۇغقان يېڭى داستاندا.

بوۋىلارنىڭ كۆلەڭگىسىگە
كۈمۈش چاچسۇن چۈشۈڭدىكى ئاي.
ئامان قالغىن نۇر بالام مۇندا،
خەير، مەنمۇ ھۇجرامغا باراي».

ئىندا قىلدىم «تەنلىرىم ياپراق»:
«ھەسەن ـ ھۈسەن،
ھېكمەت جەۋھىرى؛
پىنھان قىلما نۇرۇڭنى بىر پەس،
نۇرغا تەشنا كۆزۈم گۆھىرى.

نۇرلار ئارا چايقالسۇن قېنىم،
ئەرلىك سىڭسۇن ئۇگا ـ ئۇگىلىمغا.
ئارمانىمنى بەرسۇن بىگۇمان،
تاڭلا بارسام ئەلگە سالاردا.

قىلما بىر پەس نۇرۇڭنى پىنھان،
ئۇندا مەنە بەك چوڭقۇر ئوكيان.
چىللار شۇدەم قاينىلىرىدا
دولقۇنلاردەك دەۋرىگەن ئارمان ....»

ھەسەن ـ ھۈسەن چاقىندى سىرلىق،
بولدى ئاستا نەگىدۇر پىنھان.
قالدىم ئاڭا قۇچاق ئاچتانچە ...
قالدى دىلدا ۋىسالىق ئارمان ...

مۇھەممەتجان ئەمەت

## يوللار

يۈرىكىمنى بېرەي، بول، ھەمدەم

بەلكىم،
چۈشىنەرسەن سىرىمنى جەزمەن،
بىر ساڭىلا يورۇق كۆزۈم نەم.
چۈشەنمەكنى ئىزدىسەڭ تولۇق،
يۈرىكىمنى بېرەي بول ھەمدەم.

كېچىلەرنى ئۆرتەپ ئارماندا،
نېمىلەرنى تاپاي مەن سەنسىز؟
ئازابلىما، گۇناھكار كۆڭلۈم،
قايتا ئىزھار قىلماسمەن ھەرگىز.

بەلكىم،
ئۆچۈرىتارمەن يەنە زاللاردا،
سوغۇق نەزەر تاشلاپ بىپەرۋا.
كۆزلىرىمدىن يۈتتى ئىزتىراپ،
يېلىنىشنى كۈتمە پەقەتلا ...!

ئىشەن يولۇم ئازغان بۇ يەرگە

ئىشەن، يولۇم ئازغان بۇ يەرگە،
مېنىڭ ئىزىپ كەلگىنىم ئايان،
چۈشەن، يولۇم چەكتى مىڭ ئازار
تاپتى ياتلار لەرزە ـ ھاياجان.

ئەمەن، يولۇم ئازغان بۇ يەرگە،
مېنىڭ ئېزىپ كەلمىكىم ئاسان.
روشەن مېنىڭ خروستال ئەقلىم،
كەلگەن يولدىن ئازماي ھەر قاچان.

ئەمەن، يولۇم ئازغان بۇ يەرگە،
كەلمەس بولدۇم ئەمدى ھېچقاچان.
خۇرسەن كېلىپ كۆرگەندە سەھنە،
لەپىلدىگەن بىر يىرتىق ئېكران.

ئەمەن، يولۇم ئازغان بۇ يەرگە،
ھەتتا خىيال بەرمەيمەن راۋان.
دەردمەن يۈرەك غۇلاتسا ھايات،
مەست تۇپراقنى قىلالماس ماكان.

## سەپەردىكى يوللار

1

ئەتىگەنلا تەمتىم بۇ يوللار
ئەيدى شۇنچە يۈگرۈك ۋە تەمكىن.
يېتەلمىسە ئۇ كۈتكىنىگە،
ئاخشامدىلا توختىشى قىيىن.

ئېچىرقىغان سەۋدا شەپەرەك
ئازدۇرالماس يېلىنسا تەكرار.
بەلكى كەچكە ئۇتاشقىچە ئوت،
ئويغاق يولنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلا.

2

تېخى يوللار ئويغانماستىنلا
ئەگەر شامال قويسا ئۈچۈرۈپ،
كاھىشلىرى مۆمكىن ئاياغلار،
قويغىنىغا كۆزلەر يېتتۈرۈپ.

3

قىزارغانچە كېچىككەن يوللار
مەڭدەپ كەلسە قۇياشنى باشلاپ.
ئۈچرىتىشى ئېنىق دالىدا
يېڭى ياتقان ئىزنى يانپاشلاپ.

بەلكىم سىلكىپ قويدۇق كىمگىدۇ
كەشتىسى يوق زەڭگەر قول ياغلىق.
بەلكىم كۆلدۈك ئاداققى قېتىم،
ئەسلى كۆلكە ساڭىلا تالىق.

كىم ھەسرەتلىك ئۆكسىمەس مۇندا،
نەۋ باھارنى يالمىسا بوران.
كىم چىدايدۇ يوقالسا قۇياش،
زۇلمەت بىلەن پۈركەلسە جاھان!

جۇدۇن ئۈزگەن مەردانە گۈللەر
مۆمكىن كۆكتە سەرسان ئۈچۈشى.
مۆمكىن يەنە ئاداققى قېتىم
كۆك سەتھىنى مەغرۇر قۇچۇشى.

كېتەرىڭدە مۇندىن خوشلىشىپ،
بەلكىم كۆزۈڭ ياشلاندى غەملىك.
بەلكىم تىنچ كەتتىڭ ئويقۇغا،
بەلكىم بۇدەم بېشىڭنى سىيلاپ،
ئۇلتۇرغاندۇ رەھىملىك ئاللا!
بەلكىم.....

## چۈشلىرىمنى چاقىرار ئاخشام

ئېزىپ قالغان سارالىق چۈشلىرىم
ئىزدەر خىلۋەت، ئاراملىق ماكان.
كۆرۈنىدۇ بۇ دۇنيا بىر خىل
كۆزلىرىنى قاپلىغاچ تۇمان.

ئۇ ئىزدەيدۇ يېڭى بىر سۆيگۈ
كەچمىشىدىن بىزار بوپ هامان.

ۋىسالىغا يەتكەن مەجنۇن تال
ياش تۆكىدۇ هىجراندا ئىچۈن.
تېخى ئاخشام ئازغان چۈشلىرىم
هېسلىرىمنى تىلەيدۇ بۇگۈن.
ئاھ، بىر ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ
چۈشلىرىمنى چاقىرماق ئۈچۈن.

## ئۆزۈك تاپ

مەن گوياكى بوش قالغان بىر ئۆي،
ئىشىكىمۇ يوق،
دېرىزىسىمۇ يوق
تۈڭلۈكىمۇ يوق.
پەقەت كەلتۈر چىراغىنى ئالداپ،
مەن خەزىنە لىق تولغان بىر ئۆي.
ئىشىكى بار،
دېرىزىسى بار،
تۈڭلۈكى بار
پەقەت ئۆزۈك تاپقىن ئاۋايلاپ.

## سەن خالايسەن تاللا قايسىنى ...؟

ئۈنچە سوغۇق ئەمەستۇر بۇ يەر،
بەلكىم ئىللىق بولمىغان هامان.
سەن قانچىلىك چۈشەنگەن قەدەر،
چۆكەلمەس كۆز پەكتىگە راۋان.
كۆپ باهارنى ئۇزاتقان باغلار،
كۆپ قىشنى هەم قەدىرلەپ ئوخشاش.
سەن خالايسەن تاللا قايسىنى ....؟
ئەتە ساڭا هازىردۇر ياپياش.

ئۈنچە ئاسان ئەمەستۇر ياشاش،
ئۈنچە قىيىن ئەمەستۇر ۋە ئۆلمەك.
ئۈنچە ئاسان ئەمەس ياقتۇرۇش،
ئۈنچە قىيىن ئەمەس ئۆچ كۆرمەك.

## قەدىرلەيمەن سېنى مەن ئامراق

قەدىرلەيمەن سېنى مەن، ئامراق،
مۇمكىن سەندىن سورىشىم قىممەت.
قەدىرلەيمەن، سېنى مەن، ئامراق
مۇمكىن ماڭا پاغدۇرساڭ لەنەت.
تاپالىشىم قىيىندۇر قوزام
نېمىلەرنى بېرىشىم كېرەك،
ئالدىنىشىم ئېنىق يوشۇرسام،
مەن ئالدىڭدا يەنىلا گۆدەك.

چۈشىنىشىم مۇمكىن ئاددىيلا،
سېنى هەتتا تونۇشلار سۈپەت.
بېرەلمىسەم كۈتكەنلىرىڭنى
قىلماسلىقىڭ مۇمكىنغۇ شەپقەت؟!

## ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى

1

بەلكىم بىلەلمەيسەن تۇغۇلغۇنۇمنى،
ياكى ئەللەيلىگەن كۈنلەردە ئۇزاق.
بەلكىم كۆرمىگەنسەن ئاڭلاپ ئۇنۇمنى،
ياكى بار ناخشامغا سەن تۇتقان قۇلاق.

2

شۇنداق، مەن بىلىمەن قەددىم ئورمانىنى،
هەتتا باشلاپ بېرىشىم مۇمكىن.
شۇنداق مەن بىلىمەن قەددىم ئورمانىنى،
هەتتا يولدا ئېزىشىم مۇمكىن.

## شېئىر، بۇ سېنىڭ هېسسىياتىڭ

ياق،
بېرەلمەيمەن ساڭا بىر زەررە
ئاختۇر ئۆزۈڭنى.
ياراتقانمەن سەندە بىر يۈرەك،

كۆزۈك كۆز،
ئۆزۈك تاللا،
ئۆزۈك ياخشى كۆر،
ئۆزۈك تۆك نەپرەت.
بێرەلىشىم مۇمكىن مۇھەببەت
ھێسسىياتىم سورىما زىنھار،
سەن ئۆزۈكنى تۇتۇپ قايتىدىن.
ئەگەر مێنى ياراتساڭ قىممەت،
ھەقلىق مەندىن تىكلىسەڭ ئىلاھ.
مۇمكىن ھەتتا بولۇشۇم بەندە،
بێرەلەيمەن ھەتتاكى قەترە.
ئۆز ھێسسىياتىڭدا ئەي شێئىرىم،
رەھمەت ...!
ئۇرالساڭ قاتتىق بىر كاچات.

مەن بىلمەمەن

سۇ!
سۇ!
مەن چاڭقاق ئادەم.
مۇشۇ دەقىقە،
كىم بێرەلەر ماڭا بىر تامچە.
مەن سۇغا تەشنا
ئاھ، سۇ
سۇ،
كىم بێرەلەر ماڭا بىر سەبرە.
مەن بىلمەمەن
ئۇلار ھەممىسىنى ئێيتار
ئێيتار ماڭا چاڭقاشقىنىمنى!

مۇھەببەت، نەپرەت

ساڭا قىلچە رەھىم قىلماستىن،
تۆككەن بولسام قانچىلىك لەنەت.
ئەسلەپ كۆرگىن تۆككەن ئارتۇقراق،
شەبنەم كەبى سۆزۈك مۇھەببەت.

سەن تێخىچە بەخت ئىزدەمسەن؟

باغلار ئىپار، باغلار بەك كۆركەم،
ئۇنئۇت بارچە قايغۇڭنى ئەركەم.
سەن تێخىچە ئىزدەمسەن بەخت؟
مەن دۇنيانى ئۇنتۇلغان نىكەم.

رەھمەت

رەھمەت!
بىر مێنىلا كۆتۈپسەن ئۇزاق،
رەھمەت مێنى ئۇنتۇلغانىغا ھەم،
چۈشلىرىڭگە كەلسە دەپ تێزراق،
دەريا ـ دەريا ياش تۆككەن ئەركەم.

رەھمەت!
يێتىم كەبى باش ئێگىپ ۋەدەڭ.
چىللىماقتا مێنى پىنھانىغا.
بەلكىم بىلمەس كێچىككىنىمنى،
غەمسىز قونغان قۇشتەك ئورمانىغا.

رەھمەت!
ئۇنتۇلمايسەن غەم باسقان چێغىڭ،
ئۆكۈنۈشنى ئۇنتۇپسەن تامام.
يوق كۆزۈمدە ئىزدىگەنلىرىڭ،
بەرسەڭ ماڭا بىردەملىك ئارام.
رەھمەت!

دێڭىز

ئۇنچە غەۋغا كۆتۈرمەك نىچۈن؟
ئەسلا سێنى دێمەيمەن تىنچلان،
دولقۇنلاردا سۇنسا جەسۇرلۇق،
مەۋجۇت بولماس كۆپۈك ھێچقاچان.

قىرغاقلارنى خۇش قىلغان ئۇپقۇن،
قىيالارنى رەنجىتكەن تالاي.

ھەتتا ساڭا چۆككەن يۇلتۇزلار،
كۆتەلمەيدۇ دائىم خۇش چىراي.

پالاقلارغا دوق قىلدىڭ بەزەن،
بىلىقلارغا قىيماي يېرتتىڭ تور.
كېمىلەرنى قويدۇڭ نىشانسىز،
گاھ تۈنلىرى ئۇھ تارتىپ چوڭقۇر.
ھەتتا مېنى يۇتۇشۇڭ ئېنىق،
بەلكىم سېنى سۆيگىنىم گۇناھ.
قېيىقلارنى كەتكەن كىم تاشلاپ؟
سەن بولمىغان بولارغا ئاگاھ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## تورغاق

پەلەكنىڭ چاقى تۆگمەنمۇ،
ئۇن تارتامدۇ ئادەمدە؟
— خەلق قوشىقى.

1

ھال رەڭ كۆك ئاستىدا ئۇچقان بىر كەپتەر
نىگاھىم بېتىگە كەشتىلەپ ئۇچقۇن
يوقالدى بۇلۇتلار باغرىغا سىڭىپ.
مەن سۆيگەن دىلبەرنىڭ قۇندۇزرەڭ چېچى
ئاسمان گۈمبىزىگە يېيىلدى ئاستا،
يالتىراق بىر قوڭغۇز يوقالدى ئېرىپ،
جىمىلىقنىڭ شارابىدەك قۇدرىتى ئارا.
تەقدىرى ئەسەبىي قوللاردا قالغان،
ئۇلانىڭ توزىغان پەيلىرىسىمان
ھەسرەتلىك بىر ناخشا تارالدى ھەريان.
ئۇشبۇ دەم ھالىدىن كەتتى نازاكەت،
ھاۋاغا ئۆرلىدى سوغۇق بىر نەپەس.
تىترەڭگۈ ھاياجان قالدى كۆۋدەجەپ
رەسىدە كۆكسىدە يامغۇر سۈيىنىڭ
ئۇخلايدۇ چاقماقلار، ئۇخلايدۇ ئاسمان،
ئۇخلايدۇ ئەرۋاھى كۆل رەڭ بۇلۇتنىڭ،
ئۇخلايدۇ قاناتلار
قېقىلغان مەيىن
ئۇخلايدۇ تۇزلۇق ھەم چۇچۇمەل پۇراق،
ئۇخلايدۇ،
ئۇخلايدۇ،
ئۇخلايدۇ شۇدەم،
رەسىدە كۆكسىدە يامغۇر سۈيىنىڭ.

ئېڭىمدا بىر ساھىل
ئۇندا ئېسكىلىت
تۇردۇ سۇلايمان ھاسىسى كەبى.
بەئەينى ئالۋۇندەك تاشلىنار كۆزگە
قۇياش ئايلىنىشىدىن قالغان سىزىقلار.
بۇ يەردە گۈلخانلار ياندى ھەم ئۆچتى.
ياندى ھەم
ئۆچتى ھەم
ياندى ھەم ئۆچتى.
ئۇپۇققا لەۋ ياققان دولقۇن تېنىگە
قاراپ ئېقىپ كەتتى قوي كۆز گۆھىرى،
تەنىنىڭ قەپىسىنى پاچاقلاپ يۈرەك
مۇستەھكەم بىر تاشقا ئايلىنىپ كەتتى.
شاماللار دېڭىزغا يازماق ئۇچۇن شېئىر
پات - پات قەلىمىنى سۈركەيدۇ ئاڭا.
تاڭلار تۇغۇلمايدۇ ئۇپۇقتىن ئەسلا،
ئاشۇ تاش تاڭلارغا ھامىلدار ئانا.

ئاتتى شۇ ساھىلغا بىر خۇمرىنى...
زەرلەر يالتىرىشىنى يالماپ ھەم يۇتۇپ

تىنىمسىز دەۋرىگەن زىدىم — زىدىيا دولقۇن
ئويمانغا لىق تولغان يامغۇر سۈيىنى
شاللاق بۇلۇتلارنى
قاڭسىق گۈگۈمنى
سانجىق قىسمىتىگە،
ئۈكسۈشىگە سىلىپ.
كەتكەن جان خۇمرىنىڭ ئىچىدە
بەلكىم
ئىسراپىل نەرىسىدەك شاۋقۇنىنى بىسىپ.
خۇمرىنىڭ ئىچىدىن چىقتى بىر سادا:
— ئەسلى مەن سىلەرنى قىلغان بىناۋا.

ئەنە،
كۆز ئالدىمدا ئۇتلۇق بىر يىلان
تەگرىنىڭ كۈچىنى قىلدۇ ئايان.
ئۇنىڭ تىنى شىۋى قەدرىدەك،
پەيلەر ئۇچۇپ يۈرەر ھەرىلەرسىمان.
ئەنە،
كۆز ئالدىمدا ئۇتلۇق بىر يىلان
بوشلۇقتا بەھۇزر قىلماقتا جەۋلان.
سىپىپ ئۇچقۇنلاردىن كىچىلەرگە داِن،
پارلىدى چاقماقنىڭ يالقۇنىسىمان.
ئەنە،
كۆز ئالدىمدا ئۇتلۇق بىر يىلان —
گىرىمسەن دەرگاھتا غايىب بولغان جان.
ئەنە،
كۆز ئالدىمدا ئۇتلۇق بىر يىلان.
زەنجىر ھالقىلىرى تۇتاشقان يەردە،
تەبەسسۇم ھەم نەپەس ئاراچىلىرىدا.
باللار ئاسلانلارغا ئۆي سالغان جايدا،
لاغايلاپ،
تەمتىرەپ،
تىنەپ ھەم يوچۇن
ئەي ئۆلۈم قايسى چاغ قۇچتۇڭ سەن زەپەر؟!

قۇردىنىس بۇلاقتىن باشلانغان بىر يول
مىنى ئىلىپ كەتتى يىراق بىر جايغا.

سەن ئۆتكەن ئۆتەڭدە چىچىنى تاراپ
ناخشىلار ئىيتىمىز يالغاچ ئاخشام.

2

قۇملار ئۆركىشىدىن ئاتلار كىشنىشى
ئۆرلەيدۇ ۋە كۆكتە ياسايدۇ غەلىيان.
نوقۇپ سازەندىنىڭ خىياللىرىنى،
قالۇنىنىڭ تارىغا قونىدۇ شۇئان.
تاش تىگىپ غارىدا ئۆلگەن شەيتانىنىڭ
جەسەت كۆللىرىنى قوچۇيدۇ بارماق.
ئۇنىڭ قارنى ئىچرە قۇرئان ۋە نومنىڭ
چىرىپ ئۇۋاق بولغان ۋاراقلىرىنى
شامالار توزۇتۇپ چاچىدۇ تارقاق.
ئىچۇندۇر يىپىلغان ئاقۇش پەردىدەك
سۇبھىنىڭ جامالى تاشلاندى كۆزگە.
مۇئەللەق ئابىدە
بىر تاش ئابىدە
قورۇقلار قاپلىغان باغرىنى ئىچىپ
كىرىشتى ئىلاھى سۆكۈتلۈك سۆزگە.

گۈللەر ئۇرۇقىنى چاچتى دالىغا
كۆكۈچ شاۋقۇن ئارا ئۇچقان بىر سادا
سۈسۈن رەڭ ئىتەكنىڭ يەلپۈشلىرىدىن
بارغانچە ئۇلغىيىپ كۈندۈز يالقۇنى،
جىرا ھەم ئۆڭكۈرگە يايىدۇ قۇچاق.
پەرىلەر خۇشلۇقى يايىدۇ چەمبەر
سۈزۈك سۇ بىتىگە يىغىناغۇچسىمان.
ئالەمگە تور يىيىپ يۈرگەن رەقەمنىڭ
بويلاپ ئەڭ نۇقتىسىنى كۆپ
نۇسرەت ھىدلىرىغا قويۇپ بىشىنى
ئۆچەكلەر دەۋرىگە كىردى بۇ ئاسمان.
ئەنە،
كۆك بۆرىلەر ئىز سالغان ئورمان
قۇشلار بەزمىسىنى كىيىپ بىشىغا

كۆك بىلەن سىردىشىپ
سۆرىدۇ دەۋران.
ئالتۇن رەڭ خورازنىڭ قۇۋناق چىللىشى
شەپەقنىڭ ئىلكىدە كۆپچۈپ بىتىپتىم،
ئۈپۈقلار باغرىنى قىلىدۇ يەكسان.
تاغلاردا،
باغلاردا،
باياۋانلاردا،
يېشىل چىمەنلىقلاردا ھەم قۇۋۇقلاردا
تۇغ - ئەلەم لەپىلدەپ قالدۇرغان سايە
كۆكۈللۈك ئايەمدىن قالغان ئىبارە.

ئەجدىھا دەرەخنىڭ غازاڭلىرىدىن
يوللىدى چىلان رەڭ تۇپراققا سالام.
ئۆرلەپ ھەر تەرەپتىن ئوسما رەڭ جولا،
پەلەكنىڭ تېنىگە بولۇپ قالدى ھەل،
قېقىپ قان تامچىغان قاناتلىرىنى،
بوشلۇقنىڭ باغرىدا ئەۋجىدى شامال،
تۇمانلار شەھرىدە تۇتۇشتى ماكان
قانلاردىن يىلانلار تۆرىلىپ دەرھال.

ئابىدە،
ئابىدە،
غايىب ئابىدە،
پەرىشان بولۇشقان سارغۇچ گۈل بەرگى
كارۋان ئىزى ئۆچكەن دالىنى بويلاپ
ئېيتقىنا،
ئۇن - تىنسىز بارار قاياققا؟
بۇ يوللار خىزىرمۇ ماڭمىغان يوللار،
تەڭرى ئوڭ كۆزىنى سالمىغان يوللار،
يوق شۇڭا ھېچقانداق خىسلەتلىك بەلگۈ
شەيتانلار پۇتىغا باغلىنىپ پىچاق
نۇھ كېمىسىنىڭ ئىزنالىرىنى
دەسسەپ ئەيلىشىدۇ زەررىلەرسىمان
ھەم يولنى ياسىشار كوھىقاپ تامان.

ھۇلىغا تىنىك تۇرغان شۇ ئابىدىنىڭ
دۈۋىلەپ سەھەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى،
كەتتىم مەن ھېچ قاچان كۆرمىگەن جايغا
توساتتىن ئۇچرىدى ئەنە
تاش ئورمان،
ئۇندا بىر كەپە بار مەزمۇت ھەم ئامان.
ئورمانچى ئولتۇرۇپ كولۇك ئالدىدا
تىلەر ئاۋازىنى ئۆتمۈشتىن ھامان.
ئەنە،
قونۇۋاپتۇ تاش ئەتىرگۈلگە
يۈرەكتەك قىپقىزىل ياش ئەتىرگۈلگە
ھۇۋلاشتىن ئۇيىغان كۆمۈش رەڭ مارجان.

3

ئۇخلىتىپ كۆزەتچى چىراغلىرىنى
سوزۇشۇپ بويىنىنى كۆل رەڭ رەستىلەر
تۆشەكنىڭ ھىدىدىن بولۇپ كېتەر مەس
قىرلىق سايىلارنىڭ قەۋەتلىرىدە
ئاپئاق قۇرت كەبى ئۆمىلەر چىشلار.
رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن دېسكو ناخشىسى
يۇمشاق پەنجىرلەرنىڭ ئاستىدىن قاڭقىپ
قونىدۇ تاملارنىڭ قاناتلىرىغا
مەست بولۇپ ئوينىغان قاڭسىق قۇسۇقتىن
پۇتلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدۇ ئىتلار.

سىرلىرى تۆكۈلگەن ئېگىز مۇنارىدىن
كۆچۈپ كەتتى يىراققا؛
تىترەپ - تىترەپ ئىشىغان بەدەن
ماشىنا ئۈنىنىڭ يېپىنچىسىدا
تولغىنىدۇ چاڭلانغان ناۋا.
بارماق ئارىسىدىن سىرغىپ چىققان ياش
بولۇپ بۇ سەكپارە ئالەمگە قاداق
ياپراق سايىسىدا ياتىدۇ بىھوش،
بىراق

كۆكنار ئېتىزلىرىنى يوپۇتۇپ ئاستا
ئۆي - ئۆيلەرگە توشۇيدۇ سىملار
تۈن شۆلگەيلىرى
سارغۇچ رەڭ داغلارنى قالدۇرار تاڭغا.
چىڭقالغان بەدەن
ئۇدۇلىدا بىر كۆزنىڭ
مىس رەڭگىنى قىلىدۇ ئايان.
مەنزىلىگە چوكا مۇز قەغىزى
ماركىسىزلا بارىدۇ بۇدەم.

«بۇغدا» ماركىلىق پىۋا كۆپۈكى
رەيھان دانىسىنى ئېلىپ يۈزلەردىن
ئەرش تۇپرىقىغا تىكىدۇ بىر - بىر،
ھاۋا ئانىسىنىڭ ئېتىدىكى نۇر
باغچا ھاۋاسىدا ئايلىنىپ پىر - پىر
سىڭىپ كېتەر خۇش پۇراق بۇدۇر چاچلارغا.

بۇندا كۆرۈنمىگەچ قۇشلار پەرۋازى
چاتقال ئارىسىدا تۇرغان يالقۇننى
پىكاسسو① سىزمىسىغا ئوخشىتىپ بىرسى
قۇش دېگەن ماۋزۇدا چىقىپتۇ سىزىپ،
سىم - سىم يامغۇر ياغقاندا بەزەن
دەسسەپ تاشلارغا
ئۆتۈپ قالار قەدىمىي بىر رىۋايەت
شۇندا نەم تۇپراقنىڭ ئەزگۈ پۇرىقى
كىرىۋالار بىر شائىرنىڭ ئويىغا
ئاقساپ - ئاقساپ
لېۋىنى چىشلەپ

.................................
ھاۋاغا ئېبلىسنىڭ قاناتلىرىنى
پۈركىگەندە تۇرخۇنلار
خۇدانىڭ ئالدىدا يىغلايدۇ تۇپراق
— خۇدا
نېمە قوشقان ئىدىڭ ئادەم لېيىغا؟

* *

ۋاقتىنىڭ پايانسىز خارابىسىغا
قاسراقلار تاشلىنار
چىرىپ ھەم توزار
شۇڭا
تەبەسسۇمنىڭ قۇيرۇقلىرىدا
لەپىلدەپ تۇرىدۇ ئاپئاق لېنتىلار
ئاپئاق ئاي نۇرىدەك نەي ساداسىدىن
خىيالچان بىر دۇنيا يېپىلدى ئاستا.
ئۇندا ئۇپۇق تامان ئاققان بىر دەريا
دولقۇنلار شېھىتلەر قەبرىسى گويا.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

## شېئىرلار

### كۆي قەسرىدە قالدى بىر ھەيكەل

(ئاتاقلىق شائىر مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

باغرى قاتتىق ئەي يۈزسىز ئالەم،
كەلكۈن مىسلى توختاۋسىز ئەجەل!
ئاھ، پەيلىڭگە باش ئەگمەس ئادەم،
قىسمىتىڭدە بولغانمۇ ئەزەل؟...

بەرھەق، ھەتتا يۈكسەك چوققىلار،
توزلەڭ بولۇپ قالار ئاخىر دەم.
گۈل چايقىغان ياقۇت رەڭ باغلار
ئۆز ھۆسنىدە چۆلنى ئەيلەر جەم.

① پىكاسسو (1881 — 1973) ئىسپانىيە رەسسامى

قىسمەت دېگەن قىسمەتتۇر، لېكىن،
ئۆز ئەركىدە شاھانە سۆيگۈ.
تەسەللىيمۇ بىر مەررە تىزگىن،
تەخىر سۆزى بولسىمۇ ئېزگۈ.

ئۆلۈم-دېمەك بۇ باقىي كەچمىش،
كۆزلىرىمگە تەگلىسۇن ئالقان.
بويسۇنمىدى چوگقۇر ئېچىنىش،
دۇم پىرقىراپ قارىچۇقتا جاھان.

يىراق سەھرا قىشلاقلىرىدا
ئايدىڭ كېچە ئاڭلانسا غەزەل.
قىزلار پەخرى «تۇگىمەس ناخشا»
يىگىتلەردىن سىر يوللىغان دەل.

«ئانا ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»
يۇرت ئىشقىغا ياققان چىغى ئوت.
ۋەتەنداشلار يات ئەلدە، تۇگەل
سۇرمە قىلغان بەلكىم سىزىپ قۇت.

«ئىلمىي ئاروز» تەگرىسى — پەخرى،
ناۋايىنىڭ ئەقلىگە تەگداش،
يارالسۇن ئۇلۇغ كۆي ئەھلى،
ئۇ، كۆتۈرگەن دەۋرىمىزدە باش.

ئويناق نەزمە «ئىشقىي غەزەللەر»،
ياراتقاندا يۈكسەك لىرىكا.
كۆي ساھىلى كۆرسىتىپ گۈللەر،
قۇت دولقۇنى ئويناتتى چايكا.

ئاھ، ئاشۇنداق بىر ئۇلۇغ شائىر
بىزنىڭ ئىدى — بىزنىڭ ئەبىدى.
ئۇندا نەپەس توختىدى ھازىر،
لېكىن دىلدا قالدى ھەيكىلى.

ئۇ تۆرەلگەن ئەي يۈكسەك ئابرال،
ھەشقاللادىن مەڭگۈ پەخرلەن!

قەد كەر يەنە بولما يىغلاپ دال،
سەن ئاشۇنداق شائىرغا ۋەتەن!

گۈل بەرگىدە يالتىرار يېشىمك...

كۆمۈش سەھەر، قىلىچتەك تاغلار
بويلىرىنى يۇغان ئاپئاق نۇر.
ئەتىرە يۇرتى — لالىزار باغلار،
ئۇپۇقلارغا سوزۇلغان قۇر-قۇر.

ئاھ ئاشۇنداق چىرايلىق تۇپراق،
بىزنىڭ دىلبەر، بىزنىڭ سەيلىگاھ.
چىق خاناڭدىن باشلايلى چاقچاق،
گۈلزارلارغا تۇشلاپ شوخ نىگاھ.

شادلىق يېشى تۆكۈشمەيلى يار،
گۈل بەرگىدە يالتىرار يېشىمك.
گۈل بەرگىدە يېشىم يالتىرار،
شەبنەملەردە مېھرىم ۋە مېھرىڭ.

ئاي كۈلگەن بۇلاق

تىنىقىمغا چىرماشقان ناخشام،
يۇمۇق لەۋدە ئۆكسۈيدۇ تىنماي.
كۆكتە يۇلتۇز چېچىلغان ئاخشام،
ئەللەي ئېتەر مېنى پىنھان جاي.

ئەللەي ئېتەر مېنى پىنھان جاي،
ئولتۇرىمەن چىملىق قىرغاقتا.
سۇ ئۇپۇقتىن كۆككە لەيلەپ ئاي،
كۆلەڭگىسى چۆكتى بۇلاققا.

جۇشقۇن كۈيى دىلبەر ئىشقىنىڭ،
ئاي لەيلىگەن، ئاي كۈلگەن بۇلاق!
ئاي باغرىڭغا چۆشكەندە سىنىڭ،
يار قېشىڭغا كەلمەيتۇ يىراق؟...

## كۆكلەم سېنى سىزىپ كېلىمەن

گۈل زادىلار زەڭگەر قىرغاقلار
تاڭ نۇرىدا چايقار ئېزگۈ رەڭ.
بوستانلارغا چۆككەن قىشلاقلار،
يېشىللىقتا چۆشكەن ئاپئاق مەڭ.

چوققىلاردا باھار تۇمانى،
ئۇندا زەر بوپ كۆيمەكتە شەپەق.
ھارغىن ئايدا ئاق قۇ پەرۋازى،
كۆكلەملەرنىڭ بايانى بۇ نەق.

قېيىق ئاتار جىلغىدا ئاھۇ،
بۈركۈت كۆكتە باشلىسا پەرۋاز.
مەرگەنلەرگە سېلىپ بىر تۈيغۇ،
شەپە بېرەر ئورمان سەرۋىناز.

كۆكلەم، سېنى سىزىپ كېلىمەن،
نىگاھىمدا ئۇپۇقسىز جاھان.
مەن ئەركەتمەن ساڭا بۆلەنگەن،
كۆلدۇر يەنە تۇغۇلسۇن ئارمان.


كەل ئارىقىم، باغلاردا چېچەك...

مەست تۇمانلار داۋالغۇغان تاڭ
كۆزنىكىمدە تەۋرەنسە چېچەك؛
قار، چۇقلارغا يەتتى بىر خىل ئاڭ،
(سەن ئالدىمدا كۈلۈپ تۇرغاندەك.)

ئەسىر بولۇپ تەنتەك ھېسلارغا،
گۈل باغلارغا ئۇزاپ ئالدىم يول.
چۆشلىرىمدە تولۇلغان ناخشا،
دىلبەر سۆپەت سۇندى ئۇللىق قول.

كەل ئارىقىم، باغلاردا چېچەك
شاخ ـ شاخلاردا يايدى ئاپئاق پەر.
تارت ئۇنىڭدىن بويۇڭغا ئىچەك
ئەسكە چۈشسۈن تويلاشقان كۈنلەر.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل تەھرىرى: ئوسمانجان ساۋۇت



نۇرمۇھەممەت توختى

(پوۋېست)

## ۋەسىيەت ۋە قەسەم

يېرىم كېچە، قادىر ئاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان. ئۇ، كىرىسىن چىراغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئايۋاننىڭ ئىسلاشقان تورۇسىغا تىكىلىپ ياتاتتى. پىكىرلىرى توخۇ تاتىلىغان تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەندى. ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بەزى-بەزىدە پىكىرلىرىنى زورمۇ زور يىغىپ، يېنىدا ياتقان ئاتىسىنىڭ ئاجىز نەپەس ئېلىشلىرىغا قۇلاق سالاتتى.

— قادىر ئاخۇن بالام، — بوۋاينىڭ بوش چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قادىرئاخۇن ئورنىدىن لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— خوش، دادا!

— بالام، مېنى باغقا ئېلىپ چىقىڭلا...

قادىرئاخۇننىڭ ئاچىسى ھەۋزىخان، ئىنىسى سابىرئاخۇنلارمۇ بوۋاينىڭ يېنىدا ياتقانىدى. ئۇلارمۇ ئويغاندى. قادىرئاخۇن ئاتىسىغا:

— دادا، باغدا نېمە ئىش بارىدى؟ بىرەر نەرسە لازىم بولسا بىز ئەكىرەيلى... — دېدى.

— ياق، بالام، مېنى باغقا ئېلىپ چىقىڭلار، مەن ھەممە گەپنى ئاشۇ يەردە دەيمەن. مېنى باغقا ئېلىپ چىقىڭلار...

بوۋاينىڭ ئىسمى قاسىم ئاخۇن ئىدى. يېشى يەتمىشتىن ئاشقان قاسىم ئاكىنىڭ

ئاغرىپ قالغىنىغا يىگىرمە كۈندىن ئاشقان، مىجەزى كۈندىن-كۈنگە پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىرىنچى كۈندىيۇ باشلاپ ئۇنىڭ سەككىز پەرزەنتىنىڭ قولى ئىشتىن توختىدى. بولۇپمۇ چوڭ قىز ھەۋزىخان بىلەن چوڭ ئوغۇل قادىرئاخۇن ئاتىسىنىڭ يېنىدىن بىر سائەتمۇ ئايرىلمىدى. گەرچە بوۋاينىڭ گەپ-سۆزلىرى جايىدا بولسىمۇ، ئىمزادىن قېلىشى، جۇدەپ، سارغىيىپ، بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ ئاجىزلاپ كېتىشى ئۇلارنىڭ قەلبىگە جۇدالىقنىڭ مەشۇم كۆلەڭگىسىنى تاشلىغاندى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى قادىرئاخۇن ئاتىسىنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاتماقچى بولغانىدى، لېكىن بوۋاي رەت قىلدى. ئۆز سۆزلۈك ئاتىنىڭ رايىغا باقماي بولمىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بوۋاينىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. بوش ۋە ئاجىز نەپەس ئېلىشلىرىلا ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

بوۋاي ئىككى كۈندىن بېرى بۈگۈن ئەتىگەن بىرىنچى قېتىم گەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ ھەممە بالىلىرىنى پاختىلارنى تېرىۋېلىڭلار، كۈزنىڭ ئاخىرقى ئىشلىرىنى قىلىۋېلىڭلار، دەپ ماڭدۇرۇۋەتتى. لېكىن قادىرئاخۇننى «بالام، سىز كەتمەڭ، سىز يېنىمدىن كەتمەڭ...» دەپ ئېلىپ قالدى. قاسىم ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلىغا تاپىلايدىغان گېپى باردەك تۇراتتى. لېكىن كۈن بويى بوۋاينى يوقلاپ كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بوۋايمۇ ھېچنېمە دېمىدى. مانا ئەمدى يېرىم كېچىدە «مېنى باغقا ئېلىپ چىقىڭلار، ھەممە گەپنى باغدا دەيمەن» دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نېمە گېپى بار ئىدىكىنە؟

ئىككى ئوغۇل ئاتىسى ياتقان كىگىزنىڭ ئىككى بېشىدىن كۆتۈرۈپ، يوتقان-كۆرپە بىلەنلا ئېلىپ ماڭدى. ھەۋزىخان چىراغ كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭدى. ئايۋاننىڭ يان ئىشىكىدىن ئۆتسىلا باغقا چىققىلى بولاتتى. ئۇلار ئاتىسىنى بىر تۈپ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئەكىلىپ ياتقۇزدى. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە، تەكيىنى تىكلەپ، بوۋاينى ئالمىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باغ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. كىرسىن چىراغنىڭ شولىسى چۈشمىگەن بۇرجەكلەر خۇددى تەگسىز ھاڭنىڭ تۈۋىدەك تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنگەن ئاسمان بوشلۇقىدا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇراتتى. قادىرئاخۇن شەرقىي شىمال ئۇپۇقىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئۈركەر يۇلتۇزىغا قاراپ، تۈن يېرىمىغا يېقىنلىشىپتۇ، دەپ ئويلىدى.

ئىككى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ئالدىدىلا تۇراتتى. بوۋاي كىچىك ئوغلىنى ئىملاپ چاقىردى.

— بالام، ئاۋۇ چوڭ ئۆرۈكنىڭ تۈۋىنى كولاڭ، بۇ تەرىپىنى... بىر يېرىم غۇلاچ كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇقتا كولاڭ...

سابىرئاخۇن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئاتىسىنىڭ رايى بويىچە ئۈن-تىنسىز ئىشقا كىرىشتى. قادىرئاخۇن دادىسىغا ئېگىشىپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

— دادا، ئۇ يەرنى نېمىشقا كولايسىز؟ بىر نەرسە كۆمگەنمىدىلە يا؟

— ھەئە بالام، سىلەر ئۇنى ئېچىپ، مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار... ھەۋزىخان بالام، سىز ئۆيگە كىرىپ، قۇرئان بىلەن جەينامازنى ئېلىپ چىقىڭ.

تۈن تولىمۇ جىمجىت ئىدى. كۈچ بىلەن چېپىلىۋاتقان كەتمەننىڭ يەرگە گۈپ-گۈپ قىلىپ ئۇرۇلغان ئاۋازىمۇ، قاسىم ئاكىنىڭ ھاسىراپ نەپەس ئېلىشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى.

قادىرئاخۇن بىلەن سابىرئاخۇن ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئۆرۈكنىڭ تۈۋىنى ئالاھەزەل بىر چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت كولىدى. ئاخىرى بىرى چوڭ، بىرى كىچىك ئىككى ساپال كوزىنى قېزىپ چىقاردى. كىچىك كوزا چىنە چەينەكچىلىك، چوڭ كوزا بولسا قاپاقچىلىك كېلەتتى. ئوغۇللار ھەجىمگە قارىغاندا كۆپ ئېغىر بولغان كوزىلارنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. بوۋاي كوزىلارغا قاراپ خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت ئولتۇردى. ياداڭ قاقشالدەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى ئۇزىتىپ كوزىلارنى سىيلىدى. كوزىلارنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويغان لاتا-پۇتىلارنى ئېلىۋېتىپ، كوزىلارنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ باقتى. لېكىن ھېچنېمە ئالمىدى. كېيىن لاتا-پۇتىلارنى كوزىلارنىڭ ئاغزىغا يەنە كەپلەپ قويدى. كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بالىلىرىم، ماۋۇ كىچىك كوزىدا نىم ئىشەك ① كەم ئىككى ئىشەك ② ئالتۇن، ماۋۇ چوڭ كوزىدا ئىككى چارەك ③ كۈمۈش بار. لېكىن بۇ بىزنىڭ ئەمەس، — بوۋاي پەس، لېكىن ئېنىق ئاۋازدا سۆزلەيتتى. تىترەپ، بوغۇلۇپ چىققان ئاۋازدىن ئاللىقانداق بىر خىل ئۆكۈنۈش، ھەسرەت ۋە پۇشايمان بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى، نېمە ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىر-بىرلەپ سۆزلىدى. ئۇ يىراق ئۆتمۈشنى يادىغا ئېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ چۈشكەن ياش تامچىلىرى قورۇق بىلەن قاپلانغان يۈزلىرىنى بويلاپ سىرغىدى. ئۇ ھاسىراپ، ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئۇ بىر ھازا جىمىپ قالغاندىن كېيىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بالىلىرىم، ئەمدى مېنىڭ كۆپ بولسا ئىككى كۈنلۈك ئۆمرۈم قالدى. مەن پىشىپ قالدىم. ئەمدى ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىمەن... مەن بۇ ئامانەتنى ئوتتۇز يىل ساقلاپ كەلدىم. ئەمدى سىلەرگە ئامانەت قويۇپ كېتىمەن. سىلەر بۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەلىسەڭلار ئاندىن ئۇ دۇنيادا يۈزۈم يورۇق بولىدۇ. بالىلىرىم، سىلەر ماڭا ۋەدە بېرىڭلار، ماڭا...

بوۋاي بوغۇلۇپ ئاران نەپەس ئالاتتى. قادىرئاخۇن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تىزلاندى.

— دادا، خاتىرجەم بولسىلا، بىز ئامانەتنى چوقۇم ئۆزلىرى دېگەندەك بىر تەرەپ قىلىمىز. ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ھەرگىز يىرمايمىز، خاتىرجەم بولسىلا...

— ماڭا قەسەم قىلىپ بېرىڭلار، قۇرئاننى شىرىپ ئالدىدا قەسەم قىلىڭلار...

① ② ③ كونا ئېغىرلىق ئۆلچىمى. ئىشەك — 4 جىڭ، نىم ئىشەك — ئىككى جىڭ ئېغىرلىقنى كۆرسىتىدۇ. چارەك — بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا 16 جىڭ بىر چارەك ھېسابلىناتتى.

بوۋاينىڭ تەلىپى قەتئىي ئىدى. ئىككى ئوغۇل باغ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتكەن كىچىك ئېرىقنىڭ سېيىدە تەرەت ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەينامازغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يۈزلىرىنى قۇرئاننى شىرىپكە يېقىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىشتى.

— ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمىز! ھەرگىز خىيانەت قىلمايمىز...

كىرسىن چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئاپئاق جەينامازدا ئولتۇرۇپ قەسەم بېرىۋاتقان ئىككى ئوغۇلنىڭ كۆرۈنۈشى سىرلىق ۋە تەنتەنىلىك ئىدى. ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن چىقىۋاتقان قەسەم سۆزلىرى خۇددى كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك تۈن قوينىنى يېرىپ ئۆتەتتى. قاراڭغۇ تۈن، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تېغى، بىپايان دالا ۋە باراقسان باغلار ئەكس سادا قايتۇرغاندەك، ئاشۇ قەسەم سۆزلىرىنى ئاللىقانداق بىر غايىبانە ئاۋاز قايتا-قايتا تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئوغۇللار دۇئاغا قول كۆتۈردى. بوۋايمۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ دۇئاغا قوشۇلدى.

بىردىنلا باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن شاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بوۋايمۇ، ئوغۇللارمۇ چۆچۈپ كەتتى، بۇ نېمە شەپە؟ بىرەرسى بۇ يەردىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىك چۇلغىۋالدى. دۇئامۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە تۈگىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن قۇلاق سېلىشتى، شەپە قايتا ئاڭلانمىدى. باغ خۇددى گۈلدۈرمامىدىن كېيىنكى ئاسماندەك تىنجىپ قالغانىدى.

— بەلكىم ئىت ماڭغاندا چىققان شەپىدۇ.

— ئىت بولغاي ئىلاھىم!

ئۇلار ئاتىسىنى ۋە ئامانەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا دەسلەپكى خورازلارنىڭ چىللىشى يىراق-يىراقلاردىن ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى.

قاسىم ئاكا ئامانەتنى باللىرىغا تاپشۇرغان تۈننىڭ ئەتىسى كۈن چۈشتىن سەل قىيىلغاندا تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا تىنچىقىنا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاخىرقى مىنۇتلاردا قاسىم ئاكىنىڭ ھەممە پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن بىر-بىرلەپ ۋىدالىشىپ چىقتى. ئۇ لەۋلىرىنى توختىماي مىدىرلىتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان موللا سۈپەت بىر تۇغقىنى كەلىمە شاھادەتنى ئۈنلۈك قىرائەت قىلدى. قىرائەت ئاۋازى تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى. قاسىم ئاكىنىڭ قىزلىرى ئۆزلىرىنى تۇتالماي يىغلىۋېتىشتى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قايغۇلۇق يىغا بىمەھەل يېتىم قالغان تايچاقنىڭ كىشنەشلىرىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۈچ ئوغۇلنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تارام-تارام ياش تۆكۈلدى.

— يىغلىماڭلار... باللىرىم، يىغلىماڭلار، مەن كەلىمە شاھادەتنى ئاڭلىيالماي قالدىم. يىغلىماڭلار... مەن سىلەرنىڭ مېھرىڭلارغا قانمىغان. باللىرىم... قادىرئاخۇن...

بوۋاينىڭ كۆزلىرى قادىرئاخۇنغا تىكىلگەن پېتى قېتىپ قالدى. كىمدۇر بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالقانلىرى بىلەن سىيلاپ، بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ئايۋان قايغۇلۇق يىغا - زارىغا تولدى...

يەتمىش يىللىق ئۆمرىنى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ دېھقان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى.

بوۋاي تىنچقىنا خوشلاشقان دۇنيا ئۇنى چوڭ داغدۇغا ۋە ھەشەم بىلەن يەرلىككە قويدى. يۇرتتىكى نەچچە مىڭ ئادەم جەم بولدى. ئىمامىي ئاخۇنۇملار، قارىيلار، سوپىلار پايىپېتەك بولۇشتى. مۇڭلۇق ھۆكمەتلەر ئوقۇلدى. ئىسسىق ياشلار تۆكۈلدى... جامائەت جىنازىنى ئېلىپ ماڭغاندا ئۇزۇن پەردىجە ۋە ئاق ياغلىقلارغا چۈمكەلگەن ئاياللار يىغا - زار بىلەن تاكى دەرۋازىنىڭ سىرتىغىچە دۈۋرەپ چىقىشتى. يىغلاشتى، قاقشاشتى. قاسىم ئاكا قارا تۇپراقنىڭ قوينىغا مەڭگۈلۈككە كۆمۈلدى.

## «راستىنلا ئالتۇن-كۈمۈشلەر بارمىدى؟»

ئۇلار ئىككىسى قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلگەندە نۆۋەتچى ساقچى ئەكبەر يېزىق شىرەسىگە ئېگىشىپ، نېمىدۇر بىر نەرسە يېزىپ ئولتۇراتتى. كىرىپ كەلگەنلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋېتىشتىن ئەيمىنىپ ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. ئەكبەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا نەزەر سالدى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن ساقچى ئىدارىسىگە كېلىشكەنلىكىنى تەخمىن قىلىشقا كىرىشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ بېشىدا ئوخشاش قارا تەلپەك، قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ مىس رەڭگە كىرىپ قالغان چىرايلىرىدىن دېھقان ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىنىمۇ خېلىدىن بېرى ياساتماپتۇ. چىرايلىرى بىر - بىرىگە ئەجەپمۇ ئوخشايدىكىنا، بوي - تۇرقىنىڭ تەڭلىكچۇ؟ ئېھتىمال بۇلار بىر تۇغقان بولسا كېرەك، تەدبەل، ئېگىز بوي، ساغلام — دېمەك بۇلار كونا ئاۋاتتىن ياكى قاراباغدىن كەپتۇ. چىرايلىرىدىن مۇڭ ۋە قايغۇ چېچىلىپ تۇرىدۇ. بېلىگىمۇ ئاق پوتا باغلىۋاپتۇ. ئېھتىمال يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى قازا قىلغان بولسا كېرەك. ئەمدى بىلدىم، بۇلار مىراس تالىشىپ قالغانلار ئىكەن - دە. ھۇ، كاززاپلار، قان - قېرىنداش تۇرۇپ نېمىشقىمۇ ئىتتەك تالىشىدىغانسىلەر....

ئەكبەر ئۆز تەخمىنلىرىنى كونا ئاۋاتلىق ياكى قاراباغلىق ئىككى قان - قېرىنداش مىراس تالىشىپ دەۋالىشىپ كەپتۇ، دەپ خۇلاسىلىدى. ئۇ ساقچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان سەككىز يىلدىن بۇيان مانا شۇنداق تەخمىن قىلىشقا ئادەتلىنىۋالغانىدى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن كىشىنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا چاقماق تېزلىكىدە ھۆكۈم چىقىراتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ بۇنداق ھۆكۈملىرى توغرا چىقاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆز تەخمىنلىرىنىڭ توغرا چىقىشىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

— خوش، كەتمەنچىلىرىم، نېمە ئىش بولدى؟ مىراس تالىشىپ قالدۇقمۇ؟ قېنى يېقىنراق كېلىڭلار.

— ياق، سوجاڭ، بىز مىراس تالىشىپ قالمىدۇق....

— ئەمىسە نېمە ئىش بولدى؟ ئۇرۇشتۇقمۇ يە؟

— ياق، ئۆيىمىزگە سوغۇق قول تېگىپتۇ. بىز ھەرقايسىلىرىدىن....

— ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىمۇ؟

— ھەئە.

ئۇز تەخمىنىنىڭ خاتا چىققىشى ئەكبەرنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز غەش قىلدى. ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قېنىپ بىر شورسۇالغاندىن كېيىن قولىغا قەلەمنى ئالدى.

— خوش، قېنى بىر باشتىن سۆزلەڭ، ئىسمىڭىز نېمە؟ قايسى يېزىدىن؟ ئەنزە قاچان يۈز بەردى؟ ئوغرى نېمىلەرنى ئاپتۇ؟

— مېنىڭ ئىسمىم قادىرئاخۇن، ماۋۇ مېنىڭ ئىنىم سابىرئاخۇن، بىز قارا باغدىن، دېھقانچىلىق قىلىمىز...

— ئاستىراق سۆزلەڭ، مەن يېزىۋالاي، — ئۇلارنىڭ يۇرتىنىڭ، كەسپىنىڭ ئۇز تەخمىنىدىكىدەك چىققانلىقى ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى بىردىنلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ قادىرئاخۇنغا قاراپ، قېنى سۆزلەۋېرىڭ دېگەندەك قىلىپ كۆلۈمسىرەپ قويدى.

— يېقىندا دادىمىز قاسىمئاخۇن قازا قىلىپ كەتكەنىدى. ئۈچ كۈنگىچە دادىمىزنىڭ تۇپراق بېشىدا قونۇپ، كېچە - كۈندۈز دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇق. بىز غەم - قايغۇدا يۈرگەن چاغدا ئۆيگە ئوغرى كىرىشىنى كىم ئويلىغان دەيلا. تۈنۈگۈن كەچتە ئاچىمىز ھەۋزىخان ساندۇقتا سېلىنغان قۇلۇپنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىز شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆيگە ئوغرى كىرگەنلىكىنى بىلدۇق.

— نېمىلەرنى ئاپتۇ؟

— ئالتۇننىلا ئاپتۇ، باشقا ھېچنېمە ئالماپتۇ. كۈمۈشنىمۇ ئالماپتۇ.

— ئالتۇننىلا ئېلىپ كۈمۈشنى ئالمايدىغان غەلىتە ئوغرىكەنغۇ بۇ؟ قانچىلىك ئالتۇننى ئاپتۇ؟

— دادام نىم ئىششەك كەم ئىككى ئىششەك دېگەنىدى. بىز ئۆلچەپ كۆرمىگەن. ھەممىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

— نېمە دېدىڭىز؟ ئىككى ئىششەك؟

— ھەئە، نىم ئىششەك كەم ئىككى ئىششەك، ئىششەك دېگىنىمىز ھازىرقى ھېساب بويىچە توت جىڭ. ئاشۇنداق ھېسابلىغاندا نىم ئىششەك كەم ئىككى ئىششەك دېگىنىمىز ئالتە جىڭ بولىدۇ.

— ئالتە جىڭ ئالتۇن؟

— ھەئە.

ئەكبەر ھەيرانلىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

— بىز سىزگە نېمىشقا يالغان گەپ قىلاتتۇق ئۇكام. ھەممىسى راست. سىزگە دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى راست....

ئەكبەر قادىرئاخۇننىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. قادىرئاخۇننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆزلىرىدىن قايغۇ ئارىلاش جىددىيلىك چاقناپ تۇراتتى. ئەكبەر بۇ ئادەم يالغان گەپ قىلمايدۇ، بۇ يەردە يالغان گەپ قىلىشقا ھاجەتمۇ يوق، دەپ ئويلىدى ۋە كۆزلىرىنى يۆتكەپ، سابىر ئاخۇنغا تىكىلدى. سابىر ئاخۇن ئاكامنىڭ دېگەنلىرى راست، دېگەنىدەك قىلىپ بېشىنى ئېغىتىپ قويدى.

— ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كىرىمەن.

ئەكبەر چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يۈسۈپ بىلەن جىنايى ئىشلار رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى باشلاپ كىردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئوغرىلىق دېلوسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئالتۇن مىقدارىنىڭ شۇنچىۋالا جىق ئىكەنلىكى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇلار ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئاخىرى يۈسۈپ جۈيجاڭ:

— سىلەرنىڭ راستىنلا شۇنچە جىق ئالتۇنۇڭلار بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— راست، جۈيجاڭ، بىز يالغان گەپ قىلمىدۇق. ئالتۇن - كۈمۈشنى دادام نەپەس ئۈزۈشنىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىدە ساراي ئۆيدىكى ساندۇققا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويغان. ئالتۇن قاچىلانغان كوزا ھېلىمۇ ئۆز جايىدا. بىر كوزا كۈمۈشمۇ بار. ئىشەنمىسىلە ئۆزلىرى بېرىپ كۆرۈپ باقسىلا.....

قادىر ئاخۇن ئاتىسى قازا قىلىشنىڭ ئالدىنقى كېچىسى بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى.

— ئالتۇننىڭ ساندۇقتا ئىكەنلىكىنى كىملەر بىلەتتى؟

— ئاچام ھەۋزىخان ۋە بىز ئىككىمىزلا بىلەتتۇق. باشقا تۇغقانلار بىلمەيتتى.

دېمەك ئالتۇننى بىلىدىغان گۇۋاھچى ئۈچ. ئەمدى يەنە گۇمان قىلىشىنىڭ ئورنى بارمۇ؟ يۈسۈپ جۈيجاڭ ھەقىقەتەن دېلو يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشەندى. لېكىن كۆڭلىدە گۇمان ۋە ھەيرانلىقنىڭ خىرە - شىرە كۆلەڭگىسى ساقلىنىپ قالدى. ئاددىي بىر دېھقاننىڭ شۇنچىۋالا جىق ئالتۇن ساقلىدى دېسە، كىممۇ ئىشىنىدۇ دەيسىز؟ بۇ ئۇنىڭغا يەنىلا تېپىشماقتەك سىرلىق تۇيۇلاتتى. لېكىن ئىشەنمەيمۇ بولمايتتى. يۈسۈپ جۈيجاڭ كۆرۈمسىز، ئاددىي كىيىملەرگە ئورالغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ «يامان كۈنلەر ئۈچۈن...» دەپ يۈز سوملاپ، مىڭ سوملاپ پۇل ساقلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن بۇ يۈز سوم، مىڭ سوم پۇل ئەمەس، بەلكى ئالتە جىڭ ئالتۇن ئىدى. قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟

يۈسۈپ جۈيجاڭ رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ دېلونى ئىشلەشكە ئەكبەرنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ياردەمچىلىككە قاراباغ يېزىسىنىڭ ساقچىسى ھوشۇرنى بەلگىلىدى. ئەكبەر شۇ كۈنىلا قادىر ئاخۇن، سابىر ئاخۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ قاراباغقا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئىنقىلاش چەمبىرىكىنى سىزىپ قويدى. «ئالتۇننىڭ قەيەرگە قويۇلغانلىقىنى بىلىدىغانلار ھازىرچە ئۈچ ئادەم. بۇلارنىڭ دېلو سادىر قىلىش ئېھتىمالى بارمۇ - يوق؟ بۇلاردىن باشقا ئالتۇندىن يەنە كىملەر خەۋەر

تاپقان؟ بۇ، ئېنىقلايدىغان بىرىنچى مەسىلە. بۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇن سىرتتىن كەلگەن نىشانىسىز ئوغرىغا تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ كۈنلەردە ناتونۇش ئادەملەر پەيدا بولغانمۇ - يوق؟ بۇ، ئىككىنچى مەسىلە. يەنە، يەنە... بۇ نېمىدېگەن جىق ئالتۇن؟ قاسىم ئاخۇن ئاكا راستىنلا شۇنچە جىق ئالتۇن ساقلىغانمىدى؟ ئۇ ھەقىقەتەن شۇنچىۋالا بايمىدى؟...»

ئەكبەر يېتىپ كەلگەندە، قاسىم ئاكىنىڭ ھەممە پەرزەنتلىرى چوڭ ئۆيگە — مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلغانىدى. ئۇلار ئالتۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغرىلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. چىرايلىرىدىن ماتەم قايغۇسىدىن باشقا يەنە ھەيرانلىقمۇ، ئېچىنىشمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. ئەكبەر ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن ئاي- ۋاندىكى سۇپىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىسقىغىنا دۇئا قىلدى. قاسىم ئاكىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ۋە ۋاپاتىغا دائىر ئىشلارنى سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ بۇلارنى پەقەت ئۆرۈپ - ئا- دەتكە ئاساسەن قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ، ئوغرىلىق يۈز بەرگەن نەق مەيداننى كۆردى. قادىر ئاخۇن ئۆينىڭ شىمالىي تېمىغا تاقاپ قويۇلغان، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىرچە، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىرچە كېلىدىغان يوغان تىكلىمە سان- دۇقنى كۆرسىتىپ:

— ئالتۇن مۇشۇ ساندۇقتا ئىدى... — دېدى.

ئەكبەر ئىندىمىدى. ئۇ ساندۇققا دىققەت بىلەن تىكىلدى. يورۇڭقاش ۋادىسى- دىكى دېھقان ئۆيلىرىدە كەڭ ئومۇملاشقان، ئالدى يۈزىگە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغان چوڭ - كىچىك 6 - 7 پايلىق ياغاچ ساندۇقنىڭ ئەتراپىدا بىر يىپ ئۇچى بولغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. قادىر ئاخۇن ساندۇقنىڭ ئوتتۇرا پېيىنى ئاچتى. بۇ ئەسلى ئاش- لىق ياكى قۇرۇق يېمىشلەر ساقلىنىدىغان پاي ئىدى. ئاشۇ پايدا ئىككى دانە كوزا تۇراتتى. ئەكبەر كىچىك كوزىنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقتى. ئۇنىڭ ئىچى قۇپ - قۇرۇق ئىدى. چىلگىدەك چوڭلۇقتىكى خومارەك كوزىنىڭ ئىچىگە ئەسلىدە نېمە قاچىلانغانلىقىنى پەرەز قىلغىلىمۇ بولمايتتى. ئەكبەر كىچىك كوزىنى ئورنىغا قويۇپ، چوڭ كوزىنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويۇلغان ئەسكى مازلارنى ئېلىپ تاشلاپ، قولىنى كوزىنىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە شاراقلىتىپ بىر چاڭگال كۈمۈشنى ئالدى. ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئاپئاق كۈمۈش تەڭگىلەر پارقىراپ كەتتى. بۇ راستىنلا كۈمۈش تەڭگە، خۇددى كىچىككىنە يوچۇقتىن قاراڭغۇ ئۆينىڭ تېمىغا چۈشكەن كۈن شولىسىدەك پارقىرايدىغان كۈمۈش تەڭگە ئىدى. ئۇ كۈمۈش تەڭگىلەرگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتۇرۇپ كوزىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى. كۈمۈشقۇ بار ئىكەن، ئالتۇنمۇ راستىنلا بارمىدىكىن؟ ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە نەزەر سالدى. ۋاسا جۈپ ئايۋان - سارايىنىڭ تام - تورۇسلىرى ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن، تامغا تۇتۇلغان چەينەك گۈللۈك زەددىۋال، ساندۇق ئۈس- تىگە يىغىلغان يوتقان - كۆرپە ۋە يەرگە سېلىنغان كىگىزلەر بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، ئالتە جىڭ ئالتۇن ساقلىغان ئادەمنىڭ ئۆي بىساتىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۆيدە پۇلغا

يارىغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسىنى ئالتە جىلىك ئالتۇن ساقلىدى دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ دەيسىز؟

ئەكبەر ھەۋزىخان بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭدىنمۇ «مەن ئالتۇن بارلىقىنى ھېچ-كىمگە ئېيتىمىغان» دېگەن جاۋابنى ئالدى. ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ ئايال-نىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ «ئالتۇننى بىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىشكىمۇ، ئىشەنمەسلىككىمۇ ئاساس يوق ئىدى. ئەكبەر ئاخىرىدا:

— سىلەرنىڭ راستىنلا ئالتۇن-كۈمۈشلار بارمىدى؟ — دەپ سورىدى. ھەۋزىخان مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئەكبەر ئۆزىمۇ شۇھامان ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان سوئال سورىغان-لىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى، — مەن داداڭلارنى شۇنچىۋالا ئالتۇن-كۈمۈش ساقلىغۇدەك بايمىدى دېمەكچىمەن....

— بۇ، بۇ...

ئەكبەر باغقا چىقىپ، چوڭ ئۆرۈكنىڭ تۈۋىدىكى ئورەككە قاراپ ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى بىر پەس پەرۋاز قىلدى. ئەمدى قاسىمجاننىڭ ئالتۇن ساقلىغانلىقىدىن گۇمان قىلىشقا ھەقىقەتەنمۇ ئورۇن قالمىغانىدى. ئەكبەر ھازىر-غىچە ئالتۇننى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى قاسىمجاننىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇنى بارمىدى، دېگەن مەسىلىنى ئېنىقلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سەۋەنلىكىنى چۈشەندى.

ئەق مەيدان پۈتۈنلەي بۇزۇلغان. ھەتتا ئوغرىنىڭ نەدىن كىرىپ نەدىن چىقىپ كەتكەنلىكىمۇ، دېلونىڭ قايسى كۈنى، قانداق چاغدا يۈز بەرگەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئوغرى زادى كىم؟ دېلونى سىرتتىن كەلگەن نامەلۇم ئوغرى تۇغدۇردىمۇ ياكى ئالتۇن-نى بىلىدىغانلارمۇ؟ ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدا قادىرئاخۇن، سابىرئاخۇن ۋە ھەۋزىخانلار-نىڭ چىرايى گەۋدىلەندى. قايغۇدىن ياشلانغان، مۇڭ ۋە ھەسرەت ئورغۇپ تۇرىدىغان كۆزلەردىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئەكبەرنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ نېمە قىلىشنى، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق تومتاق دېلونى زادىلا ئۇچراتمىغان. ئۇ ئۆزىنى خۇددى ھېچقانداق شەرت-بەلگىلىرى يوق تېپىشماقنى تېپىشقا دۇچ كەلگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ تېخىچە باغدا — چوڭ ئۆرۈكنىڭ ئاستىدىكى ئورەكنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ خىيالدىن ئويغىنىپ باغقا نەزەر سالدى. كىچىككىنە باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان، يەرنى بىر قەۋەت ئالتۇندەك سېرىق يوپۇرماق ياپقانىدى. باغ تېمىنىڭ كەينىدىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان قوناق شېخىنىڭ توپا رەڭگە كىرىپ قالغان سارغۇچ پۆپەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەكبەرنىڭ مېڭىسى-دىن يېڭى بىر پىكىر خۇددى شىلدىرلاپ چۈشۈۋاتقان ئالتۇن رەڭ يوپۇرماقتەك لەپىلدەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەكبەر شارتتىدە بۇرۇلۇپ، قادىرئاخۇنغا قارىدى.

— سىلەر ئالتۇننى ئېچىۋاتقان چاغدا تام كەينىدىن بىرەر شەپە ئاڭلانغانمىدى؟

— تۇۋا خۇدايىم، ئۇكام ئەيلىيامسىز؟ راست، تامنىڭ كەينىدىن پارسىلدىغان

ئاۋاز ئاڭلانغان، بىز ئۇ چاغدا ئىت ماڭغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق. تو ۋا خۇدايىم، سىز خۇددى كۆرۈپ تۇرغاندەك...

ئەكبەرنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ چەبدەس قەدەملەر بىلەن باغدىن چىقىپ، تام كەينىگە قاراپ ماڭدى.

يېزا غۇلغۇلىغا چۆكتى. پۈتۈن يېزىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. ھەيران بولماي مۇمكىنمىدى؟ يېزىدىكى ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىسا ھەممە كەمبەغەللەرنى بىراقلا باي قىلىۋەتكىلى بولىدىغان بۇنداق جىق ئالتۇن كىشىلەرنى نېمىشقىمۇ ھەيران قالدۇرمىسۇن؟ ياشلار ئاغىزلىرىنى ھەۋەس بىلەن چاكىلدىتىشتى ۋە ئالتۇننىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىشتى. ئۇلار ئەگەر ئالتۇن ئوغرىلاپ كېتىلمىگەن بولسا، پۈتۈن يېزىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغاندەك ھېس قىلىپ قېلىشقانىدى.

كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەگەر ئاشۇ ئالتۇننىڭ يىگىرمىدىن بىر قىسمى بىزدە بولغان بولسا، خىشتىن يېپيېڭى مەكتەپ سېلىۋالغان بولاتتۇق، دەپ ئويلىدى. مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىمۇ ئاشۇ ئالتۇنلارنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى ئۆز ئىلكىمىزدە بولغىنىدا، مەسچىتنى يېڭىلاپ قايتىدىن سالماسمىدۇق، دەپ ھەسرەت چەكتى. يېزا باشلىقى بولسا، توخۇ-ئۆردەك فېرمىسى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى ۋە يەنە ئاللىقانداق زاۋۇت-كارخانىلار توغرىسىدا خىيال سۈردى. گەرچە ئالتۇن ئوغرىلاپ كېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرگە يەنە شۇنداق تاتلىق خىياللارنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

قاسىمكامنىڭ ئالتۇنى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغان پېشقەدەملەر يىراق ئۆتمۈشنى يادىغا ئالدى. ئالتۇننىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا گۇمان ۋە خىياللارغا پېتىشتى. ھېلىم كۆكبېشى نەۋرىسىنىڭ «قاسىمكام شۇنچىۋالا بايمىدى؟» دېگەن سوئالىغا «ئۇ باي ئەمەستى، لېكىن باي ئاغىنىلىرى بار ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى.

## ئۇنىڭ باي ئاغىنىلىرى بار ئىدى

قارىقاش دەرياسى تاغ ئىچىدىن ئېقىپ چىققاندىن كېيىن جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ئەڭ دەسلەپتە توڭگۇزلۇق، سېغىز كۆل دېگەن جاڭگاللارنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلەمبۇلۇڭ دېگەن توغراقلىقنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئەلەمبۇلۇڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە، يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتا يۇرۇڭقاش دەرياسى، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدا تەۋەككۇل دېگەن يۇرت بار. بۇنىڭدىن ئەللىك نەچچە يىل ئىلگىرى ئەلەمبۇلۇڭ ھەقىقەتەن يۇرت-مەھەللىلەردىن بەكمۇ يىراق، ئادەملەر كەمدىن-كەم ئاياغ باسىدىغان قەدىمىي توغراقلىق ئىدى. 1936-يىلى 5-ئايدا ئەنە شۇ توغراقلىقنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز نەچچە ياش يىگىت ھەربىي مەشق قىلىپ يۈرەتتى.

— قارا، ھەسەن، ئوڭ كۆزۈڭدىن چىققان نۇر بەل قورۇلىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ قورۇلغا چۈشسۇن، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ توغراققا ئېلىپ قويغان چاپاننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا

www.uyghurkitap.com



ئۇدۇللانسۇن... ھەببەللى، قېنى، كۆرۈپ باقاي، مىدىرلاتما... ھە، بوپتۇ. ئەمدى تەپ-كىنى باس. ياق، بولمىدى. مىلتىق مىدىرلاپ كەتتى. تەپكىنى باسىدىغان چاغدا نەپەس ئالما! قاراڭلار، يىگىتلەر، مىلتىق ئېتىش تەس ئىش ئەمەس. بەل قورۇل، ئۈچ قورۇل ۋە نىشاننى بىر - بىرىگە ئۇدۇللاپ، نەپەس ئالماي تۇرۇپ تەپكىنى باسساقلا نىشانغا تېگىدۇ. دۈشمەن يىقىلىدۇ... قېنى قاسىم، سەن كەل...

يىگىتلەرگە ھەبىبۇللا قارىي ئىسمىلىك تەمبەل، ئوچۇق سۆزلۈك يىگىت ھەربىي مەشق ئۆگىتىۋاتاتتى. ئۇ ساقال - بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان يىگىت بولۇپ، ئاپتاپتا كۆيگەن چىرايى مىستەك پارقىراپ تۇراتتى. كۆزلىرىدە بولسا ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان بىر خىل جىددىيلىك ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. ھەبىبۇللا قارىي ئۆتكەن قېتىمقى قوزغىلاڭدا مەھەممەتخان ① ئەپەندىدىن ئۆگەنگەن ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئاددىي تېخنىكىلارنى ئەمدى سەپداشلىرىغا ئۆگەتكىلى باشلىغانىدى. ئۇ زېرىكمەي، تېرىكمەي ئۆگىتەتتى. خۇددى مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداۋاتقان ئىخلاسمەن باھادىردەك ئەستايىدىل ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئەستايىدىل ئىدى. ئۇلار ھەبىبۇللا قارىينىڭ دېگەنلىرىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇلاق سالاتتى ۋە ئۇ قانداق كۆرسەتكەن بولسا شۇنداق تەكرارلايتتى. قارىغا ئېلىشنى مەشق قىلىش ئاخىرلاشتى. ئەمدى ھەر كۈنكى مەشغۇلات تەرتىپى بويىچە نەيزە سانجىش، قىلىچ چېپىش باشلاندى. ھەبىبۇللا قارىينىڭ كوماندىسى بىلەن يىگىتلەر توغراق ياغىچىدىن ياسالغان قىلىچ ۋە نەيزىلەرنى قوللىرىغا ئالدى. جاڭگالنىڭ ئىچى بىردەمدىلا ياغاچ قىلىچ، ياغاچ نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان تاراق - تۇرۇق ئاۋازلارغا تولۇپ كەتتى. كىمدۇر بىرى «يادوس!» دەپ ۋارقىرايتتى. يەنە كىملەردۇر «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ خىتاب قىلاتتى. ھەبىبۇللا قارىي يىگىتلەرنىڭ قاپلاندەك چەبدەس ھەرىكەتلىرىگە قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. بۇ يىگىتلەر ئادەمنى يەرگە قاراتمايدۇ، باشلاپلا چىقساڭ، ھەرقانداق دۈشمەننى تىرە - پىرەن قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ھەبىبۇللا قارىي، قاسىم، ھەسەن ئۈچى ھەر كۈندىكىدەك يەنە بىر تۈپ توغراقنىڭ تۈۋىگە جەم بولدى. زەپەردەك سارغىيىپ پىشقان قوناق كۆمىچىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سىرتتىن قارىغان ئادەمگە ئۇلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك، ئۈچ ئاكا - ئۇكا قېرىنداش بىرلىكتە غىزالىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. راست، ئۇلار قەسەملەشكەن ئاكا - ئۇكا، قەسەم بىلەن باغلانغان جان دوست ئاغىنىلەر ئىدى.

قاسىم بىلەن ھەسەننىڭ جاڭگالدا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتقىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغانىدى. يۇرتنى ماخۇسەن ② ئىشغال قىلغاندىن كېيىن «تۇڭگانلار ياش بالىلارنى ئەسكەرلىككە تۇتىدىكەن» دېگەن ۋەھىمىلىك مىش - مىش خەۋەر يۈرۈكقاش ۋادىسىدىكى يېزىلارنى كېزىپ ئۆتتى. كۆپ ئۆتمەي ماخۇسەن راستىنلا ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇشقا

① مەھەممەتخان ئەپەندى — ئاتۇشلۇق. خوتەن قوزغىلىڭىدا ھەربىي ئوقۇتقۇچى بولغان.

② ماخۇسەن — گومىنداڭنىڭ تۇڭگانلاردىن تەشكىل قىلىنغان 36 - دىۋىزىيىسىنىڭ قوماندانى. خوتەن خەلقىنى 3 يىل قاقشاتقان.

كېرىشتى. خەلق ئوغۇللىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە قاچۇرۇپ، تاغلارغا، جاڭگاللارغا يوشۇ-
رۇشقا باشلىدى. ھەسەننىڭ دادىسى ئىمىن ھاجىم ئۆز ئوغلى بىلەن قوشنىسىنىڭ ئوغ-
لى قاسىمنى مانا شۇ ئەلەمبۇلۇڭغا ئەكىلىپ يوشۇرۇپ قويىدى. قاسىمنىڭ تاغىسى
نىياز بۇ يەردە ئىمىن ھاجىمنىڭ قويلىرىنى باقاتتى. يېشى ئەمدىلا ئون سەككىزدىن
ھالقىغان ئىككى يىگىت ئەنە شۇ نىيازنىڭ يېنىدا پاناھلاندى.
قويلارنى نىياز ئۆزى باقاتتى. ئىككى يىگىت قىلغىلى ئىش تاپالماي قۇمۇشلۇق-
لاردا توشقان قوغلىدى. ياۋا ئۆردەكنىڭ تۇخۇمىنى يىغدى. توغراقلارغا يامىشىپ
چىقىپ تورۇلغىنىڭ باچكىلىرىنى ئالدى. چاتقاللىقلاردا چاپان يىرتىپ ئالقات قاقتى...
كۆنلەر زېرىكىشلىك ئىدى. ئاللىقانداق بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلۇق يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى
ئېچىشتۇراتتى. نېمىدۇر بىر نەرسە باغرىنى تاتىلىغاندەك قىلاتتى.
جاڭگالدا ماخۇسەنچىلەردىن قېچىپ يۈرگەن يىگىتلەر جىق ئىدى. قاسىم بىلەن
ھەسەن ئۇلارنىڭ بىر قانچىسى بىلەن تونۇشۇپ، دوستلۇشۇپمۇ ئالدى. ئەنە شۇ يېڭى
تونۇشلار ئىچىدىكى ھەبىبۇللا قارىي دېگەن يىگىت قاسىم بىلەن ھەسەننى ئۆزىگە
بەكرەك جەلپ قىلاتتى. ھەبىبۇللا قارىي ئۇلارنى ھەر قېتىم كۆرگەندە:
— خوش، يىگىتلەر، قارچىغىدىن قاچقان توشقاندەك يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟
بىزدە يۈرەك دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ تۇڭگانلاردا بار قول بىزدە يوقمۇ؟ — دەپ تەكرار-
لايتتى. ھەسەن بىلەن قاسىم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ھېس قىلىشاتتى. لېكىن
ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى نېمىگە ئۈندەۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار كۆپ ئۆتمەي ھەبىبۇللا
قارىينىڭ ئالدىنقى قوزغىلاڭنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.
15 يېشىدىلا قۇرئاننى تولۇق يادلاپ «قارىي» ئاتالغان بۇ يىگىت خوتەندىن تاكى يې-
ڭىسارغىچە ئۇرۇشۇپ بېرىپتۇ. بىر يېرىم يىللىق ئۇرۇشتا تالاي مەردلەر شېھىت بوپ-
تۇ. لېكىن نېمىشقىدۇر ھەبىبۇللا قارىيغا ئۆلۈم يولىماپتۇ. يېڭىساردىن چېكىنىپ زاۋاغا[1]
كەلگەندە ھەبىبۇللا قارىينىڭ سەپداشلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي پىتراپ قېچىپتۇ.
ھەبىبۇللا قارىي ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەن ئىككى تۇڭگاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىلتى-
قىنى ئاپتۇ ـ دە، ياۋا، قاراساي قاتارلىق ئارقىلىق جايلار چۆگىلەپ ئۆتۈپ، مۇشۇ جاڭ-
گالغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپتۇ...
قاسىم بىلەن ھەسەن ئۆزلىرىدىن بەش ـ ئالتە ياشلا چوڭ بولغان ھەبىبۇللا قارىي-
نىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۇ ئاللىقانداق بىر خىل سېھىرىي كۈچ
بىلەن يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مەھكەم باغلىۋالغانىدى. توغراق سايىسىدا، قۇم
بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە، كۆلخانلارنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئۆتكەن تالاي سۆھبەتلەردىن
كېيىن قاسىم بىلەن ھەسەن ھەبىبۇللا قارىينى كۆچلۈك ھۆرمەت بىلەن ياخشى كۆرى-
دىغان بولۇپ قالدى، ئىككى يىگىت ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلاپ قانمايتتى. ئۇنىڭدىن
بىر دەم ئايرىلسا زېرىككەندەك بولاتتى. ھەبىبۇللا قارىيمۇ قاسىم بىلەن ھەسەننى ياخ-
شى كۆرۈپ قالغانىدى. ئاخىرى ئۇلار ھەبىبۇللا قارىينىڭ تەلىپى بىلەن ئېگىز قۇم بار-

(1) زاۋا — يەر ئىسمى. قارىقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇب تەرىپىدە.

www.uyghurkitap.com



خـانلىـرىنىڭ ئۈستىـگە چىقىپ، ئانا قۇياشنىڭ گۇۋاھلىقىدا ئۆمۈرلۈك دوست بولۇشقا،
ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقا، بىر ـ بىرى ئۈچۈن مەڭگۈ سادىق بولۇشقا قەسەم قىلىشتى.
جاڭگالدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە قاسىم بىلەن ھەسەن ئەركىنلىك
ۋە ئازادلىق توغرىسىدىكى بىلىملەردىن تۇنجى قېتىم خەۋەر تاپتى. دوستلۇق، بۇرچ،
ۋاپا، ساداقەت، ئەقىدە، ئىرادە ۋە باتۇرلۇق توغرىسىدا ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ تاتلىق
ئارزۇ ـ ئارمانلىرى شۇ يەردە بىخلاندى. ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ نېمىنىدۇر ياخشى كۆرىـ
دىغان، نېمىگىدۇر ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، نېمىگىدۇر نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىـ
دى. ئۇلار خۇددى كۆزى ئەمدىلا سۈزۈلۈپ كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن بۈركۈت بالىـ
سىدەك ھەممە نەرسىگە زوق بىلەن قارايتتى. ھەممە گەپكە ئىشتىياق بىلەن قۇلاق
سالاتتى. ھەممىنى بىلىۋېلىشقا، چۈشىنىۋېلىشقا ئىنتىلەتتى. جاھان كەزمىگەن، ئىسسىقـ
سوغۇق كۆرمىگەن دېھقان بالىسى ئۈچۈن بىر يېرىم يىللىق ئۇرۇش ئوتىدا تاۋلانغان
قەيسەر جەڭچىنىڭ ھېكايىلىرى، تەسىراتلىرى ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر دۇنيانىڭ ئىشىـ
كىنى ئاچقانىدى. لېكىن ئەنە شۇ باشلاپ قەسەم بەرگۈچى، دوست بولۇشقا، ئاكاـ
ئۇكا بولۇشقا ئۈندىگۈچى يىگىت پات ـ پات ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نەگە،
نېمىشقا كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ بەزىدە ئۈچ ـ تۆت كۈندە، بەزىدە ھەپـ
تە ـ ئون كۈندە قايتىپ كېلەتتى. لېكىن دوستلىرىغا ھېچنېمە دېمەيتتى. ئۇنىڭغا دوست
ۋە ئىنى بولغۇچى قاسىم بىلەن ھەسەن بولسا، سوراشتىن ئەيمىنەتتى. بىر قېتىم
ھەبىبۇللا قاري ھارغان، يۈز ـ كۆزلىرىنى چاڭ ـ توزان باسقان ھالدا قايتىپ كەلدى.
ئۇنىڭ روھى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ ھەسەن بىلەن قاـ
سىمغا ماخۇسەنىنىڭ زۇلمىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى، زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلقنىڭ
قوزغىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەخمەت سەردار دېگەن ئادەمنىڭ قارىقاش،
خوتەن، لوپلاردا جىددىي تەشكىللەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئەخـ
مەت سەردار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە مۇھىم ۋەزىپە بىلەن قايتىپ كەپتۇ.
ئاشۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ جاڭگالدا ئىشلار قىزىپ كەتتى. قېچىپ يۈرگەن،
قوزغىلاڭغا قاتنىشىشقا ئىختىيار قىلغان يىگىتلەردىن ئوتتۇز نەچچىسى يىغىلغانىدى.
ھەبىبۇللا قاري يىگىتلەرنى ئۈچ دەھىگە ① بۆلدى. ئۆزى ساقلاپ يۈرگەن «ئىككى
يېرىم تال مىلتىق»نى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ مىلتىقلار — ئىككى تال بەش ئاتار
ۋە بىر دانە ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان قارا مىلتىق — گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن قورال ئىشـ
لىتىشنى ئۆگىنىشكە يارايتتى. ھەبىبۇللا قاري «قوزغىلاڭ باشلانغاندا كېرەكلىك مىلـ
تىقنى ماخۇسەندىن تارتىپ ئالىمىز» دېدى. قاسىم بىلەن ھەسەن ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ
ئىچىدە ئىدى. ھەبىبۇللا قاري ئۇلاردىن «قوزغىلاڭغا قاتنىشامسىلەر ـ يوق؟» دەپ سوـ
راپمۇ قويمىدى، قەسەملەشكەن دوستلار ئۈچۈن بۇ سورىمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى.
دوست دېگەن ـ بىرى ماڭغان يولغا يەنە بىرى ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟
شۇنداق قىلىپ ھەربىي مەشق باشلىنىپ كەتتى.

① دەھە — ئونبېشىمىزگە تەڭ ھەربىي بىرلىك.

يىگىتلەر قىسقىغىنا ئۈچ ھەپتە ئىچىدىلا جەڭ قىلىشنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنى
ئىگىلىۋېلىشتى. مىلتىق ئېتىشنى، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگەندى، ھەبىبۇللا-
قارىينىڭ سۆزلىگەنلىرىگە ئاساسەن تاپانچا، سىيرىما مىلتىق (ئاپتومات)، پاچاقلىق سىيرىما
مىلتىق (پىلىموت) ۋە قول بومبىسى قاتارلىقلارنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا قىيا-
سەن چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. توغراقنىڭ غولىدىن چوماقلارنى ياساپ چوماق ئۇرۇشنى،
ياغاچتىن قىلىچ ياساپ قىلىچ چېپىشنى مەشق قىلدى...

شۇ كۈنلەردە ئاق ئاتقا مىنگەن ئەخمەت سەردار قارىقاش تەرەپتىن كېلىپ،
ئۇلارنىڭ يېنىدا يېرىم كۈن توختىدى، بۇ داڭلىق سەركەردىنى كىشىلەر ھۆرمەت بى-
لەن «سەردارىم» دەپ ئاتايتتى. كۆزلىرىدىن جاسارەت ۋە پاراسەت ئۇچقۇنداپ تۇرى-
دىغان بۇ ئادەم يىگىتلەرنىڭ مەشق ئەھۋالىنى كۆردى. قىسقىلا سۆز قىلىپ يىگىت-
لەرنىڭ قەلبىدىكى ئوتنى يەنىمۇ لاۋۇلدىتىۋەتتى. كېيىن ئۇ توغراقنىڭ سايىسىدا ئول-
تۇرۇپ ھەبىبۇللا قارىي بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشتى. ئاخىرىدا «كېلەر ھەپتىدە سىلەرگە
خەۋەرچى ئەۋەتىمەن» دەپ خوشلىشىپ، تەۋەككۇل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

يىگىتلەرنىڭ جەڭ تەييارلىقى پۈتۈپ، ئەخمەت سەرداردىن كېلىدىغان خەۋەرنىلا
كۈتۈپ تۇرغانىدى. دېگەندەكلا، كېيىنكى ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى كەچتە خەۋەرچى
كەلدى. ئۇ جۈمە كۈنى سەھەردە قوزغىلىش قارار قىلىنغانلىقى، ھەبىبۇللا قارىي باشچى-
لىقىدىكى يىگىتلەرنىڭ پەيشەنبىگىچە شەھەرگە يېقىن يېڭى ئېرىقنىڭ غەربىدىكى
قومluqta يوشۇرۇنۇپ، جۈمە تاڭ ئاتار كېچىسى شەھەرگە كىرىشى كېرەكلىكى توغرى-
سىدىكى بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ نەگە ھۇجۇم قى-
لىشى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئۇلارنى قومluqta كۈتۈۋالىدىغان ئادەم يەتكۈزىدىكەن.
يىگىتلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىردىن جانلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھەۋدۇقۇش
ئارىلاش ھاياجان ئىگىلىگەنىدى. شۇ كۈنى قاسىم بىلەن ھەسەن ئۇرۇش ۋاقتىدا
بىر-بىرىدىن زادىلا ئايرىلماسلىققا، ئەگەر بىرەر بەختسىزلىك يۈز بەرسە، بىر-بىرىنىڭ
جەسىتىنى تاشلاپ كەتمەسلىككە ۋەدىلەشتى.

ھەبىبۇللا قارىينىڭ ئەترىتى شۇ كۈنى كېچىدە يولغا چىقىپ، پەيشەنبە كۈنى تاڭغا
يېقىن بەلگىلەنگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بىر
كۈن دەم ئېلىشنى پىلانلىغانىدى. ئۇلار بۈگۈن كەچتە يەنە بىر نەچچە پوتەي يول
يۈرۈپ شەھەرگە كىرىشى، بەلگىلەنگەن نىشانغا ھۇجۇم قىلىشى، ماخۇسەننىڭ جاللاتلى-
رى بىلەن جېنىغا جان تىكىپ ئېلىشىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا دەم ئالمىسا بولمايتتى.
6-ئاينىڭ قىزىق ئاپتىپى قۇملۇقنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. ئۇلار تاياق-
چوماقلىرىنى قۇمغا سانجىپ، چاپان-يەكتەكلىرى بىلەن سايىۋەن ياساپ دەم ئېلىپ
يېتىشتى. قاسىم بىلەن ھەسەن بىر سايىۋەننىڭ ئاستىدا قېنىپ ئۇخلىدى. ئۇلار ئويغانغاندا
ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى ئويغاتقان يىگىت ئۇلارغا ياخشى
بولمىغان خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ: «خەۋەرچى كەلدى.قوزغىلاڭ كېلەركى جۈمەگە كېچىك-
تۈرۈلۈپتۇ. ھازىر ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا قايتىدىكەنمىز...» دېدى.

يىگىتلەرنىڭ روھى بىردىن چۈشۈپ كەتتى. مىنىڭ مۈشكۈلدە يېقىنلاپ كەلگەن، مەنزىل بىراقلا ھەپتىلىك يىراققا سۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولغانىدى. قايتىش يولىدا قاسىم بىلەن ھەسەننىڭ چوڭراق چامداپ ماڭغىنىمۇ كەلمىدى. ھەبىبۇللا قارىيىمۇ گەپ-سۆز قىلماستىن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم ئەترەتتىن چۈشۈپ قالمىدى. يىگىتلەر كېلەركى جۈمە ئۇ ئانچە يىراق ئەمەس، دەپ ئويلىشاتتى.

ئەترەت ئەلەمبۇلۇڭغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئۇلارنى تېخىمۇ ئاجايىپ بىر خەۋەر كۈتۈپ تۇرغانىدى: تەۋەككۇللۇقلار جۈمە كۈنى قوزغىلىپتۇ. ئازنە بازاردىكى ئالتە تۇڭگاننى ئۆلتۈرۈپ، قوراللىرىنى تارتىۋاپتۇ. تۈنۈگۈن ئىسلامئاۋاتتىكى ئوت-سامان ۋە ئاشلىق ساقلايدىغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەن خوتەنگە قاراپ يولغا چىققۇدەكمىش... بۇ خەۋەرنى نىياز ئاكىغا بۈگۈن ئەتىگەن ئىسلامئاۋاتتىن كەلگەن بىر قويچى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئەترەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يەنە جانلىنىپ قالدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ تەۋەككۇللۇقلارغا قوشۇلۇش كېرەكمۇ ياكى خوتەندىن بۇيرۇق كېلىشىنى كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ھەبىبۇللا قارىي ئۇزۇنغىچە ئويلاپ ئولتۇردى. ئاخىرى ئورنىدىن شاققىدە كۆتۈرۈلدى. ئەترەتكە قىسقىلا سۆز قىلدى.

— يىگىتلەر، تەۋەككۇللۇقلار قوزغىلىپ كېتىپتۇ. مەن ھازىر ئۇلارنىڭ قېشىدا بولۇشۇم كېرەك. ئۇلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. سىلەرنى بىللە ئېلىپ بارسام تېخىمۇ بولمايدۇ. ئورۇنسىز قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. سىلەر مۇشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئون كۈنگىچە مەندىن خەۋەر كەلمىسە تارقىلىپ كېتىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭلار ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلارسىلەر.

ھەبىبۇللا قارىينىڭ چىرايى نېمە ئۈچۈندۇر قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ قاسىم بىلەنمۇ، ھەسەن بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئۇ ئەككى دانە بەش ئاتار مىلتىقنى ئالدى. قارامىلتىقنى نىياز ئاكىغا قالدۇرۇپ قويدى. يىگىتلەر قوم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ھەبىبۇللا قارىينىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغۇچە قاراپ تۇرۇشتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇنى كۆڭلىگە ئەڭ يېقىن تۇتىدىغان بولۇپ قالغان، ئۇنى خۇددى قەدىرلىك ئۇستازىدەك، بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئايرىلىش ئۇلارغا خېلىلا ئېغىر كەلدى. لېكىن ھېچقايسىسى بۇ ئاخىرقى ئايرىلىشىمىز بولمىدۇ، دەپ ئويلىمىدى. ئۇلارغا ھەبىبۇللا قارىي ئەتىلا قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ قاسىم بىلەن ھەسەن قەسەملەشكەن دوستلار بۇنداقلا ئايرىلىپ كەتمەيدۇ، بىز يەنە كۆرۈشىمىز، ئازادلىق كۈنلەرگە بىللە يېتىشىمىز، دەپ ئويلايتتى. لېكىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاڭلانغان پاجىئەلىك خەۋەر ئۇلارنىڭ بۇ ئويلىرىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ تاشلىدى: ما خۇسەن قىسىملىرى تەۋەككۇللۇق قوزغىلاڭچىلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغانىدى. بەزىلەر ھەبىبۇللا قارىينى ئاشۇ قىرغىنچىلىقتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ تەۋەككۇلدىكى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلىقىنى ئىسپاتلىشاتتى. قاسىم بىلەن ھەسەن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى.

قاسىم بىلەن ھەسەن ھەببۇللا قارىي بىلەن قانداق تېز تونۇشقان بولسا، ئۇ-
نىڭدىن يەنە شۇنداق تاسادىپىي ئايرىلىپ قالدى. لېكىن ھەببۇللا قارىي بىلەن
ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەر ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاجايىپ ئۇرۇقلارنى چېچىپ، ئورتاق ئارزۇ،
مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بىر ئوتنى يېقىپ ئۆتكەنىدى. ئەنە شۇ ئارزۇ ئىككى يىگىتنىڭ قەلبىنى
مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان قىلىپ باغلىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇلار ئۆز ئائىلىدارچىلىقىنىڭ
قاچان ۋە قەيەردىن باشلانغانلىقىنى ئويلىغاندا، دەرھال ئاشۇ جاڭگالنى، ئاشۇ قەسەم-
لىشىپ ئاغىنە بولغان قۇم دۆۋىسىنى، كىچىككىنە ئەترەتنى ۋە ئەدەلگە ئاشىنغان
قوزغىلاڭنى يادىغا ئالاتتى. ھەببۇللا قارىينىڭ «قارىي» دىن كۆرە باتۇرغا بەكرەك
ئوخشايدىغان قىياپىتى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى.

ئۇلار شۇ يىلى تاكى قىش كەلگۈچە جاڭگالدا تۇرۇپ قالدى. ئەترەت ئاللىقاچان
تارقالغان، كەلگۈسىدە ئەخمەت سەردار بىلەن ئالاقە ئورنىتىلغان كۈنلەردە جەم بو-
لۇشقا ۋەدىلىشىپ ئايرىلىپ كېتىشكەنىدى. قىشقا يېقىن «ماخۇسەن ئەسكەرلىككە ئا-
دەم تۇتۇشنى توختىتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۇلار قارابېغقا قايتىپ كەلدى.
ماخۇسەننىڭ تۆمۈر تاپىنىدا يەتكۈچە چەيلەنگەن يېزا خۇددى ئىت تالىۋەتكەن قەلەن-
دەرنىڭ جەندىسىدەك ئېچىنىشلىق ھالغا كېلىپ قالغانىدى. قوناق شېخىنىڭ، ساماندى-
نىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇتۇلماي يۈرگەن ئىمىن ھاجىم ئوغلىنى ئادەتتىكىچە، ھاياجانلانماي قارشى ئالدى. قاسىمنى بولسا ئانىسى بىلەن سىڭىللىرى ئېچىنىشلىق يىغى-
سى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا توقۇم-مۇلە ياساپ
كۈن ئۆتكۈزۈدىغان دادىسىنى يەتتە ئاي ئىلگىرى ھەربىي ئاتقا ئىگەر ياساشقا تۇتۇپ
كېتىشكەنىكەن. ئۇنىڭدىن تاھازىرغىچە ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمەپتۇ. قاسىمنىڭ قەل-
بىنى ئاچچىق بىر خىل مەيۈسلۈك چۇلغىۋالدى. ئۇ، ئاشۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئەمەلگە
ئاشقان بولسا، دادامۇ قۇتۇلۇپ قالاركەن دەپ ئويلايتتى. كۆپ جانلىق نامرات ئائى-
لىنى بېقىش ئەمدى يالغۇز ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ گاڭگىراپ قالدى.
بەختكە يارىشا، ھەسەن ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىن ھاجىم يار-يۆلەكتە بولدى. ئەل-
جامائەتمۇ قاراپ تۇرمىدى. شۇنداق قىلىپ قاسىم ئانىسىغا ۋە سىڭىللىرىغا باشلامچىلىق
قىلىپ ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشتى.

قاسىم بىلەن ھەسەننىڭ تۇرمۇشىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار ئىدى. بىرى، چوڭ
ۋە باياشات ئىگىلىكنىڭ يالغۇز ۋارىسى بولسا، بىرى كۆپ جانلىق نامرات ئائىلىنىڭ
يېرتىق-تۆشۈكلىرىنى ياماش بىلەن ئاۋارە ئىدى. لېكىن بۇ ھالەت ئىككى يىگىتنىڭ
ئۆزئارا ئىشەنچىسىگە، ئاغىنىدارچىلىقىغا، دوستلۇقىغا، ھۆرمىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.
بەلكى ئۇلارنىڭ دوستلۇقى يەنىمۇ بەكرەك كۈچىيىپ باراتتى. كېيىن تالاي يىللار
ئۆتتى. ماخۇسەن قېچىپ، شېڭ شىسەي كەلدى. شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا
گومىنداڭ ئالماشتى. خېدىڭباڭنىڭ ① ئورنىغا لەنشۆسەن ② چىقتى. لېكىن قاسىم
بىلەن ھەسەننىڭ دوستلۇقى ئۈزۈلمىدى. شۇ يىللاردا ئىككى ئائىلىدە ئىككى قېتىم

① خېدىڭباڭ — ئۇر بەگ. ② لەنشۆسەن — روزىممەت بەگ، گومىنداڭ ۋاقتىدىكى خوتەننىڭ ۋالىيلىرى.

پاجىئە بولدى، قاسىمنىڭ دادىسى تۇغقانلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قىنايتىپ كەلمەمدى. ئۇ ماخۇسەننىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. 41 - يىلى ئەمىن ھاجىمنى شېڭ شىسەي تۇتۇپ كەتتى. شېڭ شىسەينىڭ بايلارنى بۇلاپ، ئۆزلىرىنى تېرىك كۆمۈۋاتقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ئىمىن ھاجىم نېمىلەرنىدۇر يوشۇرۇشقا، ھەسەنگە ۋەسىيەت قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە قازا تاپقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆمرىنى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم تېۋىپلىق، يېرىم سودىگەرچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ كۆپ ھۈنەرلىك ئادەم ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. ئەنە شۇ قايغۇلۇق كۈنلەردە قاسىم بىلەن ھەسەننىڭ دوستلۇقى يەنىمۇ كۈچەيدى. ئورتاق قايغۇ يۈرەكلىرىنى بىللە ئەزدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

لېكىن تىرىكلەرگە تىرىكچىلىك كېرەك ئىدى. ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايتتى. ھەسەن شېڭ شىسەينىڭ بۇلاڭ - تالىڭىدىن ئېشىپ قالغان ئىگىلىكىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. شېڭ شىسەي ئات - ئۇلاق، گىلەم - كىگىز، قاچا - قۇچا ... ھەممىنى بۇلاپ كەتكەنىدى. لېكىن 40 مو يەر بىلەن ۋاساجۇپ ئايۋان - سارايلارنى ئېلىپ كېتەلمىدى. ھەسەن ئاشۇلارغا تايىنىپ ئىش باشلىدى. ئاتىسى كۆمۈپ قويغان نەرسىلەر ئۇبدانلا دەسمايە بولدى. ئۇنىڭ ئىگىلىكى يەنە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ دېھقانچىلىق قىلمايتتى. يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ، ئۆزى سودىگەرچىلىك قىلىشقا كىرىشتى. ئاقسۇ - كۇچا تەرەپكە ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. ئۇ ئۇياقلارغا ماتا - سەرگەز، گىلەم - تىكمەت، شايى - ئەتلەس دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاپىرىپ، ئۇياقتىن كۆرپە تېرە، ئات - ئېشەك، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، زاۋۇت رەختى دېگەندەكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىگىلىكى يەنە تېز ئەسلىگە كەلدى، گۈللەندى. بۇ كۈنلەردە قاسىمنىڭ ئەھۋالىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغان، ھەسەن بېرىپ تۇرغان بەش مو يەرنى ئۆزىنىڭ يەرلىرىگە قوشۇپ تېرىپ خېلى ئەتلىنىپ قالغان، سېرىقتال ۋاقىتلاردا سارغايمايدىغان ئەھۋالغا ئۇلاشقانىدى. ئىككى يىگىت ھايات يولىدا قولغا - قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلەپ باراتتى.

## ئوغرىنىڭ ئىزى

ئەكبەر باغدىن چىقىپ تامنىڭ كەينىگە ئۆتتى، باغنىڭ تېمىغا قوناق شاخلىرى يۆلەپ قويۇلغانىدى. ئەكبەر رازۋېتچىككە خاس ئەستايىدىللىق بىلەن تام تۈۋىنى، ئېتىزنى، قوناق شاخلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. قوناق چېپىۋېلىنغاندىن كېيىن بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ باغ تېمىنى بويلاپ ئاستا - ئاستا ئالغا قاراپ ماڭدى. ئىز! ئەكبەرنىڭ ئالدىدىلا، تامنىڭ تۈۋىدە، يۇمشاق نەم تۇپىدا بىر جۈپ ئىز تۇراتتى. ئىزنىڭ ئالدى يېرىمى تولۇق چۈشكەن، ئۆكچىسى تۇتۇق ئىدى. كىمدۇر بىرى پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ باغنىڭ ئىچىگە قاراپتۇ.

ئەكبەر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىزغا تىكىلدى - بۇشىرىپ تىكىلگەن لاتا كەشنىڭ ئىزى ئىدى! ئىز بىر ئورۇندا خېلى ئۇزاققىچە تۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىزغا ئەگەشتى. ئىز بەزى يەرلەردە ئېنىق، بەزى يەرلەردە تۇتۇق كۆرۈنەتتى. ئەكبەر ئىزنىڭ كەينىدىن ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقچىچە باردى. ئېرىقنىڭ بويىدا ئېشەك هارۋىسى پاتقۇدەك تار چىغىر يول بار ئىدى. ئىز ئەنە شۇ يولغا چىققاندا يوقاپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرقى ئىزغا ئەكبەر ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇردى. ئۇ ئىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، كەڭلىكىنى ئۆلچەپ خاتىرىسىگە يازدى. چوڭايتقۇچى لوپا ئەينەك بىلەن تەپسىلىي كۆزىتىپ تاپانلىقنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تام تۆۋىگە كېلىپ يەنە كۆزىتىشكە كىرىشتى. تامنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتى. لاتا كەشنىڭ ئىزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىز يوق ئىدى. ئەكبەر نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەكۈن چىقاردى: مەخپىيەتلىكنى بىلىدىغان يەنە بىر ئادەم بار. ئۇ بولسىمۇ لاتا كەش كىيگەن ئادەم. ئۇ كىم؟ دېلو سادىر قىلغان كىشى شۇمۇ- ئەمەسمۇ؟

ئەكبەرنى مۇشۇ مەسىلە قىزىقتۇراتتى. ئەكبەر هوشۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەھەللە كومىتېتىنىڭ باشلىقلىرىدىن سوراپ كۆردى. ئۇلار بىزنىڭ كەنتتە لاتا كەش كىيىدىغان ئادەم يوق، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلارنىڭ ئەسلىشىچە 7-8 يىل بۇرۇن يېزىلىق خەلق ئىشلار بۆلۈمى نامرات ئائىلىلەرگە پاختىلىق كەش تارقىتىپ بەرگەنىكەن. نېمىشقىدۇر ئۇلار كەشلەرنى كىيمەي بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن لاتا كەش تارقىتىلماپتۇ. ئەكبەر ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىدى. ئۇ هوشۇر بىلەن مەھەللە كومىتېتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش هەيئىتىگە كىملەرنىڭ لاتا كەش كىيىدىغانلىقىنى داۋاملىق ئېنىقلاشنى تاپشۇردى. ئەكبەرنىڭ قارىشىچە لاتا كەش كىيگەن ئادەم تېپىلسىلا دېلو سادىر قىلغۇچىنى ئېنىقلاشنىڭ يولى تېپىلغان بولاتتى. ئۇ ئىزنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە يەرگە چۈشۈرگەن بېسىمىغا قاراپ، لاتا كەش كىيگەن ئادەمنىڭ بويى بىر مېتىر ئەللىك سانتىمېتىر بىلەن بىر مېتىر ئەللىك بەش سانتىمېتىرنىڭ ئارىلىقىدا، ئېغىرلىقى ئەللىك بەش كىلودىن ئوشۇق ئەمەس دەپ هۆكۈم قىلدى. ئۇ لاتا كەش كىيگەن ئادەمنىڭ بوي تۇرقى، ئېغىرلىقى توغرىسىدىكى قىياسىنى مەھەللە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارىغا ئېيتقانىدى، ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

— سىز قاراباغلىقلارنى بىلمىسىزغۇ، بىزدە بالىلارنىڭلا بويى شۇنچىلىك كېلىدۇ. كىچىك بالا يېرىم كېچىدە تام كەينىدە نېمە ئىش قىلسۇن؟

سېكرېتار ئەكبەرگە ئەنە شۇنداق دېدى-يۇ، لېكىن يەنە ئويلىنىپ قالدى. يامانيارىدىكى بارلىق پەستەكلەرنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلار ساناقلىقلا ئىدى. سېكرېتار بىردەمدىلا ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چىقتى-دە، بىردىن توختاپ پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى.

— ۋاي، ئەخمەق كاللامەي، نېمىشقا بۇرۇنراق ئېسىمگە كەلمىدى؟ هەي...

سېكرېتار ئەكبەرگە ئېگىشىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. پاكار ۋە ۋىجىك ئادەممۇ، لاتا كەش كىيگەن ئادەممۇ تېپىلغانىدى. لېكىن يەنە دەلىللەشكە توغرا

كېلەتتى.

ئەكبەر كىشىلەردىن يېقىندىن بېرى مەھەللىگە يات، گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ پەيدا بولغان - بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ ھېلىم كۆكبېشى بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆكبېشى قاسىمكامنىڭ نامىزىنى چىقارغان كۈنى پۈتىغا ئەرچە كالاچ كىيگەن بىر ئايالنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىزنىڭ يېزىدا ئاياللار ئەرچە كالاچ كىيىدىغان ئادەت يوق. مەن غەلىتىلىك ھېس قىلدىم. لېكىن ناماز ئەمەسمۇ، تېزلا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— كالاچ كىيگەن ئايالنىڭ بوي تۇرقى ئېسىڭىزدىمۇ؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن؟ بويى كىچىككىنە، ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەندە بويى قولتۇقۇمغىلا توغرا كەلدى. يۈز - كۆزىنى ئاق ياغلىق بىلەن مەھكەم چۈمكىۋاپتۇ. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ پۇتىدىكى كالاچىلا دىققىتىمنى قوزغىدى...

ئەكبەر يەنە بىر يىپ ئۇچى تاپقاندەك جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ توختىماي سوئال سورايتتى.

— ئۇنىڭ كالىچىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە دىققەت قىلغانمىدىڭىز؟

ھېلىم كۆكبېشى نېمىنىدۇر يادىغا ئالماقچى بولغاندەك سەل توختاپ قالدى.

— ياق، دىققەت قىلماپتىمەن. پەقەت ئەرچە كالاچ ئىكەنلىكىلا ئېسىمدە.

ئەكبەر ئۆيىگە پاتتى. بوي - تۇرقىدىن قارىغاندا، لاتا كەش كىيگەن ئادەم بىلەن كالاچ كىيگەن ئايال بىر ئادەم بولسا كېرەك. ئوغرى ئايالچە كىيىنىپ كەلگەنمىدۇ؟ بۇمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەگەر بۇ ئىككىسى راستىنلا بىر ئادەم بولىدىغان بولسا، دېمەك مېيىتنى چىقارغان كۈنى يۈز بەرگەن. نېمىدېگەن ھىيلىگەر ھە! ئۆي ئىگىلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ھېچنېمىگە دىققەت قىلمايدىغانلىقىنى، تاۋۇتنى ئېلىپ ماڭغاندا، ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ئاياللارنىڭ تاۋۇتقا ئەگىشىپ ھويلىغا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. ئېھتىمال دېلو دەل مۇشۇ چاغدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالغا قارىغاندا، رەقىب ئانچە ئوڭاي قويرۇق تۇتقۇزىدىغانلاردىن ئەمەس ئوخشايدۇ...

ئەكبەر مانا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇرەككەپ، ئۆتكۈر كۈرەشنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

شۇ كۈنى ئەكبەر يەنە ھېلىم كۆكبېشى بىلەن كۆرۈشتى. كۆكبېشى قاسىم ئاكىنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى، ئالتۇننىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدىكى قىياسىنى، يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ئاڭلىغانسېرى ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈچلەر يېشىلىپ باراتتى. ئۇ قولى بىلەن زاڭىقىنى يۆلەپ، كۆزىنى مىت قىلماي يۇمماستىن ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ھېلىم كۆكبېشى ئالتۇن توغرىسىدىكى قىياسىنى مۇنداق جەزىملەشتۈردى:

— ئالتۇن چوقۇم ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەس، پەقەت ئامانەت، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇ قىيىنچىلىق تارتقان يىللاردا ئۇنى سەرپ قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ھاياتى ئۇنىڭ ئالتۇندىن ئازراقمۇ ئىشلەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇ-

رۇپتۇ. پەقەت قاسىم ئاخۇنلا مۇشۇنداق قىلالايدۇ...

— ئۇ بۇ ئالتۇننى كىمگە تاپشۇرماقچى ئىدىكىنە؟

— كىمگە بولاتتى؟ ئابدۇللاغا، يەر ئىسلاھاتىدا ئۆلۈۋالغان ھەسەن ئاخۇننىڭ ئابدۇللا ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. قاسىم ئاخۇن ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن، قايسى يىلى مەن ئەترەتكە ئېشەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن قارا شەھەرگە ماڭغىنىمدا، ئۇ مېنىڭدىن ئابدۇللانى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشنى سورىغانىدى. ئۇ چوقۇم ئابدۇللانىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەن.

ئەكبەر يەر ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ھېلىم كۆكبېشىنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈپ قويدى.

— لەڭپۇڭچى دېگىنى كىم؟

— كىم بولاتتى؟ بىزگە كۆچۈپ كەلگەن ھېلىقى لەڭپۇڭچەچۇ...

مەھەللە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئەكبەر چۈشەنگەندەك بولدى ۋە ھەي، بىرى ئالتۇننى ئوتتۇز يىل ساقلىسا، بىرى ئوتتۇز يىل ئىزدەپ يۈرگەن ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدى. ئەكبەر شۇ كۈنى كەچتە ھوشۇر ۋە مەھەللە ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتىگە ھېلىقى لەڭپۇڭچىنى قاتتىق نازارەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىدا لاتا كەش، كالاچ كىيىدىغان ئەر-ئاياللارنى داۋاملىق ئېنىقلاشنى تاپشۇردى. ئۇ كالاچ كىيگەن ئايالنىڭ ئايالچە ياسىنىۋالغان دېلو توغدۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدە ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا يېزىدا كالاچ كىيىدىغان ئاياللارنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش لازىم دەپ قارىغانىدى.

ئەكبەر 3-كۈنى دېلو ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

## مازۇجاڭ ئالتۇن يىغىمدۇ

ئازادلىق قۇياشى يورۇڭقاش ۋادىسىنى يورۇتتى. لېكىن كىشىلەر بۇنى خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ھېس قىلدى. چۈنكى بۇ يەردە ئازادلىق ھېچقانداق قىيقاس-چۇقانسىز، داغدۇغا-ھەشەمەتسىز يۈز بەرگەنىدى. دەسلەپتە پاختىلىق شەپكە كىيگەن خەنزۇ ئەسكەرلەر كەلدى. ئىككى ئايدىن كېيىن قاسقان شەپكىلىك مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى چاڭ توزۇتۇپ ئۆتتى. ئىلگىرى ھۆكۈمەت ئالماشقاندا ئىش كىملەرنىڭدۇر قېچىشى بىلەن باشلىناتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى. بېرەرسىنىڭ قاچقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ھەممىسى ئۆز ئورنىدا ۋە بەخىرامان يۈرۈشەتتى. شۇنداق قىلىپ بەزى ئىشلار ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قالدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى دەسلەپكى كۈنلەردىلا ھېس قىلىپ كېتەلمىدى. قاسىم بىلەن ھەسەن «ئازادلىق بوپتۇ»، «ئازادلىق ئارمىيە كەپتۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغاندا نېمىشقىدۇر گاڭگىراپ قالدى. مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى ئون بەش يىلدىن بېرى تەقەز-

زالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن بۇ ئىككى ئاغىنە ئازادلىق دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئازادلىق كۈنلىرى قۇياشنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ قانداق كىيىنىپ، قانداق ماڭىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. ئازادلىق دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىغان، ئەمما ئازادلىق دېگەن زادى قانداق بولاتتى؟ ئۇلار بۇنى ئۆز ۋاقتىدا ھەببۇللا قارىيدىن سوراشۋالمىغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىشتى. لېكىن ھەقىقەتەن ئازادلىق تېڭى ئاتقانىدى، ئۇ، جاھاننى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئاستا ـ ئاستا يورۇتۇپ، ئىللىتىشقا باشلىدى، دەسلەپتە ئىللىتىپ كېيىن يالقۇنلۇق ئوتلارنى يېقىۋەتتى.

دەسلەپتە ئاللىكىملەر كېلىپ قارابباغنى شاڭ ①، سۇك ② دېگەن يېڭى گەپلەر بويىچە بۆلەك ـ بۆلەكلەرگە ئايرىپ چىقتى. شاڭجاڭ، سۇڭجاڭلارنى سايلاتقۇزدى. يەنە ھەر بىر سۇڭغا بىردىن ساقچى، ھەر بىر شاڭغا بىردىن باش ساقچى سايلاپ چىقتى. قارا باغنىڭ يامانيار، پارچە كەنت، دۆڭئېرىق دېگەن مەھەللىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم سۇك بولغانىدى. يامانياردا سايلام بولغاندا كىشىلەر ئېنىشقىدۇر قاسىم ئاخۇننى ساقچى قىلىپ سايلاپ قويىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ، ئوتتۇز نەچچە ياشلىق جىمغۇر دېھقانغا ئايلانغانىدى. لېكىن ئۇ «ئازادلىق بوپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەلبىدە يەنە ئاللىقانداق ئۇمىدلەرنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدى، ساقچى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئازادلىق دېگەن بىزدەكلەر بەگ بولىدىغان كۈنلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ ساقچى دېگەننىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان بەگ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ قاراموتۇق كوماندىرى ئۇنىڭغا تەتۈر ھەرىكەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىسەن، ئوغرى ـ بۇلاڭچىلارنى تۇتىسەن، يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايسەن، دەپ چۈشەندۈرۈپ قويىدى. ئۇ «تەتۈر ھەرىكەتچى» دېگەننىمۇ بىلمەيتتى. سوراۋەرگىلى خىجىل بولدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ يېڭى كەلگەن ئاشۇ ئادەملەرگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ گەپ سۆزلىرى قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇلار نېمە دېسە، شۇنى قىلىشقا تەييار تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ قاسىم ئاخۇن ساقچى بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە ھەقىقەتەنمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كەتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئېچىلىپ تۇرىدىغان يىغىن ـ مەجلىسلەر ۋە بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىپ تۇرغان ھەرىكەتلەر ئۇنىڭغا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئىنقىلاب، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش دېگەندەك يېڭى گەپلەرنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. قاسىم ئاخۇن ئۇقتۇرۇش بويىچە، سايىتبەگنى يالاپ رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بەردى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قارا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭشور دېگەن يەردە كاتتا يىغىلىش بولدى. بۇ يەرگە پۈتۈن رايون بويىچە ھەممە كىشى توپلانغانىدى. رايون باشلىقى بۇ يىغىلىشنى «تەتۈر ھەرىكەتچىلەرنى بېسىقتۇرۇش يىغىنى» دەپ ئاتىدى ۋە قىسقىغىنا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر خەنزۇ كادىر چىقىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. قاسىم ئاخۇن ئۇنىڭ سۆزىنى

① شاڭ — بېزا.
② سۇك — كەنت.

ئۇقالمىدى. باشقىلارمۇ ئۇقالمىغانىدى. كېيىن كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر توكچى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆرۈپ بەردى. قاسىم شۇچاغدىلا ئاللىقانداق غەلىبەمېۋىسى دېگەن مېۋىنى قوغداش ئۈچۈن تەتۈر ھەرىكەتچىلەرنى بېسىقتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى غۇۋا چۈشەندى. ئارقىدىنلا سايىتبەگ ئېتىپ تاشلاندى. سانجاق-سانجاق توپلانغان خەلقنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان سايىتبەگ لاغىلداپ تىترەيتتى. مىلتىق گۇم قىلىپ ئېتىلدى. سايىتبەگ دۈم چۈشتى. خەلق ئۇنىڭ خۇددى چالا بوغۇزلانغان قويغا ئوخشاش ئۆزۈنىچە جان تالىشىپ تىپىرلىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى. شۇ كۈنى ئېتىپ تاشلانغانلار ئىچىدە قۇربانباي ۋە ساۋۇت شاكىيۇمۇ بار ئىدى. ئەتىسى خېدىمچىباك ۋە لەنشۆسەنلەرنىڭمۇ ئېتىپ تاشلانغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. تەتۈر ھەرىكەتچىلەر ھەممە يەردە بېسىقتۇرۇلغانىدى.

مانا شۇ ئىشتىن كېيىن قاسىم ئاخۇن «تەتۈر ھەرىكەتچى» دېگەنىنىڭ بەگ-شاكىيۇ، باي-زومىگەرلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغانىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە «تەتۈر ھەرىكەتچى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان باي-زومىگەرلەرنى، ھەتتا بەزىدە ھەسەن ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىن ھاجىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا قاسىم ئاخۇننىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالاتتى، ئوڭايسىزلىناتتى. ئۆزىنى نېمىندۇر چۈشىنەلمىگەندەك ھېس قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسەنىنمۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتكە يالاپ ئاپىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق كېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇنىمۇ سايىتبەگنى ئېتىپ تاشلىغاندەك ئېتىپ تاشلاشلىرى مۇمكىنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىچە قورقۇپ كېتەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ بېرىش-كېلىشلىرى ئىلگىرىكىدىن شالاڭلاپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا قوم دوۋىسى ئۈستىدىكى قەسەم ئارقىلىق باغلانغان ئاغىنە ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ھەسەننىڭ كۆڭلىمۇ جايىدا ئەمەس ئىدى. ئاللىقانداق خىياللارنىڭ ئىلكىدە ئازابلىنىپ يۈرەتتى. ئازادلىقنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە پارىخور ئەمەلدارلاردىن، مۇتەھەم بەگ-دوغىلاردىن، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان چاتاقچى باجگىرلاردىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولغانىدى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى، شېرىن چۈشتەك يوق بولدى. سايىتبەگ ئېتىلغان ھېلىقى چوڭ يىغىندا سۇلتانبەگ، ھېمىت بەگ، ئابدىكېرىمخان بايلارنىڭ قاتارىدا ھەسەنمۇ ياۋاش بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەل-جامائەتتىن بىراقلا ئايرىلىپ قالدى. بىر كېچىدىلا كىشىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىن بىر تام پەيدا بولغاندەك بولدى. يۇرتداشلار ئۇنى كۆرگەندە كۆرمىگەنگە سېلىپ، باشقا ياققا قاراپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ئەتىگەنلىك ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە چىققاندىمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمايدىغان بولۇشتى، يېزا، كەنت باشلىقلىرىمۇ كۆن ئارىلاپ ئېچىلىدىغان كەچكى يىغىنلارغا ئۇنى زادىلا چاقىرمايتتى... مانا بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا گويا ئۇنىسىز ھاقارەتتەك تۇيۇلاتتى. ئۆزىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، ئىچى پۇشۇپ جىلە بولاتتى. خىزمەت ئۈمىكىدىكىلەرگۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن، مەيلى، بەلكىم بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى

دۇر، لېكىن يۇرتداشلارنىڭ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ مەن ئۇلارغا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ ...

ھەسەن يۇرتداشلىرى بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، چاي - نەزىرلەرگە تولۇق باراتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭكىگە كېلىشەتتى. ئۆزئارا ھۆرمەتلىشەتتى. قولۇم - قوشنىلار ئۇنىڭدىن ئانچە تارتىنىپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ سىرىقتال ۋاقىتلىرىدا قوشنىلىرى ئاشلىق، پۇل - پۇچەك سوراپ كېلىشەتتى. ھەسەننىڭ يۇرتداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغان ۋاقىتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، لېكىن ئەمدى نېمە بولدى؟ يۇرتداشلار نېمىشقا تەتۈر قاراپ قېلىشتى؟ ... ئۇ بۇ ئىشلارنى زادىلا چۈشىنەلمەي قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ ھەدېسە شۇئار تووۋلاپ، غەزەل ئوقۇپ، سائات چىقىرىش كەچكۈرسلىرىغا قاتنىشىپ يۈرگەن خۇشال - خۇرام سەپكە قوشۇلۇۋېلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارغا قوشۇلمىسىمۇ كۈنى ئۆتۈۋېرەتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئىچى تىت - تىت بولاتتى، خورسىناتتى. ئۆمۈر بويى ئىززەت - ئىكرام ئىچىدە ياشاپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تولىمۇ نازۇك ۋە ئىنچىكە ئىدى. كىچىككىنە قوپاللىقمۇ ئۇنىڭغا ھار كېلەتتى. ھەسەن يەر - مۈلۈك، ئۆي - جايدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيتتى. پەقەت بەدنامغا، خورلۇققا، ئاھانەتكە ئۇچراشتىن ئەنسىرەيتتى. پات - پات ھېلىقى بېسىقتۇرۇلغان سايىتىبەگنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇراتتى. سايىتبەگقۇ نى - نى ئەسكىلىكلەرنى قىلغان، قاتمۇ قات قان قەرزگە بوغۇلغان بىر زومىگەر ئىدى. ھەسەن ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك قىلمىغانلىقىغا، قان قەرزگە بوغۇلمىغانلىقىغا، خەلقنى قاقشاتمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەگەر ئۇمۇ سايىتبەگكە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالسا، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولاتتى. ئۇ مانا شۇ ئۇۋالچىلىقتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ تېخى قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى. ئۇ ئاتىسى ئىمىن ھاجىم ۋەسىيەت قىلغان ئىشلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئازاد بولغان دەسلەپكى ئايلاردا ئۇ ئاشۇ ۋەسىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈنلەر كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ھېلىقى قارادۇتۇق كوماندىرى بىلەن قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىمۇ بولغانىدى. لېكىن كېيىن نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. ئەمدى مانا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماي تۇرۇپلا بېشىغا نى - نى قىسمەتلەر كېلىۋاتىدۇ. ئۇ قانداقمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالىسۇن؟

بىر كۈنى كەچتە ھەسەن قاسىمنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇزۇنغىچە جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى بىر - بىرلەپ سۆزلىدى. قاسىم دوستىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

— خەقنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمىسىلە. ھەممىسى ئۆسەك گەپ. سىياسەت ئېنىق. مەن ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. خاتىرجەم بولسىلا ....

قاسىم ئاخۇن خۇددى ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەرداردەك ئىشەنچلىك سۆزلەيتتى. ھەسەن خاتىرجەم بولغاندەك بولدى، لېكىن يەنىلا خىيالچان ئىدى. سۆھبەتتىن كېيىن قاسىم ئاخۇن دوستىنى خاتىرجەم بولدى دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەسەن

ئاخۇننىڭ بېشىغا ئۇنداق پاجىئەلەرنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى سىياسەت ئېنىق ئىدى، سىياسەت بىلەن قارشىلاشمىسىلا چىقىش يولى تاپقىلى بولاتتى. رايون باشلىقىمۇ، خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقىمۇ شۇنداق دېگەنىدى. شۇڭا ئۇ دوستىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئارتۇقچە قايغۇرۇپ كەتمىدى. ئۇلار يەنە باشقا ئىشلار توغرىسىدا ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. قاسىم ھەسەنگە پات ئارىدا مال-مۈلۈك، يەر-زېمىنلارنىڭ ئېنىقلىنىشقا باشلىنىدىغانلىقىنى، تەركىبىنىڭ شۇنىڭغا ئاساسەن بېكىتىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ھەسەن قايتقاندا قاسىم ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى. قاسىمنىڭ قەلبىدە خىلمۇ خىل تۇيغۇلار — يەر ئىسلاھاتىنىڭ خۇشاللىقىمۇ، دوستىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى قايغۇمۇ بار ئىدى. شۇ كۈنى كېچىدە ئايۋاننىڭ ئىشىكى يەنە چېكىلدى. قاسىم ئاخۇن ئويغىنىپ كەتتى.

— قاسىم ئاخۇن، ئىشىكنى ئاچسىلا.

قاسىم ھەسەننىڭ ئاۋازىنى تونىدى. ھېلىلا كەتكەنىدى، يەنە نېمىشقا كەلگەندۇ؟ ئۇ ئىشىكنى ئاچتى، ھەسەن دولىسىغا خۇرجۇن ئارتىۋالغانىدى. ئۇلار ئىشىك تۈۋىدىكى سۇپىغىلا ئولتۇرۇشتى. تۈن تولىمۇ جىمجىت ئىدى. ئايۋاندىن قاسىمنىڭ ئۇخلاۋاتقان بالا-چاقىلىرىنىڭ پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەسەن بىرئاز دېمىنى ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا سۆزلىدى.

— بۇ خۇرجۇندا دادامدىن قالغان پېششىق مال بار. ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىش توغرىسىدا دادام ماڭا ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. مەن ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىمكان تاپالمىدىم، ئەھۋالغا قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمكانىيەت بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇنى ئۆزلىرى ساقلاپ بەرسىلە. ئەگەر قازايى مۇئەللەقتە ئۇچراپ قالسام ئوغلۇم ئابدۇللا چوڭ بولغاندا شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرەلا. ئۇ ئاتامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلار. ئەگەر خۇدا ئامانلىق بەرسە، ئىككىمىز مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتىنى بىللە ئىشقا ئاشۇرارمىز، ساقلاپ قويسىلا، خۇدا...

ھەسەننىڭ كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلدى. بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. قاسىم جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ دوستىنىڭ ھېلىمۇ ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى. يەنە نېمە دېسۇن؟ ئۇ قوللىرىنى ئۇزىتىپ، دوستىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى. ئىككى جۈپ قول ئۇزۇنغىچە مەھكەم قىسىشىپ تۇردى.

لېكىن ئەمەلىي ئەھۋال قاسىمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ھەسەننىڭ تەركىبى پومېشچىك دەپ بېكىتىلگەنىدى. ھەسەن يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنىڭ داغدۇغىلىق كۆرەش سەھنىسىگە يالاپ چىقىلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم كۆرەش قىلىنغان كۈنى كېچىسى ئۆزى سولاپ قويۇلغان كىچىككىنە ھوجرىدا ئېسىلىپ ئۆلۇۋالدى.

قاسىم ئاخۇننىڭ ساقچىلىقتىن رايى قايتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ۋە غەش

ئىدى. ھەسرەت ۋە پۇشايمان يۈرىكىنى ئېزەتتى. دوستىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا تولىمۇ
ئېغىر كەلگەنىدى. سوزۇلۇپ ئۇزارغان تاناپتەك ئىنچىكە بويۇن، چانىقىدىن چىقىپ
كېتەيلا دەپ قالغان، نۇرلىرى ئۆچۈپ چەكچەيگەن كۆز، ئاق ئالمىدەك تاتارغان چە-
راي... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دائىم گەۋدىلىنىپ تۇراتتى، ئېنىنى شۈركەندۈرەتتى، يۈرە-
كىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشقان ئاشۇ ئاخىرقى كېچە قاسىم ئاخۇن-
نىڭ ئېنىق يادىدا ئىدى. مانا ئەمدى ھەسەن ئاخۇن يوق، ئۇ ھەممە ئازابنى، ھەممە
دەرت ـ ئەلەمنى ئاشۇ كېسەلجان ئايالىغا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. دوستىنىڭ قەل-
بىنى ئۆمۈرلۈك ئازابقا، ھەسرەت ـ نادامەتكە دۇچار قىلدى. قاسىم ئاخۇن ئۆزىنى
ئۆمۈرلۈك قەرزگە بوغۇلغاندەك، ئىنسانلىق بۇرچىنى، دوستلۇق ئەھدىسىنى ئادا قىلال-
مىغاندەك، ئاشۇ جاڭگالدا، ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە، ئانا قۇياشنى شاھىت قىلىپ
ئىچىلگەن قەسەمگە سادىق بولالمىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ، دوستىنىڭ كۆڭلىگە
تەسەللىي بېرەلمىگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىناتتى.
لېكىن ئۇ ھەسرەت چېكىشتىن، پۇشايمان يېيىشتىن ئۆزگە ھېچنېمە قىلالمايتتى.
ئاشۇ ھەسرەت قاسىمنىڭ يۈرىكىدىكى قىزغىنلىقنى ئۆچۈردى. لېكىن سەپتىن
چۈشۈپ قېلىشقا بولمايتتى. «سىنىپىي مۇھەببەت»، «سىنىپىي چەك ـ چېگرا»، «كەمبەغەل
دېھقانلارنىڭ ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىقى»، «يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى ئاخىرغىچە
ئېلىپ بېرىش...» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار، ئۇنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشىغا يول
قويمايتتى. كۆپ ئۆتمەي يۈز بەرگەن يېڭى ـ يېڭى ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەرد ـ
ھەسرەتنى غەم ـ ئەندىشىگە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دوستىنىڭ ئۆلۈمى ئاستا ـ
ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى.
شۇ كۈنلەردە قاراباغدىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە ما زۇجاڭ دېگەن كۆزەي-
نەكلىك تىلماچ يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ئىككى
خىل تىلدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى. ئۇنىڭ پاكار ۋە كىچىككىنە گەۋدىسىنى ھەممە
يەردە كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ، تولىمۇ سەھەر تۇراتتى، كېچىلىرى كەمدىن ـ كەم ئۇخ-
لايتتى. تېخى تاڭ يورۇماستىنلا بۇرنىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى چۆكىلەيتتى.
ما زۇجاڭ تېز پۇرسەتتىلا تەركىب ئايرىش، پومېشچىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە
ئۇرۇش، يەر تەقسىم قىلىش، كۆرەش مېۋىلىرىنى ئۈلەشتۈرۈش لايىھىسى قاتارلىق
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ بولدى. بۇ ھەرقانداق ئىشتا ئۆزى بىۋاسىتە قول
سېلىپ ئىشلەيتتى. ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
لېكىن مۇنۇ ھەسەن دېگەن جاھىلنىڭ ئۆلۈۋېلىشى ئۇنىڭغا بىر تالاي ئاۋارىچىلىقلارنى
تېپىپ بەردى. رايون باشلىقى ئۇنى ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىمىگەن،
دەپ قاتتىق تەنقىد قىلدى. جاھىل ئۇنسۇرنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ ھەممە نەتىجىلىرىنى
يوق قىلىۋېتىدىغاندەك، كۆمۈپ تاشلايدىغاندەك تۇراتتى. بىر جاھىل پومېشچىكنىڭ
ئۆلۈمى ئۇنىڭ ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان شان ـ شەرەپلىرىنى يوق قىلىپ تاشلىسا، بۇ
ئەلەم بولمامدۇ؟ ياق، بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم يېڭى

بىر ئىش چىقىرىش، ھېچكىم ئىشلىمىگەن ئىشنى قىلىپ ھەممە كىشىنى ھاڭ-تاڭ
قالدۇرۇش كېرەك. شۇ چاغدا نامىمۇ ئەسلىگە كېلىدۇ، شان-شەرەپكىمۇ ئېرىشىدۇ.
ئۇنداق بولسا ئىشلەنمەي قالغان، ھېچكىم قىلمىغان ئىش قايسى؟...

بۈگۈن ما زۇجاڭ ئەنە شۇنداق ئېغىر خىياللارنىڭ ئىلكىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇخ-
لىيالمىدى. بېشى ئېسىلىپ گاراڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ياتىقىدىن چىقىپ، خىزمەت
ئۆمىكى ئورۇنلاشقان كونا مەدرىسىنىڭ ھويلىسىدا ئۇياق-بۇياققا ماڭدى، ئۇنىڭ ئاي-
پاڭلىشىپ كەتكەن چېكىلىرىگە كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇرۇلۇۋىدى، بېشى سەگى-
گەندەك بولدى. ئۇ مەدرىسىنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، تار كوچىنى بويلاپ مەقسەتسىز
ھالدا ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ كەنت سىرتىدىكى قەبرىستان-
لىققا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. زومچەك-زومچەك قەبرىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا
قاتار-قاتار تىزىلىپ ياتاتتى. ھوقۇشنىڭ يېقىمسىز ئاۋازدا سايرىغىنى ئاڭلىنىپ تۇرات-
تى. ما زۇجاڭنىڭ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى. ئۇ ئارقىسىغا ياندى. لېكىن شۇ زامات
توختاپ قالدى. ئۇ كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى. ئاۋاز قەبرىستانلىق-
نىڭ ئىچكىرىسىدىن چىقىۋاتاتتى. ھەسەننىڭ يەرلىككە قويۇلغىنىغا ھەپتە بولدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم قازا قىلمىدى. يېرىم كېچىدە قەبرىستانلىقتا نېمە ئىش قىلى-
دىغان ئادەملەر بۇ؟ ياق، بۇ يەردە بىر سىر بار... ما زۇجاڭ سەگەكلەشتى. قەبرى-
لەرنى ۋە باراخسان ئۆسكەن يۇلغۇنلارنى دالدا قىلىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە يېقىن-
لاپ ماڭدى. ئۇ خۇددى ئۆمىلىگەن يىلاندەك، چاشقاننىڭ پېيىگە چۈشكەن مۈشۈكتەك
شەپە چىقارماي يېقىنلاپ كەلدى. ئەمدى گۇدۇڭلىغان ئاۋاز ئۇنىڭغا ئېنىق ئاڭلىناتتى.

— دادا، بىرەرسى كۆرۈپ قېلىپ، ئېچىپ ئېلىپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، بۇنداق يېرىم كېچىدە كىم كۆرىدۇ؟ بۇ ئالتۇنلارنى يامان
كۈنلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن مىڭ بىر جاپادا يىغقانىمەن. سەھەرلەردە مەرھۇملارنىڭ
روھىغا دۇئا قىلغان قىياپەتتە كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىمىز. كۈندۈزدە ھېچكىم ئېلىپ
كېتەلمەيدۇ، پەقەت ھوشيار بولساقلا بولدى...

ما زۇجاڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەل-
مىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈپۈلدەيتتى. مېڭىسى توختاۋسىز پىكىر قىلاتتى.
ئۇ تېخى ھېچكىم قىلمىغان، ئۆزىگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئىشنى ئەمدى تاپ-
قانىدى. لېكىن خىزمەت كۆرسىتىپ شان-شەرەپكە ئېرىشىش كېرەككىمۇ ياكى باي
بولۇپ ھالاۋەتتە ياشاش كېرەككىمۇ دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدە چاقماق تېزلى-
كىدە كۆرەش قىلىپ ئۆتتى. ئەگەر ئۇ كېيىنكى يولنى تاللىسا ھازىرلا باي بولۇپ
قالاتتى، قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان ئالتۇنغا ئىگە بولاتتى. ئۇ ئالتۇنلار
بەلكىم ئۆمۈر بويى ھوزۇر-ھالاۋەت سۈرۈشكە يېتەر، لېكىن بۇ ھېچقانداق داغدۇغىسى
يوق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان، ھېچكىمگە كۆز-كۆز قىلغىلى بولمايدىغان ھوزۇر-ھالا-
ۋەت ئىدى. ئەگەر ئۇ خىزمەت كۆرسىتىپ شان-شەرەپ تېپىش يولىنى تاللىسا،
ئەتىلا ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، داغدۇغىلىق ئىشلارنى قوزغىۋېتەلەيتتى. ماختاشقا،

شان-شەرەپكە سازاۋەر بولاتتى. ھەتتا مەنسىپى ئۆسۈپ خىزمەت ئۆممكىنىڭ باشلىقى بولۇشى، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە ھەرتۈرگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. قايسىنى تاللاش كېرەك؟ كىشىلەرنى ھەۋەسلەندۈرەلمىگەن، باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتالمىغان مەخپىي ھۆزۈر-ھالاۋەتنىڭ قانچىلىك لەززىتى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ لەززىتى شان-شەرەپ مۇنبىرىدىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارنىڭ لەززىتىگە يېتەلەمدۇ؟...

ما زۇجاڭنىڭ مېڭىسىدىكى كۈرەش تېزلا ئاخىرلاشتى. شان-شەرەپ ۋە داغدۇغىنى، مەنسەپنى ياخشى كۆرىدىغان ما زۇجاڭ بايلىق ۋە ھۆزۈر-ھالاۋەتنى ياخشى كۆرىدىغان مازۇجاڭنى يېڭىپ چىققانىدى. ئۇ ئەتە باشلىنىدىغان داغدۇغىلىق ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇچاغدا ھېلىقى ئالتۇن كۆمگەن ئاتا-بالا ئاللىقاچان قەبرىستانلىقتىن غايىب بولغانىدى. ھوقۇش توختىماي سايراۋاتاتتى. ما زۇجاڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ پىلانلارنى پۈكۈپ قەبرىستانلىقتىن چىقىپ كەتتى.

شۇ خاسىيەتلىك كېچىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ما زۇجاڭ قاراباغدا راستىنلا ئاجايىپ ئىشلارنى داغدۇغا بىلەن قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، يەر ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى. ئۇ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قاراباغ بويىچە يىغىن چاقىرىپ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى قىسقىچە خۇلاسىلىدى. مال-مۈلۈك، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى يوشۇرغان باي-پومېشچىكلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئۇلارنىڭ يوشۇرغان مال-مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇشى ئۈچۈن يىگىرمە تۆت سائەتلىك مۆھلەت بەلگىلەپ بەردى، بۇنىڭغا كىم خىلاپلىق قىلسا جاھىللار، يەر ئىسلاھاتىغا قارشىلىق قىلغۇچىلار قاتارىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بويىچە مەيلى باي-پومېشچىك بولسۇن، مەيلى كەمبەغەل دېھقان بولسۇن ھەرقانداق شەخسنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ساقلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، ئۆيلىرىدە ئالتۇن-كۈمۈش ساقلاۋاتقانلار دەرھال تاپشۇرۇشى لازىملىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا خۇددى قوغۇشۇندەك ئورنىشىپ قالدى.

يىگىرمە تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ھېچكىم ئالتۇن-كۈمۈش تاپشۇرمىدى، لېكىن ما زۇجاڭ يەنىلا روھلۇق ئىدى، مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپلا يۈرەتتى. كۆزەينەكنى قولىغا ئېلىپ، يۇمشاق بوغا تېرىسى بىلەن پاكىزە سۈرتۈپ يەنە تاقىۋالاتتى. كۆزەينەكنى قولىغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئوبدانلا ئالغاي كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى ئىشەنچ بىلەن چاقناپ كېتەتتى.

يىگىرمە تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ما زۇجاڭ كەنت باشلىقلىرىنى، ساقچىلارنى، ئاكتىپلارنى ۋە شۇ قاتاردا باي-پومېشچىكلارنى يەنە بىر قېتىم يىغدى. ئۇ تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ يۈرمىدى. پەقەت ھەممىگە ئاڭلىنىپ تۇرۇپ: «سىلەر ئۆزۈڭلار تاپشۇرمىدىڭلار، مەن تېپىپ چىقاي، كېيىن جاھىللار قاتارىغا ئۆتۈپ قالساڭلار مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭلار. قېنى، كەينىمدىن يۈرۈڭلار» دېدى. ئۇ كىشىلەرنى ئۇدۇل مەتروزاخۇن بايىنىڭ چوڭ ئايۋىنىغا باشلاپ باردى. كىشىلەر ئۇنى ئاختۇرىدىغان

ئوخشايمىز، دەپ ئويلاشقانىدى، لېكىن ما زۇجاڭ ئۇلارنى ئايۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا توخ-
تىتىپ قويدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇ خۇددى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان
سېھرىگەردەك، كۆزەينەكنى ئېلىپ بوغا تېرىسىنىڭ پارچىسى بىلەن ئەستايىدىل
سۈرتۈپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولى بىلەن ئالدىرىماي تاقىۋالدى ۋە كىشى-
لەرگە قاراپ قويدى. ئۇ مانا شۇ ھەرىكەتلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ تام-
تورۇسلىرىغا نەزەر سېلىپ چىقتى. ئايۋاننىڭ شەرقىي تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان كاجۇۋا
ساندۇقنى سىرتتىن كۆزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك سۇپا تەرەپكە بۇرۇ-
لۇپ ئوچاقنى، مورىنى كۆزەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كۈلۈڭگە كۆز تىكتى. ئۇ كۈلۈڭگە
ئالاھەزەل بىر مىنۇتتەك قاراپ تۇردى ۋە ئاخىرىدا قولىنى كۆتۈرۈپ:
«كۈلۈڭنى كولاڭلار» دېدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ
تۇرغان كىشىلەر توپى ئىچىدىن بىرقانچە ئاكتىپلار دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار
ھەش-پەش دېگۈچە كۈلۈڭنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ تېگىدىن بىر مىس قازاننى تارتىپ
چىقاردى، تۇۋاقنى ئاچتى. قازاننىڭ ئىچىدە ئالتۇن زىرە، ئالتۇن بىلەيزۈك، چوكا
ئالتۇن قاتارلىقلار پارقىراپ تۇراتتى. مانا شۇ چاغدا كىشىلەر توپى ئىچىدىكى مەت-
روزاخۇن باي كۆپچىدە يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.
ما زۇجاڭ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ «قېنى ئارقامدىن يۈرۈڭلار» دېدى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا
ئالتۇن قاچىلانغان مىس قازاننى كۆتۈرگەن بىر ئاكتىپ ما زۇجاڭ بىلەن قاتارلىشىپ
كېتىپ باراتتى. بۇچاغدا مەتروزاخۇن باينىڭ ئايۋىنىدىن ئېچىنىشلىق يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى.

ما زۇجاڭ ئەمدى كىشىلەرنى قەبرىستانلىققا باشلاپ كەلدى. ئۇ پات-پات توخ-
تاپ قەبرىلەرگە دىققەت بىلەن نەزەر سالاتتى. ئۇ قەبرىستانلىقتىكى ئەڭ باراقسان
ئۆسكەن يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە توختاپ ئالدىدىكى قەبرىگە تىكىلدى ۋە ئۇڭ قولىنى كۆتۈ-
رۈپ «قېنى، مۇشۇ قەبرىنى ئېچىڭلار» دېدى. ئاكتىپلارنىڭ قولىدىكى كەتمەنلەر
ھەرىكەتكە كەلدى. يىراقتا ئويناپ يۈرگەن بىر بالا بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، دەر-
ھال ئۆز ئۆيى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ما زۇ-
جاڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كىشىلەر قەبرە ئىچىدىن كىچىككىنە ساپال كوزىغا
قاچىلانغان ئالتۇن-كۈمۈشنى قېزىپ چىقاردى. توپ ھەيرانلىققا چۆمگەنىدى. ما زۇ-
جاڭ كۆزەينەكنى قولىغا ئېلىپ، بوغا تېرىسى بىلەن بىرھازا سۈرتكەندىن كېيىن
ئۇنى قۇياشقا تۇتۇپ دىققەت بىلەن قارىدى. ئۇنىڭدا ئازراقمۇ چاڭ-توزان قالمى-
غانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى تاقىماي قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، سەل-پەل ئال-
غاي كۆزلىرى بىلەن كىشىلەرگە تىكىلدى:

— سىلەر مېنى بۇ كۆزەينەكنى بىكاردىن-بىكار تاقاپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلام-
سىلەر؟ مەن بۇنى تاقىسام يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيمەن.
يەتتە قات ئاسمىنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرمۇ ماڭا ئايان بولىدۇ. مەن ھەممىڭلارنىڭ
كۆمگەن نەرسەڭلارنى ھازىرلا تېپىپ چىقالايمەن. لېكىن، مەن سىلەرنىڭ جاھىللار
قاتارىدا جازالىنىپ قېلىشىڭلارنى خالىمايمەن. ئۆزۈڭلار تاپشۇرامسىلەر-يوق؟ بۇ سى-

uyghurkitap.com



لەرگە نىسبەتەن ئاخىرقى سىناق. قېنى، ئۆيۈكلەرگە تارقىلىڭلار...

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈنچىۋىلا يۇقىرى ئەمەس ئىدى. لېكىن ھەممەيلەنگە ئېنىق ئاڭلاندى.

ما زۇجاڭنىڭ كۆزەينىكىنىڭ يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىغان ئاجايىپ خىسلىتى شۇ كۈنلا پۈتۈن قارابائىلىقا پۇر كەتتى. پۈتۈن يېزىنى ھەيرانلىق قاپلىغانىدى. قارابائىلىقلار ئىلگىرى شاھاۋدىن داموللا ھاجىم قۇرئان ئوقۇغاندا كۆزەينەك تاقايدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاشقانىدى. لېكىن ئۇنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولمىغان. چۈنكى شاھاۋدىن داموللا ھاجىم تالا-تۈزگە كۆزەينەك تاقاپ چىقمايتتى. قارابائىلىقلار يەنە جاھاننامە ۋە دۇربۇن توغرىسىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەرنىمۇ ئاڭلىغان. ئەمدى مانا شۇنداق «يەتتە قات زېمىننىڭ تەكتىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىغان» خىسلەتلىك جاھاننامە ئۆز يانلىرىدا نامايان بولغاندا، ئۇلار قانداقمۇ ھەيران قالمىسۇن؟ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ كۆزەينەك دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر ھەيران بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ كارامىتىگىمۇ چىن قەلبىدىن ئىشىنىشتى... شىزنىڭ بىلەن خىزمەت ئۆمىكى ئورۇنلاشقان كونا مەدرىس ھويلىسى بىردىن بازاردەك قىزىپ كەتتى. كېلىپ-كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. باي-پومېشچىكلار ۋە ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كوزا، ساندۇقلار بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. ھەتتا بەزى كەمبەغەللەرمۇ خوتۇنلىرىنىڭ ئالتۇن زىرە، كۈمۈش توكمىلىرىنى ئېلىپ كېلىشتى. ئېلىپ كەلمىسە بولمايتتى. ئەگەر ما زۇجاڭ ئۆزىنىڭ خىسلەتلىك كۆزەينىكى ئارقىلىق تېپىۋالسا جاھىللار قاتارىغا ئۆتۈپ قالاتتى. يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئۆمىكىنىڭ كادىرلىرى ئالتۇنلارنى سەرلەپ-مىسقاللاپ ئەمەس، جىڭلاپ ئۆلچەشتى. ئۇلار ھەيران بولۇشاتتى. يىغىلغان ئالتۇن-كۈمۈش خېلىلا جىق ئىدى. ياقۇت، ھېقىق، قەھرىۋا دېگەندەك ئۈنچە-مەرۋايىتلارمۇ بار ئىدى. يىغىلغان ئالتۇن-كۈمۈشلەر قايسى بىر پومېشچىكنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نەقىشلىك تۆمۈر ساندۇققا پاتماي قالدى.

كەمبەغەللەر خۇشال بولغانىدى. «ئالتۇن يىغىش ھەرىكىتى» پەقەت بىرلا كەمبەغەلگە ئانچە خۇشاللىق ئېلىپ كەلمىدى. ئۇ كىشى دەل قاسىم ئاخۇن ساقچى ئىدى. ئەنسىزلىك ئۇنىڭ يۈرىكىنى سىقاتتى. ما زۇجاڭنىڭ كۆزەينىكى راستىنلا ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيدىغانمىدۇ، ھەسەن ئاخۇننىڭ ئامانىتىنى تېپىۋالسا پومېشچىكنىڭ غالچىسى دېگەن ئاتاقتا قالارمەنمۇ، دېگەن خىياللار ئۇنى ئەنسىرىتەتتى، قورقۇتاتتى. ھېلىقى كۈنى ما زۇجاڭ كۆزەينىكى ئارقىلىق مەترۇزاخۇن باينىڭ كۆلۈگىدىكى ۋە قەبرىستانلىقتىكى ئالتۇننى تاپقاندا قاسىم نەق مەيداندا بار ئىدى. ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. كۆرۈپ تۇرۇپ ئىشەنمەي مۈمكىنمۇ؟ لېكىن قاسىم باشقىلاردەك ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇشقا ئالدىرىمىدى. تاپشۇرۇش-تاپشۇرماسلىق مەسىلىسىنىغۇ ئويلاندى. لېكىن ئويلاپ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇشقا ھەققى يوقلۇقىنى بىلدى.

چۈنكى ئۇ كۆمۈپ ساقلاۋاتقان: ئالتۇن ئۆزىنىڭ ئەمەس، ئامانەت ئىدى. ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بەرسە ئامانەتكە خىيانەت بولمامدۇ؟ ئامانەت دېگەن بىر يۈرەكنىڭ يەنە بىر يۈرەككە بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسى. ئامانەتنى قوبۇل قىلغان ئىكەنسەن، ئۇنى ئۆز جايىغا تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا يىگىتتەك ئىش قىلغان بولىسەن. قاسىم مانا شۇنداق ئويلايتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق قارارىغا كەلدى.

ئالتۇن يىغىۋېلىشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ما زۇجاڭنىڭ كەيپىمۇ جايىدا بولمىدى. ئۇ شۇنچە جىق ئالتۇننى يىغىۋېلىپ پوخادىن چىقتانىدى. لېكىن پەقەت بىرلا ھەسەننىڭ ئالدىسىدىن پوخادىن چىققۇدەك ئالتۇن ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئويلىشىچە، بۇنداق ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد» باي ئۆتكەن پومېشچىكنىڭ ئالتۇنى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەسەننىڭ كېسەلچان خوتۇنىنى بىر قانچە قېتىم سوراق قىلدى. دائىم مىشىلداپ يىغلاپ تۇرىدىغان بۇ خوتۇن ئاران بىر سەرلىك ئالتۇن زىرىدىن ئىككى جۈپ، بىرجۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك تاپشۇردى. «مەن بىلمەيمەن، ئۆيدە ئالتۇن بارلىقىنىمۇ ئاڭلىمىغان»، دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇنى ھېچنېمە قىلغىلى بولمىدى. ما زۇجاڭ ھەسەننىڭ ئوغلى ئابدۇللانىمۇ ئالداپ باقتى. لېكىن نەتىجىسى بولمىدى. «يەر ئىسلاھاتىغا قارشىلىق قىلىپ ئۆلۈۋالغان» بۇ جاھىل پومېشچىكنىڭ ھويلا-ئاراملىرىنى، باغ-ئېتىزلىرىنى، ئۆيلىرىنىڭ تام-تورۇسلىرىنى، كۆلۈك-مورىلىرىنى ئالا قويماي كولاپ، ئاغدۇرۇپ چىقىشتى. لېكىن ھەسەننىڭ ئالتۇنلىرى تېپىلمىدى. بۇ ئىشتا ما زۇجاڭنىڭ ئاجايىپ كۆزەينىكىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلمەي قالدى. كىشىلەر تا شۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ كۆزەينىكىنى راستىنلا يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىپ يۈرەتتى. بۇ قېتىم كۆڭۈللىرىگە سەل گۇمان چۈشتى. ئەڭ دەسلەپ گۇمانلانغىنى يەنىلا قاسىم ئاخۇن ساقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئەنسىزلىك ئوچىقىدا پوچۇلىنىپ تۇرغان يۈرىكىمۇ بىرئاز جايىغا چۈشتى. لېكىن ما زۇجاڭ بەكمۇ تىت-تىت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ھەسەننىڭ ئالتۇنلىرىنى تاپماي قويمايمەن، دەپ ئويلايتتى.

شۇ كۈنلەردە يامانىياردىكى ھىممەت بەگنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى مالايلىرىغا ساقلاشقا بەرگەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇ ئىش ما زۇجاڭنىڭ كۆزىنى ئاچتى. بۇ ئەمدى ھەسەننىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنلەرنى، ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆھبەتلىشىپ چىقتى. بۇنى سۆھبەتلەشتى دېگەندىن كۆرە سوراق قىلدى دېگەن توزۇك ئىدى. ما زۇجاڭ قاسىم بىلەن ھەسەننىڭ ئاغىنىدارچىلىقى توغرىسىدىكى گەپلەرنىمۇ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا قاسىمنىمۇ ئىزدەپ كەلدى. سىنىپىي چەك-چېگرا، كەمبەغەللەر بىرلىكى، پارتىيىنىڭ سىياسىتى... توغرىسىدا گەپنى ئەگىتىپ ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قاسىمنى سىنىماقچى ئىكەنلىكىنى، سىناقتىن ئۆتتۈش-ئۆتەلمەسلىك ئۆزىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قاسىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا قۇيرۇق

www.uyghurkitap.com


ئۇتقۇزماسلىقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلى ئەلسىرەيتتى. ئۇ سىپايىلىق بىلەن:

— ما زۇجاڭ، نېمە گەپلىرى بولسا ئوچۇق دەۋەرسىلە. مەن دەللەڭ بولغاننى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— مەن، مەن دېمەكچىمەنكى ... — ما زۇجاڭ كۆزەينىكىنى يەنە قولىغا ئېلىپ بوغا تېرىسى بىلەن سۈرتۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن دېمەكچىمەنكى، سىزنى ئۆزى مەنسۇپ بولغان كەمبەغەللەر سىنىپىغا سادىق بولسا دېمەكچىمەن.

— مەندىن سادىق بولمىغان بىرەر ئىشنى سەزگەن ئوخشىمامىلا؟

— شۇنداقراق ئىنكاسلار بار، بىز يەنىلا سىزنى سىناپ باقماقچى.

— سىناپ باقسىلا.

ئۇلار بىر-بىرىگە خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشتى. توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقى ھەر ئىككىسىگە ئايان ئىدى، پەقەت كىمنىڭ ئاۋۋال قول سالىدىغانلىقىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئاخىرى يەنىلا ما زۇجاڭ ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— ھەسەن پومنىڭ سىزگە بەرگەن نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇڭ.

— ھەسەن ماڭا بىر نەرسە بېرىپتىكەنمۇ؟

— شۇنداق، خۇپسەنلىك قىلماي دەرھال تاپشۇرۇڭ.

ما زۇجاڭ قاسىمغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ قاسىمنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر بىلىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇ، بۇ سالۋا تۇماقلارنىڭ ئاشۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى، كۆزلىرىگە مىختەك قادالغاندا ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىدىغانلىقىنى، ئارقىدىنلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەممىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەنىدى. ئۆتكەن قېتىم مەترۇزاخۇن باينىڭ چوڭ ئوغلىمۇ ئاشۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئالتۇننىڭ كۈلۈڭغا كۆمۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئەمدى مۇنۇ قاسىم ئېيتىپ بەرمەي قالارمۇ؟ ما زۇجاڭ قاسىم ھازىرلا ئالدىمغا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراشقا باشلايدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن شۇ چاغدا قاسىم پىسەڭگىدە كۈلۈپ كەتتى:

— ما زۇجاڭ، ئەگەر ھەسەن ماڭا بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۆزلىرى يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىغان خىسلەتلىك كۆزەينەكلىرى بىلەن تېپىۋالمامىلا. سىلە ماڭا ئىشەنمىسىلە، مەندە نېمە ئىلاج بولسۇن؟ ئەنە ئۆي، ئۆزلىرى ئىزدەپ تېپىۋالسىلا ...

ما زۇجاڭ لاسىدە بوشاپ قالدى. ئۇنىڭ چالمىسى سۇغا چۈشكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەھدىت ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئالدىدا تىترەپ كەتمەيدىغان سالۋا تۇماقتا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاتتىن ئۈنچىۋالا ئاسان چۈشكۈسى يوق ئىدى. ئۇ كېتىش ئالدىدا:

— خەپ، سىز تېخى كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرىسىز، — دېدى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ما زۇجاڭ راستىنلا قاسىم بىلەن قېرىشىشقا باشلىدى.

«پومېشچىكنىڭ غالچىسى»، «ئۆزىنىڭ سىنىپىي مەيدانىنى يوقاتقان» دېگەندەك گەپ-
لەرنىمۇ تارقاتتى. ئاخىرى ئۇنى ساقچىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى. ھەممە ئىش ما زۇجاڭ-
نىڭ ئىختىيارىچە بولغان بولسىدى، ئۇ قاسىمنىڭ بېشىغا يەنىمۇ جىق كۈلپەتلەرنى
سالغان بولاتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە ۋەزىيەتتە بىردىن ئۆزگىرىش بولدى. رايوندىن
جاڭ دۈيجاڭ كېلىپ، قاراباغدىكى ئالتۇن يىغىش ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپتى، ئۇ
ما زۇجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھ-
قانلار تاپشۇرغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى دەرھال ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.
باي - پومېشچىكلارنىڭ ئالتۇنلىرىنىمۇ سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ تاپقان قىس-
مىنى ئايرىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا ئالتۇن
قايتۇرۇلماي پۇل قايتۇرۇلدى. جاڭ دۈيجاڭ ما زۇجاڭنىڭ كۆز ئەينىكى ئارقىلىق كىشى-
لەرنى قورقۇتۇپ ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئارقىدىن غەزەپ-
لەندى ۋە ما زۇجاڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ما زۇجاڭ ئاشۇ كېچىدە قەبرىس-
تانلىقتا چۈشەكىگەن شان - شەرەپتىنمۇ، باركاللا - رەھمەتتىنمۇ، بايلىقتىنمۇ... ئاي-
رىلىپ قالدى...

جاڭ دۈيجاڭ قاراباغدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ما زۇجاڭ ئىشلىگەن ئىشلارنى قايتا
تەكشۈرۈپ - ئەمەلىيلەشتۈرۈپ چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. قايتا تەك-
شۈرۈشتە سودا ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەسەننىڭ خاتا ھالدا پومېشچىك
ئايرىلىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. لېكىن ئۇنىڭ قىرىق مودەك يېرىنىمۇ بولغانلىقى
ئۈچۈن تەركىبى ئاز يەرنى ئىدارە قىلغۇچى دەپ بېكىتىلدى.

قاسىم ئاخۇن ھەسەننىڭ ئامانىتىنى باغدىكى ئۆرۈك تۈۋىگە كۆمۈپ قويغانىدى،
بۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ئابدۇللا چوڭ بولسۇن، ئامانەتنى شۇ
چاغدا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن دېگەن خىيالنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى. لېكىن
قېرىشقاندەك يەر ئىسلاھاتىدىن تۆت يىل ئۆتكەندە، ھەسەننىڭ كېسەلچان خوتۇنى
بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئابدۇللامۇ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەگە
كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قاسىم ئۇنى كۆپ ئىزدىدى. لېكىن ئابدۇللادىن
دېرەك يوق ئىدى. قاسىمنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ئابدۇللانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش،
ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتتى.

قاسىم ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇ
بىرەر قېتىممۇ مۇشۇ ئالتۇنلاردىن ئازراق ئىشلىتىپ تۇراي دېگەن خىيالنى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزمىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئامانەت دېگەن چېقىلغىلى بولمايدىغان، لىگىشىپ تۇر-
دىغان بىر مۇنار ئىدى. ئۇنىڭغا چېقىلدىڭمۇ، ئۇ، ئۆرۈلۈپ ھەممىنى بېتچىت قىلاتتى.
نېمىنى بېتچىت قىلاتتى؟ كۆڭۈلدىكى پاكلىقنى، ساداقەتنى، توغرىلىقنى بېتچىت قىلاتتى.
قاسىم بۇنى ئېنىق چۈشىنەتتى. لېكىن تەقدىر - قىسمەت ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ قالغان،
ئۇنى ئاشۇ مۇقەددەس مۇنار تەرەپكە قىستايتتى، ئۇنىڭغا چېقىلىشقا كۈشكۈرتەتتى. ئۇ، بۇ

مۇنارغا ئۆمرىدە ئىككى قېتىم چىقىلماقچى بولۇپ، چىقالمىدى. 1960 - يىلى ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە ئۇنىڭ چۆچۈرىدەك ئۇششاق سەككىز بالىسى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كەتتى. ياۋاش ۋە ساداقەتمەن جۈپتى داش قازاندىن تارقىتىپ بېرىلگەن يۇندىدەك سۇيۇق ئۇماچنى بالىلىرىنىڭ قاچىلىرىغا ئۇسسۇپ بېرىپ، ئۆزى قۇرۇق چۆمۈچنىلا تۇتۇپ قالاتتى. ئاخىرى باغرى يۇمشاق ئانا ئاچلىق ۋە ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلدى. يىقىلدى-يۇ، ئىككىنچى ئورنىدىن تۇرمىدى. سەككىز بالا ئانىنىڭ قوياش نۇرىدەك ئىسسىق، يىپەكتەك يۇمشاق مېھرىدىن ئايرىلىپ قالدى... شۇ كۈنلەردە چوڭ-كىچىك ئىككى كوزا ۋە ساپسېرىق ئالتۇن قاسىمنىڭ كۆز ئالدىدا كۈن بويى گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. كۆزى ھە دېگەندە ئۇرۇك تۈۋىگە تىكىلەتتى. ئاللىقانداق بىر كۈچ قەدەملىرىنى ئاشۇ ئۇرۇك تۈۋىگە تارتاتتى... لېكىن ئۇ قىسمەتنىڭ رەھىمسىز قىستاشلىرىغا بەرداشلىق بەردى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ساداقەتنىڭ كۆرۈنمەس قۇدرىتى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئۇرۇك تۈۋىگە مېڭىشتىن توسۇپ قالدى.

1974 - يىلى قاسىمنىڭ ئۆيى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، ئۆينى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى. تۈن ئادەتتىن تاشقىرى قاراڭغۇ بولغان بىر كېچىدە ئۇ باغدىن ئالتۇننى ئېچىپ، يېڭى ئۆي سالىدىغان يەرگە يۆتكەپ كەلدى. ئۇ ئالتۇننى يەنە كۆممەكچى بولغانىدى، لېكىن ئاللىقانداق بىر كۈچ ئۇنىڭ قوللىرىنى بىر پەسكە توختىتىپ قالدى. ئاللىقاچان ئىشقا ياراپ قالغان، ئۆي ئۇچاقلىق بولغان ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ جۇل-جۇل كىيىمى، نەۋرىلىرىنىڭ يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ قىياپەتلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتۈۋاتقان «بالىلارنىڭ قولى ئىشقا ياراپ قالدى. كۈنلىرىمىز مۇشۇنداق ئۆتتۈۋەرمەس. ياخشى كۈنلەرمۇ كېلەر. شۇ چاغدا تولۇقلاپ قويارمىز» دېگەن پىكىرلەر ئۇنىڭ قولىنى توختىتىپ قالغانىدى. ئۇ قولىنى كوزىغا تىقتى. لېكىن دەرھال تارتىۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «ھەي، قاسىم، نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دېگەن غايىبانە ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى. ئۇ قولىنى كوزىدىن تارتىۋالدى. كوزا مىدىرلىمىدى. ئالتۇنمۇ شاراقلاپ كەتمىدى. ئۇ مۇقەددەس مۇنارغا چىقىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ۋىجدانى ئۇنى مۇنارغا چىقىلىشتىن ساقلاپ قالغانىدى... قاسىم ئالتۇننى كۆمدى. ئەتىسى ئۇرۇكنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئالتۇن ئورنىنىڭ يېنىغا تىكىپ قويدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ئۇرۇك چېچەكلىدى. قاسىم ئۇرۇك چېچەكلىرىگە ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى. چېچەك ئۇنىڭ قەلبىگە ئاجايىپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئۇ ھاياتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئابدۇللانىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا، ئامانەتنى چوقۇم تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

## تۆلكە قاپقانغا دەسسىدى

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. يوقالغان ئالتۇن تېخىچە تېپىلمىدى. قاسىم ئاكىنىڭ قىرىق نەزىرىسى ئاللىقاچان بېرىلىپ بولغان. گەرچە ئۇنىڭ قىز

پەرزەنتلىرى تېخىچە قارىلىق كىيىپ، ئاق ياغلىق چېگىپ يۈرۈشىسىمۇ، لېكىن ئوغۇللىرى قارىلىقلىرىنى ئۆشتۈپ، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياسىتىۋېلىشقانىدى. قادىر ئاخۇنىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ مەيۈس ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى، ئالتۇنىنىڭ ئوغۇرلىنىشى، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئۇ بولۇپمۇ ئالتۇنىنىڭ تېخىچە تېپىلماسلىقى ئۇنىڭ قەلبىنى تىت - تىت قىلاتتى. ئۇ پات - پات ئەكبەرنى ئىزدەپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كېلەتتى. ئەكبەر ئالتۇن دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قاراباغدا تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەر قېتىم قادىر ئاخۇن بىلەن كۆرۈشكەندە:

— ئالتۇننى چوقۇم تاپىمىز. ئۇ مۇشۇ يەردە، قاراباغدا، يامانىياردا بار. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دەيتتى.

لېكىن ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ تىت - تىت بولاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىراپ كېتىشى، ئوغرىنىڭ ئۈچەككە كىرگەن يىلاندەك جىم يېتىۋېلىشى ئۇنى تىت - تىت قىلاتتى.


دېلونى كىمنىڭ سادىر قىلغانلىقى ئايدىڭلاشمىغان روشەنلىشىپ قالغان، گۇمان قىلىنغان ئادەم كېچە - كۈندۈز نازارەتتە ئىدى. ھوشۇر ۋە يامانىيار ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى ئۇنىڭ قاردىسىنى يوقاتماي كۆزىتىپ يۈرەتتى. ئۇلار بىر ئاي ئىلگىرى مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى سىمونت چۆشۈرگەندىن ئاق ياغلىققا ئورالغان بىر بوپىنى سۆزۈپ كەلدى. بوپىنىڭ ئىچىدىن ئۇلار ئىزدەپ يۈرگەن رېزىنكە كالاچ بىلەن ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك چىقتى. ئۇ قاسىم ئاكىنىڭ مىيىت نامىزىغا ئەرچە كالاچ كىيىپ كەلگەن نامەلۇم ئايالنىڭ كۆڭلىكى ئىدى. كۆڭلەك ئاق دېچولىيادىن خېلىلا سىپتە تىكىلگەن بولۇپ، ماھىر ئۇستىنىڭ قولىدىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەكبەر بىلەن ھوشۇر ئەھۋالنى تەتقىق قىلىپ، كۆڭلەكنى دېلو تۇغدۇرغۇچى ئۆزى تىكەلمەيدۇ. كۆڭلەكنىمۇ، كالاچنىمۇ بازاردىن سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئەكبەر شۇ كۈنىلا قارا باغنىڭ يېنىدىكى پەيشەنبە بازارغا بېرىپ كۆڭلەك ساتقان ئادەمنى تاپتى. «كۆڭلەكنى قاراباغدىكى ھېلىقى لەڭپۇڭچى سېتىۋالغان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى» دېدى سودىگەر. ئەكبەر ئىدارىگە قايتىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى، ئوغرىنى دەرھال قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئىدارە باشلىقى يۇسۇپ قوشۇلمىدى:

— ئەگەر زاك مالنى قولغا چۈشۈرەلمىسەك، كالاچ ۋە كۆڭلەك بىلەنلا ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى زاك مال بىلەن قولغا چۈشۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتۈشىمىز لازىم.

ئەكبەر باشلىقنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپتى. ئۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغرىنى زاك مال بىلەن قولغا چۈشۈرۈش پۇرسىتىنى كۈتۈشكە كىرىشتى. بۇ قەرەلى يوق كۈتۈش ئىدى. بەلگىلەنگەن كىشىلەر لەڭپۇڭچىنىڭ ھەربىر قەدىمىنى نەزەرىدىن ساقىت قىلماي كۆزىتەتتى. لېكىن چاندۇرمايتتى. ئەكبەر شەھەرگە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بازارلارغا بېرىپ، ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەپ گۇمان قىلىنغان

سودىگەرلەرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئالتۇن سېتىشقا كەلگەنلەرنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. زەرگەرلەرنى ھەممىدىن بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەممە يەرگە تور يايدى.

گۇماندىكى ئادەم بولسا، خۇددى ئۇچەككە كىرگەن يىلاندەك تولغىنىپ يېتىۋالغانىدى. ئۇ ھېلىمۇ ھەر كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدا لەڭپۇڭ سېتىپ، بالىلارنىڭ بەش تىيىن، ئون تىيىن پۇللىرىنى يىغىۋېلىپ يۈرەتتى. سۆز - ھەرىكىتىدە ھېچقانداق غەيرىيلىك يوق ئىدى. لېكىن ئون تىيىنغا بېرىدىغان لەڭپۇڭىنىڭ مىقدارى كۆرۈنەرلىك كۆپىيىپ قالدى. كېچىلىرى ئايلىنىشقا چىقمايدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا سەھەر تۇراتتى. سەھەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسىدا يىراقتىكى ئۇپۇققا تىكىلىپ، يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرىنى كۆزىتەتتى. قەلبىدە ئاللىقانداق ئەندىشە ئارىلاش خۇشاللىق مەۋج ئۇراتتى.



ئۇ ئەكبەرلەرنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى تېخىچە سەزمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇ قول سېلىش ئالدىدا ئەتراپلىق ئويلانغان، مۇكەممەل پىلان تۈزگەن، خۇددى تۈندە قازناققا كىرگەن مۈشۈكتەك شەپە چىقارمىغان، تورۇستا ماڭغان چاشقاندەك ئىز قالدۇرمىغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار قانداقمۇ سېزەلىسۇن؟ نېمىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن گۇمانلانسۇن؟ ئۇ يېقىن كۈنلەردە تەقدىر ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئامەتنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا باشلايدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولاتتى. لېكىن بۇ كۈنلەرگە ئالدىرىسا بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. قاچانكى، ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتى توختاپ، قاسىمنىڭ پەرزەنتلىرى تەقدىرگە تەن بەرگەندىلا ئاندىن قوزغىلىپ يىراق جايلارغا كەتكىلى بولاتتى. ئۇ مانا شۇ كۈننى كۈتەتتى. ئاشۇ كۈننىڭ تېزرەك كېلىشىگە تەقەززا بولاتتى، ئالدىرايتتى. ئاخىرى يەنە كۈتۈۋېرىشكە چىدىمىدى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن لەڭپۇڭ سېتىشقا چىقمىدى. كىرلىشىپ، پارقىراپ كەتكەن بىرېزېنت سومكىسىنى ئېلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ شەھەرگە ماڭدى. ئۇ شەھەردە ئاپتوبۇستىن چۈشكەندىن كېيىن، بىللە كەلگەنلەر تارقىلىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى بېكەتنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىكنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ھېچكىم كەلگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئارىلاشقا باشلىدى. ماگىزىنمۇ ماگىزىن چالا قويماي كىرىپ چىقتى. ئۇ خۇددى يىراق سەھرادىن كېلىپ بازار چۆگـ

لەۋاتقان سادىدا بازارچىغا ئوخشايتتى. لېكىن پات-پات تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. كوچىلاردا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلارمۇ، ئالدى تەرەپتىن ئۇنىڭغا قارشى كېلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خۇددى بىر تال لىمنىڭ ئۇستىدە كېلىۋاتقان ھاشار چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش كۆپ ۋە ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن بىرەر گۇمانلىق ئادەمنى كۆرمىدى. ئۇ تاكى نامازدىگەرگىچە ئاشۇنداق كوچا ئارىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېكەتكە كەلدى ۋە قاراباغقا قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىشكىدۇر خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈنكى رازۋېتكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ بۇنداق رازۋېتكىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ۋە ئالدىنقىسىغا ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى ئوبدانلا جايىغا چۈشتى. ئەنسىزلىككە تولغان قەلبى ئەمىن تاپتى. ساقچىلارنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلانمىغانلىقىغا، ئۆزىنى نازارەت قىلمىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندى. ئىشنى باشلايدىغان ۋاقىت يەتتى. ئەمدى يەنە قاچانغىچە كۈتىمەن؟ نېمىنى كۈتىمەن؟ بولدى، ئەمدى يىراقلارغا كېتەي، كىيىملىرىمنى، تېلىمنى ئۆزگەرتسەم، بارغان يېرىمدە خۇددى قۇمغا چۈشكەن يامغۇر تامچىسىدەك سىڭىپلا كېتىمەن.

پەيشەنبە كۈنى ئۇ يەنە شەھەرگە كەلدى. ئىلگىرىكى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا ئۇزۇنغىچە شەھەر ئايلىنىپ يۈردى. ماگىزىنمۇ ماگىزىن، كوچىمۇ كوچا كىردى. پات-پات ئالدى-ئارقىسىغا قارىدى. ئىزىغا چۈشكەن بىرەر كىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى ۋە بېلەت ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ھازا ماگىزىن ئارىلىدى ۋە كەچكە يېقىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە قاراباغقا قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر چالىتىنى يۇدۇۋالغانىدى. ئۇچرىغانلارغا ئاجايىپ ياخشى لەگپۈك ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. بۇنىڭدا ئەتكەن لەگپۈك ئەجەبمۇ بەلەن ئۇچىدۇ، دەپ سۆزلەپ ماڭدى. قارىغاندا ئۇ، ئەتىمۇ داۋاملىق لەگپۈك ئېتىدىغاندەك، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مەكتەپنىڭ ئالدىدا لەگپۈك ساتىدىغاندەك قىلاتتى.

شۇ كېچىسى ئۇ زادىلا ئۇخلىمىدى. ھويلىدا، ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئاخىرى ھوكەر يۇلتۇزى ئولتۇراي دېگەندە ئۆيىگە كىردى. ئۇ ئۆي ئەتراپىدا كۆزىتىۋاتقان ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەنىدى. ئەمدى ماڭمىسا ئاپتوبۇسقا ئۇلگۈرەلمەي قالاتتى. ئۇ چىراغنى ياقمايلا ئاچچىقسۇ چىقىرىش ئۇچۇن كېپەك ئېچىتىدىغان ياغاچ سوغىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆي ئىچى ئۆز قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز سەزگۈلىرىگە تايىنىپ سوغىنى تاپتى. ئېچىغان ھۆل كېپەكنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ، ئېغىر بىر بوپلىنى قارتىپ ئالدى. بوپىنى سومكىغا قاچىلاپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقماسلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. سومكىنى دولىسىغا ئېسىپ، شوتىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ھويلىنىڭ ئارقا تېمىغا قويدى. تامغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تام ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئۇ سىيرىلىپ ئوڭايلا يەرگە چۈشتى.

ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىرىنچى قەدەمنى ئېلىشىغىلا، ئېمىگىدۇر پۇتلىشىپ پالاققىدە يىقىلدى. دولىسىدىكى سومكا يەرگە تېگىپ جالاققىدە ئاۋاز چىقاردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ ئىككى قولىنى يەرگە تىرىدى. لېكىن شۇ چاغدىلا سومكا ئېسىگە كېلىپ، قولىنى ئۇزىتىپ سومكىنى ئىزدەدى. سومكا يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. مانا شۇ چاغدا يوغان ۋە كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ قويدى:

— بىز سىزنى كۈتۈپ تۇرغىلى ئىككى ئاي بولدى!

ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىدى. چۈنكى ئۇ گەجگىسىگە كىمنىڭدۇر قولى تېگىشى بىلەنلا ھوشىنى يوقاتقانىدى.

## ماﻣۇتباينىڭ تەرجىمىھالى

ھاياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شامىلى ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئۇچۇرۇپ يۈردى. بۇ شامال ئالدىدا ئۇ گويا كى توزغاق توزۇندىسىغا، قۇمۇشنىڭ پۆپۈكىگە، قوشقاچنىڭ بىر تال پېيىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ ئاللىقانداق بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا ئاپىرىپ تاشلايتتى. ئۇ ئاشۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقتا بىرەر نەرسىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇرۇۋالماقچى بولاتتى-يۇ، لېكىن يېپىشىپ تۇرالمايتتى. ئۇ ئاخىرى ئۇچۇپ قارابىغقا كېلىپ چۈشتى.

ئۇ ھايات مۇساپىسىنى ئەسلىگەندە، ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى. ئۆز ئىسمىنىڭ نەچچە قېتىم ئۆزگەرگەنلىكى ئۆزىنىڭمۇ ئېسىدە يوق ئىدى. بىر تالاي قېقىلىپ-سوقۇلۇشلاردىن كېيىن، شەنلى مەكتەپكە كىردى. مەكتەپتىن يېڭى چىققاندا، خېدىڭباڭ ئۇنى شياۋما دەپ چاقىردى. كېيىن لەنشۈسەنمۇ شۇنداق ئاتىدى. يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىسمى ما زۇجاڭغا ئۆزگەردى. يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئاچچىقسۇ كارخانىسىدا ما بۇغالتىر دەپ ئاتالدى. ئۇ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى خالايتتى. لېكىن باياشاتلىق ئۇنىڭغا قوچاق ئاچمىدى. قارىغاندا ئۇ باياشاتلىقنى ئۆزى ئىزدەپ تاپمىسا بولمايدىغاندەك تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ كاسسىر بىلەن بىرلىشىپ ئازراق خىيانەت قىلىپ قويدى. بۇ ھېچقانچە كۆپ پۇل ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا سىياسەت تولىمۇ زىل ئىدى. نەتىجىدە ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قالدى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىككى-ئۈچ يىل سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى قارابىغقا كەلدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى مامۇت ئاخۇن دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ راستىنلا جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان، غۇربەتچىلىكتە كۈن كەچۈرىدىغان مامۇتباي بولۇپ قالدى. بۇ كوممۇنا دەۋرى ئىدى. مامۇتباي يەر ئىسلاھاتىدا بىللە ئىشلىگەن بىر باشلىقنى ئىزدەپ تېپىپ تونۇشلۇق بەردى. باشلىق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۇنىڭغا بىر ھازا سەپ سالغاندىن كېيىن ئاران تونۇدى. مامۇتباي تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ گەرچە ئەنە شۇنداق تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ

كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلەرىنى توسۇپ تۇرىدىغان قېلىن كۆز ئەينىكى ئۆز-گەرمىگەنىدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى «يەتتە قات زېمىننىڭ تەكتىدىكى نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدىغان كۆزەينەكەنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. باشلىق ئۇنىڭ قېرىغان، جۈددەن، بىچارە ۋە ئېچىنىشلىق تۇرقىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ قالدى بولغاي، ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. يامانىيارنىڭ سېكرېتارىنى چاقىرتىپ، مامۇتبايىنى ئەزا قىلىپ ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى. يامانىيارلىقلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامان كۆزدە قارىمىدى. مۇشۇ يەردە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان، يەر تەقسىم قىلىپ، كۆرەش مېۋىلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ئادەمگە يامان كۆزدە قاراشقا ئۇلارنىڭ نېمە ھەققى بولسۇن؟ لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا ئانچە مېھرىبانلىقمۇ قىلىپ كەتمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا پەقەت بىر توپ قويىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئۆچكىگە قارىغاندەك ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى، خالاس. ئۇ ئەترەتنىڭ مال ئېغىلى يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە يېتىپ قوپاتتى. ئۆزىنىڭ تامىقىنى ئۆزى ئېتىپ يەيتتى. ئەترەت باشلىقى بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلاتتى. كىشىلەرگە ئانچە ئارىلاشمايتتى. پەقەت يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى ھېكايىلارنى ئاڭلىغان ياشلارلا قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ھە، مامۇتباي، كۆزەينىكىڭىز ھېلىمۇ يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەمدۇ؟ قېنى، مەن بىر تاقاپ قاراپ باقايچۇ، — دەپ ئۇنىڭ كۆزەينىكىنى تارتىۋېلىپ، كۆزلىرىگە تاقاپ قاراپ بېقىشاتتى. كۆزلىرىنىڭ ئىمىر-چىمىر بولۇپ، باشلىرىنىڭ قايغاندەك بولغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، — ۋاي، بۇ نەرسە نەدىمۇ يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلىسۇن؟ پەقەت باشنى قايدۇرۇدىكەن، مامۇتباي، ئاشۇ يىللىرى سىزنىڭمۇ بېشىڭىز قېيىپ قاپتىكەن-دە، — دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھېچنېمە دېمەيتتى. كىمنىڭدۇر قولىدىن كۆزەينىكىنى ئېلىپ، قاسماقلاشقان قارا چاپىنىنىڭ پەشلىرى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ (ھېلىقى بۇغا تېرىسىنىڭ پارچىسىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ قويغانىدى) كۆزلىرىگە تاقايتتى-دە، ياشلاردىن يىراق كېتەتتى. مامۇتباي قېرىپ جۈدىگەن، يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنىدا تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەقلى ھېلىمۇ جايىدا، خاتىرىسى كۈچلۈك ئىدى.

يەرلەر شەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندە، ئۇ يەر ئالمىدى. ئۇ ئەترەتنىڭ ئاچ-چىقسۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان سايمانلىرىنى (ئاچچىقسۇ كارخانىسى ئاللىقاچان تاقالغانىدى) ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ ئۆيدە ئاچچىقسۇ ئىشلەشكە كىرىشتى. ئاچچىقسۇنىڭ بازىرى چىققان چاغلاردا لەگۈنلۈك ئېتىپ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدا ساتاتتى. ھازىر ئۇ مال ئېغىلى يېنىدىكى ئۆيدە تۇرمايتتى. ئەترەتتىن بېرىلگەن سەككىز پۇڭ يەرگە باغ-ھويلىسى بار چاققانغىنا ئۆي سېلىۋالغانىدى. ھال-كۈنىمۇ يامان ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئەمدى كىشىلەردىن ئانچە قورۇنمايتتى. يامانىيارلىقلارمۇ ئۇنى يات كۆر-مەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. لېكىن ئۇ قاسىم ئاكا بىلەن ئۇچراشقان چاغلاردا ئىختىيارسىز ھالدا يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى ئىشلار يادىغا كېلىپ، قاسىم ئاكىدىن

كۆزلىرىنى قاچۇراتتى. قاسىم ئاكىمۇ ئۇنى دائىم كۆرمەسكە سېلىپ يۈردى. كۆرۈشمىگەنگە كۆرەتتى، لېكىن قەلبىدىكى ئاللىقانداق بىر خىل ئۆچ - نەپرەت ئۇنى تەتۈر قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قوپال پويۇزا ۋە تۈزلۈق گەپلەر تېخىچە ئۇنىڭ يادىدىن چىقمىغانىدى.

مامۇتباي قاسىم ئاكىدىن كۆزلىرىنى قاچۇراتتى يۇ، لېكىن ئاستىرتتىن ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى، ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى. ئۇنى كۆرسىلا قەلبىنى ئاللىقانداق بىر دەرد تاتىلايتتى. ھەسەننىڭ ئۈيىدىن ئالتۇن تېپىلمىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. بەزىدە ھەسەن ئالتۇن ساقلىمىغان بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ بۇ ئويىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ چاغدا ھەسەننىڭ ئالتۇنلىرىنى قاسىم تىقىۋالدى، دەپ ھۆكۈم قىلغان. كېيىنكى سەرسانلىق يىللاردا، تۈرمىدە ياتقان ئۇزۇن ۋە زېرىكىشلىك كۈنلەردە قايتا - قايتا ئويلاپ، بۇ ھۆكۈمىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. نېمىشقىدۇر «ھەسەننىڭ ئالتۇنى» دېگەن بۇ پىكىر ئۇنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇ ئاشۇ خىيالىنىڭ، ئاشۇ ئالتۇنىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن قارابا غقا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغانىدى. لېكىن كېيىنكى يىللاردا قاسىمنىڭ يەنىلا ئاشۇنداق كەمبەغەل ھالەتتە يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ خىيالدىن ئازراق يالتىيىپمۇ قالدى. يالتىيىشىنىغۇ يالتايدى، لېكىن ئاللىقانداق بىر سېھىرلىك كۈچ ئۇنى يەنە ئاشۇ ئالتۇن توغرىسىدىكى خىياللارغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى. مامۇتباينىڭ كۆپ ۋاقىتلىرى مانا شۇ ئويلار بىلەن ئۆتەتتى. ھېلىمۇ ئاشۇ يىللارەدىكىدەك كەمدىن - كەم ئۇخلايتتى.

سەھەردە ئالەم يورۇماستىنلا ئورنىدىن تۇراتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇسى قاچقان چاغلاردا مەقسەت - نىشانسىز ھالدا دەريا بويلىرىنى، قەبرىستانلىقنى، مەھەللىلەرنى ئارىلايتتى.

لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرى تولىراق قاسىم ئاكىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا چۆگىلەيتتى. قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قاراڭغۇدا يولدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقان ئادەمدەك توختىماي ماڭاتتى ۋە «ھەسەننىڭ ئالتۇنى» توغرىسىدا خىيال سۈرەتتى، قاسىمنىڭ ئالتۇننى قەيەرگە يوشۇرغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە ئۇزاق ئۆتمۈش بولۇپ قالغان ئاشۇ يىللار كىرىۋالغانىدى. ئۇ يەنە ئۆيىدىن چىقتى. پۈتى توختاۋسىز قەدەم تاشلاپ ئالغا قاراپ ماڭاتتى. كاللىسى ئاجايىپ خىياللارنى سۈرەتتى. خىيالىدا نېمىلەرگىدۇر ئېرىشىپ، نېمىلەردىندۇر ھۇزۇر سۈرەتتى. پات - پات چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قوياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى يول بىلەن قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇنى بىلىشنىمۇ ئىستىمەيتتى. پەقەت خىيال سۈرەتتى. خىيال ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ھېچكىمدىن توختاپ قالدى. خىياللىرى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوك يېنىدا، يېقىنلا يەردە كۆرۈنگەن چىراغ نۇرىنىڭ شولىسى ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ھېچكىمدىن، خىياللىرىنى پەرۋاز قىلىشتىن توختاتقانىدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىز يولىدا، قاسىم ئاكىنىڭ بېغىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇراتتى. قاراڭغۇدا چىراغ نۇرى

ئالەمدە روشەن كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ قاسىم ئاخۇننىڭ جىلىدىن بىرى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. يېرىم كېچىدە باغقا چىراغ يالدۇرۇشۇپتۇ، نېمە ئىش بولدىكىنە؟ قاسىم نەپەس ئۈزگەندىمۇ ياكى... ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇراتتى. كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك بولدى. ئاللىقانداق بىر تەقەززالىق ئۇنىڭ پۇتلىرىنى باغ تېمى تەرەپكە سۆرەپ كەتتى. ئۇ ئېتىز يولىنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئېرىقتىن ئاۋايلاپقىنە ئاتلىدى. ئېتىزنى توغرا كېسىپ تامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ پاكار بويى تام ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىمالال كۆرۈشكە ئىمكان بەرمىگەنلىكتىن، پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ باغ ئىچىگە قارىدى. كىرسىن چىراغىنىڭ يورۇقىدا ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان قاسىم، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كوزا، جەيناماز ئۈستىدە قەسەم بېرىۋاتقان ئىككى ئوغۇل ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ ئەشۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى. باغ ئىچىدە بولۇۋاتقان گەپلەرنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاللىقانداق بىر ھاياجاندىن قەھرىتاندا كاچكۈلغا چۈشۈپ كەتكەن مۇزايدەك لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ، شۇ بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتتى. ئاھ، تەقدىر ئۇنىڭ پېشانىسىگە ھەسەننىڭ ئالتۇنلىرىغا شاھىت بولۇشنى پۈتۈپتىكەن ئەمەسمۇ؟ ياق، شاھىت بولۇشنىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشنىمۇ پۈتكەن. ئۇنىڭ مېغىزىنى چېقىشنى، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشىنىمۇ پۈتكەن. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، بۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر يەر تېگىدە ئۇنى ئوتتۇز يىل كۈتەتتىمۇ؟

شۇ بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە ئۇ بۇ ئالتۇنلارغا ئىگە بولۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە غۇۋا ساقلىنىپ قالغان شان-شەرەپ، ماختاش دېگەن ئۇقۇملار ئەمدى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بولۇپ تۇيۇلدى. ياق، ئەمدى ئۇنىڭغا شان-شەرەپ كېرەك ئەمەس. ئۇنىڭغا كېرىكى ئالتۇن!

ئۇنىڭ پۇتلىرى تىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى ئۆيىگە قايتىشى، ئالتۇنغا ئىگە بولۇشنىڭ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى تېپىشى لازىم. ئۇ ئارقىسىغا ياندى. پۇتى ئاستىدا نېمىدۇر پاراسلاپ ئېزىلدى. ئۇ خۇددى قورغۇيدىن ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك چۆچۈپ كەتتى. يۈرىكى يىراقتىن ئاڭلانغان دۇمباقتەك دۈپۈلدەيتتى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ قوناق شېخىغا دەسسىۋالغانلىقىنى بىلدى....

## ئابدۇللا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ

يوقالغان ئالتۇن تېپىلدى. ھەممىنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولدى. قادىر ئاخۇننىڭ قەلبىدە تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر شادلىق مەۋج ئۇراتتى. ئوغۇل ئۈچۈن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقتىنمۇ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ۋەزىپە يوق. ئەمدى مانا شۇ ئىمكانىيەت قوچاق ئاچقاندا ئۇ قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟ ئۇ كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ياش ساقچى ئەكبەرگە سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسى جۇش ئۇراتتى.

ئالتۇنىنىڭ تېپىلىشى كاتتا مۇراسىمغا ئايلاندى. شەھەردىن ساقچى ئىدارىسىدىكى يۈسۈپ جۇيجاڭ چىقتى؛ يېزا باشلىقىمۇ كەلدى. بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلار جەم بولدى. يۈسۈپ جۇيجاڭ ئالتۇننى قادىر ئاخۇنغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى ۋە:

— قادىر ئاخۇن، ئوغرى تۇتۇلدى. ئۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ، ئەمدى بۇ ئالتۇنلارنى چىڭراق ساقلىسىلا. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىتى بويىچە، شەخسلەرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ساقلىشىغا ئارىلاشمايمىز. لېكىن ئۇنى ئېلىپ-سېتىپ ئەتكەسچىلىك قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر ساتماقچى بولسىلا ھۆكۈمەتنىڭ بانكىسىغا ساتسىلا، ئەركىن بازاردا ساتىمەن دەپ ئۆزلىرىگە ئىش تېپىۋېلىپ يۈرمىسىلە، — دېدى.

يۈسۈپ جۇيجاڭمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەرمۇ بۇ ئالتۇنلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، قادىر ئاخۇننىڭ ئۇنى ساتالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار قادىر ئاخۇنغا بىر ھازا يول كۆرسەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى. ئەكبەرلا دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئاخىرقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قالدى. ئۇ باشقا كىشىلەر قايتىپ كېتىپ قادىر ئاخۇن بىلەن سابىر ئاخۇنلا قالغاندا ئاخىرقى سوئالنى سورىدى:

— قادىر ئاخۇن ئاكا، قاسىمكام ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئالتۇننى نەدىن تاپقانلىقى توغرىلىق بىر نەرسە دېمىگەنمىدى؟

ئوچاقنىڭ ئۇدۇلىدا قارا چېپەرقۇتتا تاشلانغان جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىزلىرىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ، يۈكۈنگەن ھالدا ئوچاققا قاراپ ئولتۇرغان قادىر ئاخۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەكبەرنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ دادىسى قالدۇرغان ۋەسىيەتنى ھېچكىشىگە ئاشكارىلىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ئەكبەرنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا ئالتۇننىڭ تېپىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. قادىر ئاخۇن ئەكبەرنىڭ چىرايىغا ئۇزاقىچە تىكىلىپ تۇردى. ئەكبەر بولسا نېمىنىدۇر پەملىگەندەك كۈلۈمسىرەپ، مورىغا يۆلىنىپ ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇراتتى. قادىر ئاخۇن ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكام، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي؟ دادام بىزگە ئالتۇننىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن، كىمگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز لازىملىقىنىمۇ تاپىلىغان. مېنىڭ بۇ گەپلەرنى ھېچكىمگە ئېيتقۇم يوق ئىدى. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز بىز مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تۇگۇل، ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالغان بولاتتۇق. ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز قارا بولۇپ قالاتتى. ئەمدى سىزنىڭ شاپائىتىڭىز بىلەن ئالتۇن تېپىلدى. بىز ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلالايدىغان بولدۇق...

قادىر ئاخۇن ئاتىسى تاپىلىغان گەپلەرنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

ئەكبەر ئۆتكەن قېتىم ھېلىم كۆككېپىشنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ ئالتۇن توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىغان. ئەمدى مانا قادىر ئاخۇن ئاشۇ پەرەزلەرنى ئۆز سۆزلىرى بىلەن تەستىقلاۋاتاتتى. ئەكبەر قاسىم ئاكىنىڭ ۋاپا ۋە سادىقەت بىلەن تولغان يالقۇنلۇق قەلبىنى، نامرات، لېكىن دىيانەت بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈر

تارىخنى كۆرگەندەك، ۋاراقلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئاق ئەرەب بۆكى كىيگەن، ئاق كۆڭلەك ئۈستىدىن ئاق پوتا باغلىۋالغان، ئاق ساقاللىق دىھقان بوۋاينىڭ خىيرىدەك سىيماسى خۇددى غايەت زور، غايەت ئۇلۇغۋار مەرمەر ھەيكەلدەك ئېنىق نامايان بولدى. ئۇنىڭدىن ئاددىيلىق، پاكلىق ۋە قەيسەرلىكنىڭ نۇرلىرى بالقىپ تۇراتتى. ئاھ، قانداق ئاددى، قانداق ئۇلۇغۋار ئادەم - ھە!

قادىر ئاخۇن سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر ھازاغىچە ئوچاقتىكى ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇردى. ئاخىرىدا نەزەرىنى ئەكبەرگە يۆتكەپ، ئۇنىڭدىن ئابدۇللانى تېپىشقا ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

ئەكبەر ئويغا پاتتى. ئاشۇ يىللاردا يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى قايتىپ كەلدى. ئابدۇللا نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ بەلكىم بارغان يېرىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ تۇرۇپ قالغاندۇ. ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كۆرۈش كېرەك.

— بولىدۇ، ئاكا، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىپ كۆرەي. سىزمۇ ئىزدەڭ. بەلكىم تېپىلىپ قالار.

ئۇلار شۇ كۈنى ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. قادىر ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئەندىشە يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ئۇ خېلى ئىككىلەنگەندىن كېيىن ئەكبەرگە شۇنداق دېدى:

— ئۇكام، بۇ گەپلەرنى پەقەت سىزگىلا دېدۇق. بىز سىزگە ئىشىنىمىز. بىزنىڭ شاگىجاڭ، شۇجىلار بۇ گەپنى ئاڭلىسا...

— ئەگىسىز ئالتۇن ئىكەن، سىزنىڭ بولىمىغاندىكىن تەشكىلگە تاپشۇر، دېيىشىدۇ، شۇنداقمۇ؟ خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا، مەن بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە دېمەيمەن.

ئەكبەر ئەتىسى شەھەرگە قايتىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان قادىر ئاخۇن ئەكبەر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى. ئۇ ئابدۇللا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى.

ئالتۇن تېپىلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتىگەندە مەسچىتتىن يانغان جامائەت قادىر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. قادىر ئاخۇن ھەيران بولدى. باشقا مەسچىتلەرنىڭ جامائىتى ھېسابلىنىدىغان كويمۇغۇللارمۇ ئۇلار بىللە كېلىشكەنىدى. قادىر ئاخۇن نېمىشىدۇر پەملىگەندەك بولدى. جامائەت ئايۋاندا ئورۇن ئېلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىمام ئاخۇنۇم قىسقىغىنە پاتىھە قىلدى. دۇئادىن كېيىن ئىمام ئاخۇنۇم ساقىلىنى سىيلاپ، مەزىن ئاخۇنۇمغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن «قېنى گەپنى باشلىسىلا، باشلاۋەرسىلە» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. مەزىن ئاخۇنۇم گېلىنى قىرىپ يۆتەلدى ۋە سۆز قىلدى:

— قادىر ئاخۇن، دادىلىرىنىڭ قازا قىلغىنىغىمۇ ئۈچ ئايدەك بولۇپ قالدى. بۈگۈن بىز مەرھۇمدىن قالغان تەئەللۇقاتلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى دەپ كەلدۇق. ئۆزلىرىگە مەلۇم، مىراس ھالال، دېگەن گەپ بار. ئۆزلىرىگە بىر تۇغقان بولغۇچى ھەممە قېرىنداشلىرىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان نەرسىلەردە ھەققى بولىدۇ. بۇنى ئۆزلىرىمۇ چۈشىنىلا. شۇڭا دەرقەمدە تۇرۇپ مەسلىھەتلەشسەك...

قادىر ئاخۇن جامائەتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى سەل چۈشەنگەندى. ئۇ ئاتىسىنى يادىغا ئېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى پوتىسىنىڭ ئۇچىغا سۈرتتى.

— مەزىن ئاخۇنۇم، ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، بىز ھەممىمىز ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن. نەچچە يىلدىن بېرى كىچىك ئىنىم سابىر ئاخۇن ئاتام بىلەن بىر ھويلىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. كىچىك يەڭگىمىزمۇ ناھايىتى ئوڭلۇقكەن، ئاتامنىڭ ئاش-تامىقىنى ئەتتى، كىر-قاتلىرىنى يۇدى، ئۇلار دادىمىزدىن ھەممە جەھەتتە ياخشى خەۋەر ئالدى، بىز بولساق پەقەت مېھمان تەرىقىسىدە دادامنى يوقلاپلا تۇردۇق. ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالمىدۇق. بۇ جەھەتتە بىز ئىنىمىزغا رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى سابىر ئاخۇن تاپقان-تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ چوڭ ئۆيگە تۆكتى. ھازىر قايسىسى ئاتامدىن قالغان، قايسىسى سابىر ئاخۇن تاپقان، بۇنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، مىراس مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن سابىر ئاخۇننىڭ پىكرىنى ئالغان تۈزۈكمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

جامائەت قادىر ئاخۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر-بىرسىگە قارىشىپ قويدى. ئۆي ئىچى بىردىن ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. مەزىن ئاخۇنۇم ئىمام ئاخۇنۇمغا قاراپ بېشىنى يېنىك ئېگىپ قويدى. ئىمام ئاخۇنۇم تۆردە، مورا ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئېغىز ئاچتى.

— قادىر ئاخۇن، بىز كۈيئوغۇللارنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدۇق. بۇ بىر ھېسابتا قىز بىر تۇغقانلارنىڭمۇ پىكرى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سابىر ئاخۇننىڭ دادىلىرىدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئالغىنىدىن رازى ئىكەن. بۇلارمۇ چوڭ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى بۆلۈشمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن. پەقەت ئاشۇ دەرھەم ئاتىلىرىدىن قالغان ئالتۇنلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسەكمىكىن دەپ ئويلىغانىدۇق. ئۇ ئالتۇنلاردا ھەممە تۇغقانلارنىڭ ھەققى بولىدۇ...

قادىر ئاخۇن جامائەتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلارنى كىملەرنىڭ باشلاپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۆز پىكرىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:

— ئىمام ئاخۇنۇم، ئالتۇن-كۈمۈشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا دادامنىڭ ئېنىق ۋەسىيىتى بار. بۇنى مەن، ئاچام، سابىر ئاخۇن ئۈچىمىز ئاڭلىغان. بىز ئالتۇن-كۈمۈشنى ئاشۇ ۋەسىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلالايمىز. ئۇ بۆلۈشىدىغان مىراس قاتارىغا كىرمەيدۇ. شۇڭا مىراس مەسىلىسىنى سۆزلەشكەندە ئالتۇن-كۈمۈش توغرىسىدا ئويلاشمىساقمۇ بولىدۇ.

— ئۆزلىرى بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا قانداق بولىدۇ...

— بابا، دېدىمغۇ، ئالتۇن-كۈمۈش ھەققىدە دادامنىڭ ئېنىق ۋەسىيىتى بار. ئۇ مىراس قاتارىغا كىرمەيدۇ. ماڭا ئىشەنمىسەڭلار ئاچام بىلەن سابىر ئاخۇندىن سوراڭلار.

جامائەت خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

لېكىن ئاشۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدا قادىر ئاخۇن دادىسىدىن

قالغان مىراسنى تۇغقانلىرىغا بەرمەي يالغۇز ئىگىلىۋاپتىمىش، مىراسنى بۆلۈپ بەرگىلى بارغان جامائەتنى قوغلاپ چىقىرىپتىمىش دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. بۇ گەپلەر قادىر ئاخۇننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. لېكىن قادىر ئاخۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر كۈنى قادىر ئاخۇن دېگەن ئەجەپمۇ كۆيۈمسىز، ئاچكۆز، پىخسىق ئادەمكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئازابلاندى، ئاچچىقى كەلدى. لېكىن ئۇ ئاچچىقلاپ نېمە قىلالايتتى؟ پەقەت قېرىنداشلىرىنى، كېلىن-كۈيئوغۇللىرىنى، جىيەنلىرىنى يىغدى. ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ھەۋزىخان بىلەن سابىر ئاخۇنمۇ گۇۋاھلىق بەردى. لېكىن گەپ-سۆز، غەيۋەت-شىكايەتلەر يەنىلا بېسىقمىدى. تۇغقانلارنىڭ تولىسىنىڭ قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. بىر كۈنى قادىر ئاخۇننىڭ جىيەنى، ھەۋزىخاننىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى ئانىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە قارىماي:

— قادىر ئاكا، ئۇنچىۋىلا قىلىپ كەتمەڭ. بۇ دۇنيا بۇۋامدىنمۇ قالدى، سىزدىنمۇ قالىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قادىر ئاخۇننىڭ بېشىغا بىر چېلەك مۇزدەك سۇ تۆكۈلگەندەك بولدى. يۈزلىرى تاتىرىپ، قوللىرى تىترىدى. لېكىن يەنىلا ئاچچىقىغا ھاي بەردى. ئۇنىڭغىچە ھەۋزىخان ئوغلىنى تىللاپ، دۈشكەلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بېسىم تەرەپ-تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. كۈيئوغۇللار ئەمدى ئۇلارغا قاپىقىنى تۈرۈپ قارايدىغان بولۇۋالدى. ھېچ سەۋەبسىزلا قوپاللىق قىلاتتى. تەنە ۋە سېسىق گەپلەرنى ياغدۇراتتى. قادىر ئاخۇننىڭ سىڭىللىرى چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي، ئاكامنى بىر يوقلاپ كەلسەم بولاتتى، دېگەن گەپلەرنى ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئاشكارا دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ چوڭ ئۆيگە — قاسىم ئاكا بۇرۇن تۇرغان ئۆيگە كېلەتتى. ئاكىلىرىنى يوقلايتتى. مەرھۇم دادىسىنى ئەسلەپ يىغلىشاتتى. ئەڭ كىچىك قىز گۈلنىساغا قاسىم ئاكا بەك ئامراق ئىدى. ئانىسىدىن بىر ياشتىلا يېتىم قالغان گۈلنىسانى قاسىم ئاكا قىشتا قوينىغا سولاپ، يازدا دولىسىغا مىندۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئېرى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بازاردا ماشىنا-تراكتور رېمونت قىلىدىغان دۇكان ئاچقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى ئىدى. گۈلنىسا بىر كۈنى قادىر ئاخۇنغا:

— ئاكا، ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئازراق سېتىپ ئىشلىتىپ تۇرساق، كېيىن ئورنىغا سېلىپ قويغىلى بولماسمۇ، — دېدى.

قادىر ئاخۇن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى يەنە چۈشەندۈردى. لېكىن ئۇ ئامراق سىڭلىسىغىمۇ ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى دېيەلمەيتتى. شۇڭا گۈلنىساغا بىر تالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلدى. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گۈلنىسا يەنە كەلدى. ئۇ مىشىلداپ يىغلايتتى. كەچلىكى قايتىپ كەتمەي چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى سابىر ئاخۇن ئاكىسىنى ئىزدەپ كېلىپ:

— ئاكا، گۈلنىسانىڭ ئېرى ئۇنى بەك قىستىۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ چوڭراق ئوقەت قىلىش ئۈچۈن شاڭخەي-گۇاڭجۇ تەرەپلەرگە بارماقچىمىش. گۈلنىسانى «ئاكىلىرىڭ ئە-

ۋاسىتىنى بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر ئەمەك يۇەن قەرز بېرىپ تۇرسۇن. پۇلنى ئالمەساك قايتىپ كەلگۈچى بولما» دەپ ئېيۋەتىپتۇ. قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.

قادىر ئاخۇن جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ سىڭلىسىغا بەك ئامراق ئىدى. يۈرىكى خۇددى ئۇششۇك ھەرىسى چاققاندەك ئېچىشتى. ئۇ خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، گۈلنىسا كەتمەي تۇرسۇن، دېدى ۋە بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. چۈشتە بازاردىكى قاسساپنى باشلاپ كېلىپ ئېغىلدىكى قويلىرىدىن بىر قانچىنى سېتىپ، گۈلنىسانىڭ قولىغا ئەمەك يۇەننى تۇتقۇزۇپ يولغا سالدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن تۇغقانلارنىڭ كۆڭلى خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك غەش بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالتۇن توغرىسىدىكى غەلۋىسىمۇ بىرئاز بېسىقتى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي كويمۇغۇل، جىيەنلەرنىڭ قەرز سوراپ كېلىشى يەنە باشلاندى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىدا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى، سول قولىقىدا تۇغقانلارنىڭ تاپا-تەنىلىرى جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئوڭ قولىقىدىكى غايىۋانە ئاۋازنىڭ ھۆكۈمىنى تۇتۇش مۇھىم ئىدى. لېكىن سول قولىقىغا ھەر كۈنى نەچچە ۋاق ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئاچچىق تاپا-تەنىلەرمۇ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى بازغان بىلەن سەندەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ تاپا-تەنىلەرگە بەرداشلىق بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئابدۇللادىن باشقا ھېچكىمگە بىر سەر، ھەتتا بىر مىسقال ئالتۇن بېرىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇ ئابدۇللا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

## ئامانەتنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

ئۇلۇغ تەڭرى بۇ دىيارنى بۈك-باراقسان بوستانلىق قىلىپ ياراتقان. زىرائەت تېرىلىدىغان ئېتىزلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە كۈن نۇرى چۈشىدىغان ئالقانچىلىكمۇ يەر يوق. ھەممە يەر — يوللار، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى، هويلا-ئارام، بازار-رەستىلەر، مەكتەپ ۋە مەسچىت سەينالىرى قويۇق كۆلەڭگىلەرگە كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. باغلاردىكى ئۈرۈك، شاپتۇل، ئالما، بېھى، ئانار... لار مەھەللىلەرگە، هويلىلارغا خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرىدۇ. بىپايان ئاسمانغا قۇچاق ئاچقان ياڭاق دەرەخلىرى ئۆزىنىڭ خىلۋەت پۇتاقلىرى ئارىسىدا پاختەك، تورۇلغا، كاككۇك ۋە باشقا قۇشلارنى ئەللەيلىتىدۇ...

ئادەملەر بولسا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن چاغدا ئېتىزدىن قايتىپ، كۆلەڭگىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلايدۇ ۋە ناۋاتتەك تاتلىق، گويا ئاتايىن نەقىشلەپ قويغاندەك تورلاشقان ئاقچى قوغۇننى ئالدىرىماي تىلىشقا باشلايدۇ. بوستانلىقلارنى ئارىلاپ ئۆتىدىغان يېپەك قاناتلىق مەيىن شامال قوغۇننىڭ ھىدىنى يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئەنە شۇ مەيىن شامالغا مەيدىلىرىنى تۇتۇپ راھەتلىنىدۇ.

يامانيارىدىكى ئۆستەڭ بويىدا قىيپالىڭاچ بولۇۋالغان بىر توپ بالا سۇغا چۆ-مۈلۈپ، توپىغا كۆمۈلۈپ ئويناپ يۈرەتتى. بىردىنلا ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ يولدا قارا ئات قوشۇلغان سايىۋەنلىك بىر مەپە كۆرۈندى. مەپە بالىلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە چىپ-پىدە توختىدى.

— هاي يالىڭاچ پەرىشتىلەر، سىلەرنىڭ قەبرىستانلىقىڭلار قەيەردە؟

توپىغا كۆمۈلۈپ ياتقان بالىلار باشلىرىنى بۇراپ، هارۋىدىكىلەرگە نەزەر سالدى. هارۋىدا رەڭلىك كۆزەينەك تاقىۋالغان ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. هارۋىكەش پەستە ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى تۇتۇپ بالىلاردىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغىچە كىچىك سۆزمەندىن بىرسى جاۋاب بەردى:

— قەبرىستانلىق موسا چوڭ دادامنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا. مەن دومام قازا قىلىپ كەتكەندە بارغان...

— كىچىك ئاغىنە، مەن موسا چوڭ داداڭنىڭ ئۆيىنى بىلمەيمەن. ماڭا قەبرىس-تانلىققا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويساڭلا بولادى.

بالىلار خىجىل بولۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق بىرسى توپىدىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— مۇشۇ چوڭ يول بىلەن ئۇدۇل مېڭىپ، چوڭ ياغاچنىڭ تۈۋىگە بارغاندا بۇياققا بۇرۇلسىلا، — بالا قوللىرى بىلەن غەربنى كۆرسەتتى، — قەبرىستانلىققا بارىدىلا.

— يىراقمۇ؟

— يىراق ئەمەس.

هارۋا يۈرۈپ كەتتى. بالىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى. بالىلار بىردەم-دىن كېيىنلا هارۋىنىمۇ، هارۋىدا ئولتۇرغان قارا كۆزەينەكلىك كىشىلەرنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ، سۇغا سەكرەشكە، بىر-بىرىگە سۇ چېچىشقا باشلاشتى. ئۆستەڭ بويى يەنە جانلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يېڭى بىر خەۋەر يامانيارىدىكى هەممە ئۆيلەرگە ئۇچۇپ كىردى:

— ئابدۇللا قايتىپ كەپتۇ.

— قايسى ئابدۇللا؟

— هېلىقى هەسەن ئاخۇننىڭ ئابدۇللاچۇ...

— ئېنىقراق دېگىنە، قايسى هەسەن ئاخۇننىڭ ئابدۇللاسىكەن ئۇ؟ مەن زادىلا ئەسلىيەلمەي قالدىم....

— هېلىقى يەر ئىسلاهاتىدا ئۆلتۈرۈۋالغان هەسەن ئاخۇننىڭ ئوغلىچۇ، يوقاپ كەتكەن ئابدۇللا...

— هاي، سىلەر كۆردۈڭلارمۇ، ئابدۇللانىڭ دادىسى بەكمۇ سالاپەتلىك ئادەمكەن. خۇددى خىزىرغىلا ئوخشايدىكەن.

— ياقەي، بۇ كىشى ئابدۇللانىڭ بېقىۋالغان دادىسىكەن.

— ئۇ بەلكى ھەسەن ئاخۇننىڭ تۇغقىنى بولسا كېرەك.

— ھاي، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، مەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ كەلدىم. ئۇ بوۋاينىڭ ئىسمى ھەبىبۇللا قارىي ئىكەن. ياش ۋاقتىدا ھەسەن ئاخۇن، قاسىم ئاكاملار بىلەن ئاغىنە بولغانىكەن.

— تۇۋا خۇدايىم. بۇ ئاجايىپ ئىشكەن...

قويۇق كۆلەڭگىلىك ھويلىلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

يامانيـاردىكى خام كېسەك بىلەن سېلىنغان يېڭى مەسچىت جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا كەلگەنلەر بىلەن لىق تولغانىدى. ئادەتتە، قاراباغنىـڭ يامانيـار، دۆڭ ئېرىق، پارچە كەنت دېگەن مەھەللىلىرىدىكى ئادەملەر مۇشۇ مەسچىتكە يىغىلاتتى. چوڭكى قاراباغنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك موللىسى تۇرسۇن داۋۇللاھاجىم مانا مۇشۇ مەسـچىتنىڭ خاتىپى ئىدى. «موللاڭ ئۇلۇغ بولسا، ساۋابىڭ كۆپ بولىدۇ» ئەمەسمۇ؟ شۇڭا كىشىلەر تۇرسۇن داموللا ھاجىمنىڭ ئارقىسىغا سەپ بولۇش، يەنىمۇ كۆپ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن، خېلى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ مۇشۇ مەسچىتكە كېلىشەتتى. بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ جىق كېلىشكەندى. ئادەتتە جۈمە نامىزىنى مەھەللىلىرىدىكى كىچىك مەسچىتلەردە ئۆتەپ، ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆز ئىشلىرىغا چاپىدىغان قاسساپ، ناۋاي... لارمۇ، ناماز ئۈچۈن ئانچە ئېرەنگىشىپ كەتمەيدىغان ياش يىگىتلەرمۇ، كومۇنىدا ئۇزۇن يىل سۇ تۇتۇش بىلەنلا شۇغۇللانغان، ئۇزۇنراق يول ماڭسا بوغۇملىرى سىرقىراپ ئاغرىيدىغان سوچىلارمۇ كېلىشكەندى.

مەسچىتكە يىغىلغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قايسى سەپتە تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىشەتتى. ئادەتتە، تۇرسۇن داموللاھاجىمنىڭ ئارقىسىدىكى بىرىنچى سەپتە يۇرتنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى ھېسابلانغان چوڭ موللىلار، ئىماملار، ئىززەتلىك سوپىلار، كاتتا ھاجىلار تۇرۇشاتتى. تېخى يېقىندىلا ھەرەمگە بېرىپ كەلگەن، سودىگەرچىلىك بىلەنمۇ، تەقۋادارلىقىنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان، چىرايلىق كىيىنگەن ياش ھاجىلار ئىككىنچى سەپتىن ئورۇن ئېلىشاتتى. بۇ سەپتە تېخى ھاجى بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەن، لېكىن قويىنىمۇ، قونجىمۇ ياغقا تولغان، تۇرسۇن داموللا ھاجىم قاتارلىق چوڭ موللىلارنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىپتار ۋە نەزىرگە چاقىرىپ تۇرىدىغان يېڭى بايلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەپلەردە ئادەتتىكى ئادەملەر قورۇنماي ئولتۇرۇۋېرەتتى. بۇ سەپلەردە سەللىلىك باشلارمۇ، سەللىسىز باشلارمۇ بولاتتى. لېكىن بىرىنچى سەپتە چوقۇم سەللىسى ئالاھىدە يوغان يۆگەلگەنلەر ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بۇنداقلار سەل كېچىكىپ قالسا، تۇرسۇن داموللا ھاجىمنىڭ ھەممىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان يارەمچىسى ئاتايەن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ بىرىنچى سەپكە تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ ئىككىنچى سەپكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر قېتىم ناماز باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ «ھاجىم، قېنى بۇياققا مەرھەمەت قىلسىلا» دېگەن ياڭراق ئاۋازى بىر قانچە قېتىم ياڭرايتتى. ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا ئىدى. چۈنكى سەللىسىمۇ، ھۆرمىتىمۇ چوڭ

بولغاندىكەن، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ قالماسلىقى كېرەك-تە!

بۈگۈن ئېمىشقىدۇر بىرىنچى سەپنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ، تەركىبىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. بىرىنچى سەپتىكى ئۆزگىرىش ئىككىنچى، ئۈچىنچى سەپكىمۇ تەسىر قىلدى. بۇ ئۆزگىرىشكە ئىككى يوغان سەللىنىڭ بىرىنچى سەپتىن ئىككىنچى سەپكە چېكىنىشى سەۋەب بولغانىدى. ئادەم جىق ۋە سەپلەر تولۇق بولغاچقا، زەنجىرسىمان بۇ ئۆزگىرىش خۇددى سۇغا تاش تاشلاشتىن ھاسىل بولغان چەمبەرسىمان دولقۇنغا ئوخشاش تاكى ئاخىرقى سەپكىچە يېتىپ باردى.

ھەبىبۇللا قارى، ئابدۇللا ۋە قاسىمكامنىڭ ئۈچ ئوغلى مەسچىتكە كىرىپ كەلگەندە جۈمە نامىزى تېخى باشلانمىغانىدى. ئۇلارنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن مەسچىت ئىچى بىردىن جانلىنىپ، ئۈنلۈك پىچىرلىشىشلار باشلاندى. تۇرسۇن داموللا ھاجىمنىڭ ياردەمچىسى ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— قېنى بۇياققا كېلىشسىلە، بۇياققا، ئالدىغا كېلىشسىلە، جامائەت، ھەبىبۇللا قارى ھاجىم بىلەن ئابدۇللا ھاجىمغا يول بوشىتىپ بېرەيلى. قېنى، چاققان يول بوشىتىپ بېرەيلى.

سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ئاللىقاچان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تار ۋە ئۇزۇن يول ئېچىلدى. ھەبىبۇللا قارى ئالدىدا باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنىمىغانغا قويماي ئابدۇللانى ماڭدۇرۇشتى. قاسىمكامنىڭ ئىككى كىچىك ئوغلى ئاخىرقى سەپلەردە قالدى. پەقەت قادىر ئاخۇنلا ئۈچىنچى سەپكىچە باردى ۋە بىر ھازا تېكىرقىغاندىن كېيىن ئاران دېگەندە قىسىلىپ ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى.

ئالدىنقى سەپلەرگە ئاپئاق جەينىمازلار سېلىنغانىدى. ھەبىبۇللا قارى بىلەن ئابدۇللا بىرىنچى سەپكە ئۆتۈپ جەينىمازلارنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. تۇرسۇن داموللا ھاجىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ:

— ھاردۇقلىرى چىقىشىپ قاپتىمۇ؟ — دېدى.

— خۇداغا شۈكرى، يۇرتىمىزنىڭ ساپ ھاۋاسى تەنگە داۋا بولىدىكەن. ھاردۇقلىرىمىز تېزلا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ.

— تۈنۈگۈنلا ھۇزۇرلىرىغا ھاردۇق سوراپ بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. لېكىن ھېرىپ كەلگەندە مالاللىق يەتكۈزەرمەنمىكىن دەپ تەخىر قىلدىم.

— يوقسۇ، تۈنۈگۈن قادىر ئاخۇننىڭ قوشنىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلىمىز ئېچىلدى. يۇرت ئىچىنىڭ تىنچ-ئامان تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىمىز ئىمىن تاپتى.

— ھاجىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ خوتەن دىيارىغا قەدەم قويغانلىقلىرىغا خېلى ئۇزاق بولدىمىكىن؟

— ئۈچ كۈنلا بولدى. مېنى ھاجىم دېمىسىلە. مەن تېخى مەككەمۇكەررەمگە بارالمىدىم. خۇدا بۇيرۇسا، شەرتىم توشقاندا، رەسۇلۇللانىڭ ئىزلىرى چۈشكەن تۇپراقنى تاۋاپ قىلماقچىمەن.

ھەبىبۇللا قارىينىڭ ھاجى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى گەپ بىردەمدىلا مەسچىتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ بەيتۇللانىڭ بوسۇغىسىدىلا تۇرۇپ، تېخىچە بۇ پەرزنى ئادا قىلمىغانلىقىدىن ھەيران بولۇشۇپ، ئۇنىڭ يېشى، كەسپى، ئوقتى توغرىسىدا ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشقا كىرىشتى. بەزىلەر يېشى 70 لەردە

باردۇ» دېيىشسە، بەزىلەر «ياقەي، چىرايى خورازنىڭ تاجىسىدەك تۇرمامدۇ، ئەمدىلا 60 لارغا يېقىنلاشقان بولسا كېرەك» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر «قادىر ئاخۇننىڭ دېيىشىچە قاسىمكامدىنمۇ چوڭمىش، باي ئادەم بولغاندىكىن ئاشۇنداق چىرايلىق تۇرغان گەپ» دەيتتى.

نامازدىن كېيىن تۇرسۇن داموللا ھاجىم جامائەتكە قاراپ:

— جامائەت، رەسۇلىللانىڭ قەبرىسىگە يېقىن جايدىن ئىككى قېرىنداشىمىز كەلدى، ئۇلارنى ئاشۇ تەرەپلەردە بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلساق...— دېدى. جامائەتنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ھەممىسى باشلىرىنى ئېغىتىشتى. ھەبىبۇللا قارىي بىلەن ئابدۇللا بىرئاز پىچىرلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللا ئورنىدىن تۇرۇپ مېھرابقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ جامائەتكە تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ بادام دوپپىسى تولىمۇ ياراشقانىدى. لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئاللىقاندىداق بىر ئىچكى ھاياجان ئۇنىڭ يۈزلىرىگە روشەن تېپىپ چىققانىدى. كۆز چاناقلىرىغا پاتماي قالغان ئىسسىق ياش قىپقىزىل مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. پەستە ئولتۇرغانلارمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. مەرھۇم ھەسەن ئاخۇننى ئەسلەشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە «دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن» دېگەن پىكىر پەيدا بولغانىدى.

ئابدۇللا يانچۇقىدىن ئاپئاق قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى ھېلىمۇ شامال تەگكەن يوپۇرماقتەك تىترەيتتى.

— جامائەت، بۇ قېتىم بىز يۇرتىمىزنىڭ ئەزىز تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىش، مەرھۇم ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ تۇپراق بېشىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق. ئەل - يۇرتنىڭ تىنچ - ئامان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق. خۇدا بىزنى ئەزىز يۇرتىمىزنى كۆرۈشكە، يۇرتداشلىرىمىز بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى. يۇرتداشلارنى كۆرۈپ سېغىنىشلىرىمىز بېسىققاندەك بولدى...بابا داموللا ھاجىم بىزنى ئۇ تەرەپلەردىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن نېمىنى سۆزلەي؟ مەن، يەنىلا مۇشۇ يەردىكى، يۇرتىمىزدىكى ئىشلارنى سۆزلىسەك ياخشى بولغۇدەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن قايتىپ كېلىش بىلەنلا مەرھۇم دادام ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان بىر بۆلۈك پىشىشىق مالنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەرھۇم قاسىم ئاخۇن ئاكام ئاشۇ نەرسىلەرنى 30 يىل ساقلاپتۇ. 30 يىل دېگەن ئاز ۋاقىتمۇ؟ مەن ئۆز ۋاقتىدا قاسىم ئاخۇن ئاكام توغرىسىدا ھەرخىل ئويلاردا بولغان. بۇ قېتىم ئۇنىڭ روھى ئالدىدا قاتتىق خىجىل بولدۇم...مەن بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەقىدە، ئىخلاس، ۋاپا، ساداقەت، دىيانەت دېگەن ئېسىل مىزانلىرىمىزنىڭ يەنىلا ئۆز يۇرتىمىزدا مول ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. قەيەردە ئادەملەرنىڭ دىلى پاك بولسا، ئاللا شۇلارغا يار بولىدۇ. قەيەردە ئەخلاق روناق تاپسا، شۇ يەردە ھايات گۈللەپ ياشنايدۇ...مەرھۇم قاسىمكامنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر دادامغا بوۋامدىن قالغانىكەن. داداممۇ بوۋامنىڭ ۋەسىيىتى توغرىسىدا سۆزلىگەنىكەن. بوۋام نېمىدەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان؟ بۇنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاخشام ئاقساقاللارنىڭ ئەسلەپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە قارىغاندا، بوۋام تېۋىپچىلىق قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىدىغان ياخشى ئادەم ئىكەنمىش. ياخشى ئادەم مال - دۇنياسىنى ئۆز يۇرتىنىڭ،

ئۆز خەلقىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن يىغىدۇ. بوۋام بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بەلكىم مەكتەپ سالدۇرۇش، دوختۇرخانا ئېچىش ياكى يول ياسىتىپ كۆۋرۈك سالدۇرۇش ئۈچۈن يىغقان بولغىيدى ۋە بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق، بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق مەقسەتلەرنى كۆزلىگەن بولغىيدى. شۇڭا مەن بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بوۋامنىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئۆز يۇرتۇمغا، ئۆز خەلقىمگە تەقدىم قىلىمەن. مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا تەقدىم قىلىمەن...

مەسچىتنىڭ ئىچىدە گۇررىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئاخۇن - موللىلارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. پۈتۈن مەسچىتنى مىگىلىغان كەپتەرلەرنىڭ ئۇنلەشلىرىدەك گۇرۇڭ - گۇرۇڭ ئاۋازلار قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار بارىكاللا قىچقىرىپ ئابدۇللاغا رەھمەتمۇ ئېيىتىشمىدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ شەپقەتچى سۈپىتىدە ئاسمانغىمۇ ئېتىشمىدى. چۈنكى بۇلار ئۆز تۈيغۇلىرىنى ئاشكارا ئىزھار قىلىپ ئۆگەنمىگەن، سەل ياۋايى مىجەزلىك ئادەملەر ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىنلا شادلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

جامائەت ئەمدى تۇرسۇن داموللا ھاجىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. داموللا ھاجىم كۆپچىلىككە: «ئالتۇن - كۈمۈشنى نېمىلەرگە ئىشلىتىش توغرىسىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئايرىم مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرايلى، ئەتىكى بامدات نامىزى ۋاقتىدا قارارنىڭ مەزمۇنىنى ئېلان قىلايلى» دېدى.

ياش تۇرۇپلا سەمىرىپ كەتكەن يېزا باشلىقى ئالتۇنىنىڭ جامائەتكە تەقدىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئىككىنچى كۈنى ئاش ۋاقتىغا يېقىن ئاڭلىدى ۋە شۇ ھامان ياش بىر بالا ھەيدىگەن موتسىكلىتنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ يامانيارغا قاراپ ماڭدى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. تۇرسۇن داموللا ھاجىم باشچىلىقىدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ تەقدىرىنى ئاللىقاچان ھەل قىلىپ بولغان، ھەربىر كەنتكە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېگىز مۇنارىسى بار مەسچىتلەرنى سېلىشنى، مەسچىتلەرگە تېلىش ئۈچۈن زىلچە - گىلەملەرنى سېتىۋېلىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇلار يەنە مەخسۇت سوپۇمنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن قاراباغقا چوڭ خانىقا سېلىشقىمۇ پۇل ئاجراتماقچى بولدى. تۇرسۇن داموللا ھاجىم دەسلەپتە «ھۆكۈمەت سوپى - ئىشانلىقنى چەكلەيدۇ» دەپ بۇ تەكلىپكە ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، قاتتىق تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ئۇمۇ يول قويدى. چۈنكى مەخسۇت سوپۇم «ھۆكۈمەت ھەممە نېمىنى، ھەممە ئادەمنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. نېمىشقا سوپى - ئىشانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيدىكەن» دەپ ۋارقىرىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن يول قويۇشقا توغرا كەلدى. پارچە كەنتلىك مەھەممەت قارىي ئاخۇنۇم پارچە كەنت بىلەن يامانيار ئوتتۇرىسىدىكى زەيدانغا بىر كۆۋرۈك سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن ئاخىرقى تەقسىماتتا ئۇنىڭغا پۇل يېتىشتۈرەلمىدى. چۈنكى زايىت موللامغا كەچلىك دىنىي مەكتەپ ئاچقانلىقى ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنداق قىلمىغاندا زايىت موللام پەيشەنبىلىك ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن پارچە - پۇرات نانلار بىلەنلا جان ساقلىيالمايتتى. شۇنداق قىلىپ كۆۋرۈك ئۈچۈن پۇل يەتمىدى.

... يېزا باشلىقى مىنگىشىۋالغان موتسىكلىت قويۇق كۆلەڭگىلەر بىلەن قاپلانغان يولدا توپا توزۇتۇپ قۇيۇندەك چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چاڭ - توزان يۇتۇپ قالارمۇ ياكى بىرەر نەرسە ئۇنتۇرەلەرمۇ؟ بۇنىڭغا ھازىرچە بىرنېمە دېمەك قىيىن...

مەسئۇل تەھرىرى: روزىمەھەممەت جۇمە



# ئويغىنىش

ئېزىز ساۋۇت

(ھېكايە)

كەچكۈزنىڭ ئېزىغىرىن شامىلى دەل-دەرەخلەرنىڭ سارغىيىپ تۆكۈلگەن يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇپ، سۈيى قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقلارغا، لاي تىنىپ كەتكەن ئازگاللارغا ئاپىرىپ تاشلايتتى. دەرەختىن ئاستا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلار قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرىدا خۇددى تىللادەك يالتىرايتتى. ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلاردا تۇمشۇقلىرىنى شور باغلاپ كەتكەن قاغىلار ئوزۇق ئىزدىشىپ، ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلدىشاتتى. ئىككى ئايدىن بېرى ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە قالغان شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا-داللار ئېغىر جىمجىتلىققا چۆمگەنىدى.

گودىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلار فورمىسىنى كىيگەن، ئاق ئۆڭلۈك، يوغان قارا كۆزلۈك يىگىت ئەكبەر كۆزىنى يورغىلاپ كېتىپ بارغان ئاق قاشقالىق چىلان توروق ئېتىنىڭ دىڭگايغان قۇلاقلىرىغا تىككىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتقان ھالدا كېلىۋاتاتتى: بۇ قېتىم ئۆلمەي ئامان قالدىم. ئەمدى ئالدىمىزدىكى جەڭدە قانداق بولار؟ دۈشمەنگۇ چېكىنىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، «ئۇنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ،» دېگەن گەپ بار، كىم بىلىدۇ، بۆكتۈرمە قوشۇنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالامدۇق تېخى، ئۇ چاغدا... ئۇنىڭ تېنى شۈركەندى. بىرسى گۇمان قىلىپ قالمىغاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئىتتىك ئەتراپىغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا چىرايلىرىنى ئېغىر تەشۋىش باسقان ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى سۆكۈلدىتىپ كېلىشىۋاتاتتى. ئەكبەر شىپورى بىلەن ئېتىنىڭ بېقىنىغا نوقۇپ قويدى.

مانا، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشىمىزنىڭ مەقسىتىمۇ چېكىنىۋاتقان دۈشمەن قىسىملىرىغا ھاردۇق بەرمەستىن قوغلاپ زەربە بېرىش، ئامال قىلىپ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە يول قويماي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش، لېكىن نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، ئۇلارغا تەڭ كەلمەك ھەقىقەتەن قىيىنكەن. خۇدا بۇ قېتىم ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىغايسەن! ئىلاھىم. بىز يېتىشىۋالغۇچە چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكىيدى.

ئەكبەرنىڭ ئارقىسىدىن بىر يىلىڭ
خىللانغان ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ يىڭ-
جاڭ سۇڭ داجىلىڭ كېلىۋاتاتتى. سۇڭ
يىڭجاڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقان كونا
ھەربىي بولۇپ، سوقا يۈزلۈك، ئېگىز
بوي، قۇۋ ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىز-
مەتتە تەجرىبىلىك، جەڭگىۋارلىق بولغاچقا،
باشقىلارنىڭ باتۇرلۇق خىسلەتلىرىنى قە-
دىرلەيتتى. شۇڭا ئەكبەرنى دائىم يېنىدىن
ئايرىمايتتى. ئەكبەرنىڭ گومىنداڭ ئار-
مىيىسىگە ئەسكەر بولۇپ كىرىپ قېلىشى-
مۇ ئاشۇ سۇڭ يىڭجاڭ سەۋەب بولغان-
دى.

ئۈچ يىل بۇرۇن، سۇڭ يىڭجاڭ
ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، دالا يۈرۈش ماز-
ۇىر مەشقىغە چىققتى. قىسىم ئايلىنىپ
يۈرۈپ، تاغ باغرىغا جايلاشقان تال بۇ-
لاق يايلىقىنىڭ بىر چېتىدە قونالغۇغا
توختاشتى. ئەسكەرلەر ئەمدىلا تاماق
يېيىشكە ئولتۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز غەۋغا
كۆتۈرۈلدى. سۇڭ يىڭجاڭ بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ قاراپ، بىر قاۋاننىڭ ئۆزى تەرەپكە
باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

يىڭجاڭ قۇتراپ كېلىۋاتقان توڭگۇز-
نى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. قاۋان يې-
قىنلا كېلىپ قالغان بولۇپ، ھەيۋە-سۈرى
بەكمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە ئۇ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغان-
لىقى ئۈچۈن ھېچكىم قورالىنى ئوقلاشقا
ئۈلگۈرەلمىدى. سۇڭ يىڭجاڭ قېچىشقا
تەمشەلدى-يۇ، لېكىن ئەسكەرلەردىن نو-
مۇس قىلىپ، ئورنىدىن قىمىر قىلماي
ئەجەلگە تەۋەككۇل قىلىپ تۇردى. ئەجەل
قاشى بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى.
شۇ پەيتتە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قول-
دا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە تۇتقان ياش بىر
ئۇيغۇر دېھقان يىگىتى پەيدا بولۇپ قال-
دى-دە، دەھشەت بىلەن كېلىۋاتقان
قاۋاننىڭ دەل كۆكسىنى نىشانلاپ ئېتىلىپ
تۇرمايلا بار كۈچى بىلەن نەيزە ئۇردى.
قاۋان جان ئاچچىقىدا ئالدىغا شوخشۇد-
دى، نەيزە تېنىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ
پاتتى. توڭگۇزنىڭ كۆكسىدىن شۇرقىراپ
ئېقىۋاتقان قان چىملىقنى قىپقىزىل
بوياۋەتكەندى. تىركىشىۋاتقان يىگىتنىڭ
پالۋانلارچە قامىتىمۇ قاراپ تۇرغانلارنى
ھەيران قالدۇردى. يىگىتنىڭ بىلەك، كۆك-
رەك، پاقالچەك مۇسكۇللىرى كۆپۈشۈپ،
ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. بۇ ئىش-
لار بەكمۇ تاسادىپىي، كۆزنى يۇمۇپ ئاچ-
قۇچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەر-
دى. سۇڭ يىڭجاڭ بىردىنلا ئېسىنى يە-
غىپ، تاپانچىسىنىڭ تەپكىسىنى قايرىپ،
قاۋانغا قارىتىپ بىر قانچە پاي ئوق ئۈز-
دى. قاۋان گويا تاغ ئۆرۈلگەندەك ھەي-
ۋەت بىلەن چىملىققا گۈپپىدە يىقىلدى-
دە، بىر-ئىككى قېتىم سىلىكىنىپ جان
بەردى.

سۇڭ يىڭجاڭ يۈگۈرۈپ كەلدى-دە،
يىگىتنى يۆلىدى. ئۇنىڭ شاپاق، دوپپا،
ماتا كۆڭلەك-تامبال كىيگەن بۇ دېھقان
يىگىتىگە ھەقىقەتەن ھەۋىسى كەلگەنىدى.
«نېمىدېگەن باتۇر يىگىت-ھە، — دەپ
ئويلىدى سۇڭ يىڭجاڭ، — ئەگەر بۇنى
قىسمىغا ئېلىپ تەربىيىلىۋالساق، بىز ئۈ-
چۈن چوڭ خىزمەت كۆرسىتىشىدە گەپ
يوق. ئەگەر تاشلىۋەتسەك، كېيىنچە ئۇ
بىر توپ غەلىيانچىغا باش بولۇپ، ئۇرغۇن
ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن.»
— ئىسمىڭ نېمە، باتۇر يىگىت؟

كىمنىڭ بالىسىسەن؟ — دەپ سورىدى سۇڭ يىڭجاڭ يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ كۈلگەن هالدا.

— ئىسمىم ئەكبەر! — دېدى يىگىتمۇ تارتىنىپ تۇرماي، — دادامنىڭ ئېتى هاشىماخۇن. كەنتتىكىلەر دادامنى «هاشىم قاۋان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۆيىمىز ئاۋۇ تاللىقنىڭ ئارقىسىدا.

سۇڭ يىڭجاڭ ئەكبەر كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. راستىنلا ئىككى-ئۈچ يۈز مېتىر نېرىدىكى بۆك سۆگەتلىك ئارقىسىدا ئۆگزىسىگە پاخال بېسىلغان چالما تاملىق دېهقان ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— دادىڭنى نېمىشقا «هاشىم قاۋان» دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇڭ يىڭجاڭ تېخىمۇ قىزىقىپ.

— دادام توڭگۇز ئوۋلايدىغان پالۋان ئادەم. شۇڭا ئەل جامائەت ئۇنىڭغا قاۋان دېگەن لەقەمنى قويۇشقانىكەن. ئەنە، داداممۇ كېلىۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، دادىسىمۇ قامەتلىك، بۇغما ساقال، باتۇر قىياپەتلىك ئادەم ئىدى.

— ئوغلىڭىز باتۇر ئىكەن! — دېدى سۇڭ يىڭجاڭ. ئۇ، هاشىم قاۋاننىڭ تەرپۇراپ تۇرىدىغان كىر كىيىملىرى ۋە پاخپايغان ساقاللىرىدىن يىرگىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەكبەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن چاندۇرماي قول بېرىپ كۆرۈشتى، — بۇنىڭدىن بۆلەكمۇ بالىلىرىڭىز بارمۇ؟

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى هاشىم قاۋان هودۇقماستىن، — تۆت ئوغلۇم، ئىككى قىزىم بار. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىككىنچىسى. ئەڭ چوڭى شۇ يەردىكى باينىڭ ئوغلى بىلەن مەشرەپتە قىز تالاشىپ قېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ قويغانلىقتىن، دۈشمەنلىك بولۇپ قېلىپ، مەهەللىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. تۆت يىل بولدى، ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدۇق. قالغانلىرى قېشىمدا.

— ها... ها... ها!... قىز تالىشىپ قېلىپ دەڭ، قىزىق، — سۇڭ يىڭجاڭ قىز تالىشىپ قېلىپ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى، — ئەمەسە ئوغلىڭىز ئەكبەر دۆلەتكە لازىم بولۇپ قالدى. ئۇنى ئەقىللىق، بىلىملىك، ئاق-قارىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇيدىغان ھەقىقىي باتۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. ياق دېمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن!

هاشىم قاۋان بىر هازا تۇرۇپ كەتتى-دە، لاپ قىلىپ ئوغلىغا قارىدى. ئەكبەرنىڭ يۈزىدە رازىلىق ئىپادىسى كۆرۈلدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئەسكەر بولغۇسى بار ئىدى.

— ماقۇل، — دېدى هاشىم قاۋان ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇ ياق دېسىمۇ ئامال يوقلۇقىغا، بۇ ئەسكەر باشلىقىنىڭ ئەكبەرنى ياخشى گەپكە كۆنمىسە زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. — بالام دۆلەتكە، جانابلىرىغا لازىم بولسا ئىككى قوللاپ تۇتتۇم. گۆشى سىلىنىڭكى، سۆڭىكى مېنىڭكى!

— بارىكاللا، — دەۋەتتى سۇڭ يىڭجاڭ كۈلكىدىن كۆزلىرى قىسىلغان هالدا، ۋە بىر ئەسكەرگە بۇيرۇپ، بىر بىرلاق كۈمۈش پۇل ئەپكەلدۈردى، — مانا بۇ 100 سەر ئاق كۈمۈش، هازىرچە ئېلىپ قويۇڭ، قايتىپ بېرىپ ئەكبەر پالۋاننىڭ تۆھپىلىرىنى قوماندانلىق شتابىغا مەلۇم قىلىپ، يەنە ئىنئام ئالدۇرۇپ بېرىمەن.

ئەكبەر پالۋان بولسا بۈگۈندىن باشلاپ جۇڭخۇا مىنگو دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرى سۈپىتىدە ئەنگە ئېلىندى. ئەندىشە قىلماڭ، مە، ئىنىم ھازىرچە ماۋۇ ئەللىك سەر كۈمۈشنى يېنىڭغا سېلىپ قوي، يىگىت دېگەنگە پۇل لازىم بولىدۇ. سەنىمۇ ئاكاڭغا ئوخشاش قىز تالىشىپ ئېچىپ كەتمىگىن يەنە! ھا...ھا...ھا!.. ئاڭلىدىڭمۇ باتۇر! گۆشۈڭ مېنىڭكى، سۆڭىكىڭ داداڭنىڭ بولىدىغان بولدى! ھا...ھا...ھا!...

بۇ چاقچاقنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

شۇندىن كېيىن ئەكبەر ئاقسۇ شەھەر ئىچىگە كەلتۈرۈلۈپ، قىسىم تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. ئۇ بىر يىل ئۆتمەيلا قىسىمنىڭ ھەربىي ماھارەت مەشقىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. كۆپ ئۆتمەي قىسىم قوماندانى جاۋ خەنچىڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن نەنجىڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىلدى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيجاڭلىق ۋەزىپىسى بېرىلدى. شۇندىن كېيىن بىرقانچە قېتىملىق جەڭگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ قورقماس پالۋان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئەسكەرلەر ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە ئابرويغا ئېرىشتى.

ھازىر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايون ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇيرۇققا ئاساسەن ئىلىغا قايتىشقا باشلىغانىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئۆتكۈزمەي قىرىپ تاشلاشنى پىلانلىغانىدى.

ئەكبەر بۇ قېتىمقى جەڭنى ئىشەنچ ۋە ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ قاراپ، قەيسەرلىك ۋە جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭىدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. بىر پاي ئوق شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋەتكەندە بۇ قورقماس باتۇرنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى-دە، جاھاندا ئۆلۈم دېگەن نەرسىنىڭمۇ بارلىقىنى يادىغا ئېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق بولسىمۇ جاۋ خەنچىڭ ئەكبەرنىڭ بۇ قېتىمقى پىداكارلىقىنى پۈتۈن قىسىم ئالدىدا تەقدىرلىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭىگە ئەكبەر كۆڭلى تارتماي، خۇددى بويىنىدىن باغلىغاندەك مەيۈس ھالدا ئاتلاندى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى تېخىچە بىر تەرەپ قىلىنماي قالايمىقان ياتقان، چىرىگەن، قاغا-قۇزغۇن، ئىتلار تارتقۇشلاپ يۈرگەن جەسەتلەرگە كۆزى چۈشكەندە تېنى شۈركەندى، ئىچى سىيرىلدى. جەسەتلەرنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى يانغا بۇرىۋالدى.

— قورقۇۋاتامسەن نېمە، ئەكبەر باتۇر، سولىشىپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا يېتىشىپ يانداشقان خەنزۇ لىيەنجاڭ ئەكبەرگە قىيا نەزەر سېلىپ تۇرۇپ.

— راستىنى دېسەم، قورقۇۋاتىمەن

پىلىڭ لېيەنجاڭ، قاراڭ، ئاۋۇ جەسەتلەرگە،
قېرىنىمۇ مۇشۇنداق تەقدىر كۈتۈپ تۇرۇپ-
تۇ.

— راست ئېيتىسەن، قورقۇنچلۇق!
بەك قورقۇنچلۇق، مەنىمۇ قورقۇۋاتىمەن،
لېكىن ئىلاجىڭ قانچە؟ بىز ئەسكەر،
پېشانىمىزدىكىنى كۆرمەي ئامال يوق! —
پىلىڭ لېيەنجاڭمۇ شۇنداق دېگىنىچە جەسەت-
لەردىن كۆزىنى قاچۇرۇپ، يانغا قارىۋالدى.

ئەمدى ئۇلار تونۇگۈنكى جەڭ مەي-
دانىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قويچى دېگەن
كەنتنىڭ ئېتىز-دالىسىدا كېتىپ باراتتى.
تۇمەن دېگەن كەنتكە يېقىنلاشقاندا، بىر
تاشلاندۇق باغلىق هويلىدىن ئۇشتۇمتۇت
پىلىموتنىڭ تىرىلدىغان ئاۋازى ياڭرىدى.
ئارقىدىن گىراناتىلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن
ئاۋازلىرى يەر-جاهاننى زىل-زىلىگە
كەلتۈردى، ئالدىنقى قاتاردىن بىر قانچە
ئەسكەر يىقىلدى. بىرقانچىسىنىڭ پۇت-
قوللىرى ئۈزۈلۈپ هاۋاغا ئۇچتى. شۇنداق
قىلىپ، بۆكتۈرمە قوشۇننىڭ ئۇشتۇمتۇت
هۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن سۇڭ يىڭجاڭنىڭ
قىسىملىرى ئېتىزلىقلارغا يېيىلىپ ئېتىشىپ
كەتتى، ئەكبەرمۇ ئۆزىنى چەبدەسلىك
بىلەن ئوڭشاپ، زەربىدار پەيىنى باشلاپ
هۇجۇمغا ئۆتتى. كۆپ چىقىمدار بولغان
بولسىمۇ، لېكىن ئەسكىرىي كۈچنىڭ كۆپ-
لۈكى، پىلىموت، مىنامىيوتنىڭ زاپاس
بولۇشىدەك ئۈستۈنلۈكى بىلەن باغنى
قورشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاخىرىدا
باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پىلىموت ئۈزۈلمەي
تىرىلداپ تۇرغان خارابە ئۆيئىچىگە باستۇرۇپ
كىردى. ئەكبەر قارىۋىدى، ئۆي ئوتتۇرىدىن
ئارتۇق جەسەت بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ،
پەقەت بىرلا چەكچى غەرق قانغا بويىلىپ
كەتكەن بولسىمۇ، پىلىموتتىن قەيسەرلىك
بىلەن ئوق ئۈزۈپ قارشىلىق قىلىۋاتاتتى.
بۇ، كۈن ئولتۇرۇپ كۆكۈم چۈشۈۋاتقان
پەيت ئىدى. شۇڭا ئەكبەر ئۆي ئىچىگە
باستۇرۇپ كىرگەندە، هېلىقى پىلىموتچى-
نىڭ چىرايىنى تازا ئېنىق كۆرەلمىدى.
«چىقىمدار بولساقمۇ مەيلى، لېكىن ئىلى
ئوغرىلىرىنىڭ بىرسىنى بولسىمۇ تىرىك
ئەسىرگە ئېلىڭلار.» جەڭگە مېڭىش ئالدى-
دا سۇڭ يىڭجاڭ ئەكبەرگە شۇنداق تاپى-
لىغانىدى. ئەكبەر ئېتىلىپ بېرىپ پىلى-
موتچىنىڭ قولىغا كۈچ بىلەن بىرنى
تەپتى، پىلىموتچى ۋايجان، دېگىنىچە
يىقىلدى. ئاڭغىچە ئەسكەرلەر ئۇنىڭ قول-
لىرىنى قايرىپ باغلىۋالدى. ۋايجان دېگەن
ئاۋازنى ئاڭلىغاندا ئەكبەرنىڭ يۈرىكى چىم-
مىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى بۇئاۋاز ئۇنىڭغا
شۇنچە تونۇش بىلىنگەنىدى. ئاۋازى ئە-
جەپ تونۇشتەك بىلىنىۋاتىدىغۇ بۇنىڭ. بۇ
زادى كىم بولغىيدى... ئەكبەر شۇنداق
ئويلىدى ۋە ئۇرۇش نەتىجىسىنى سۇڭ
يىڭجاڭغا دوكلاد قىلىش ئۈچۈن ماڭدى،
لېكىن ئەسىرنىڭ تونۇشتەك ئاڭلانغان
ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىدىن زادىلا نېرى كەت-
مىدى.

* *

سۇڭ يىڭجاڭ ئەسىرنى تىرىك قولغا
چۈشۈرۈشتە پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئەك-
بەردىن ناهايىتى خۇرسەن بولدى، ئۇ
ئەسىرنى جازالاشقا ئەكبەر باشچىلىقىدى-
كى بىر پەي ئەسكەرنىلا ئېلىپ قېلىپ،
قالغان قىسمىنىڭ هەممە ئەسكەر-ئوفىت-
سېرلىرىنى چېكىنىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن
داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىشكە سەپەرۋەر

قىلىپ ئاتلاندۇردى. ئۆزى جازالاش ئىشىـ
نى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپلا ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن يېتىشمەكچى بولدى.
سۆك يىگىجاك ئەسىرنىڭ كاللىسىنى
ئېلىشنى ئەكبەرگە تاپشۇرغاندا ئۇنىڭ
يۈرىكى جىغىلا قىلىپ قالدى. ئۇ بىرقانچە
قېتىملىق جەڭلەردە ئادەم ئاتقان، ئادەم-
لەرنى قىلىچتا چاپقان بولسىمۇ، لېكىن كىـ
شىلەر ئالدىدا پۇت - قولى باغلانغان ئەسىر-
نى ئۆلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇنى
مەرد، مەسۇر جەڭچىنىڭ خىسلىتى دەپ
ھېسابلىدايتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇيرۇققا
بويسۇنماسلىققا ئامالى يوق ئىدى. ئەكبەر-
نىڭ يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام
بولۇپ كەتتى. ئۇ كاردۇتىدا ئۇھ تارتىپ
ئۇيانىدىن - بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. ۋىجدانى
قاتتىق ئازابلىناتتى. بېشىمۇ زىڭىلداپ
ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ
قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئەسىرنىڭ ۋايجان،
دېگەن ئاۋازى قايتىدىن ئاڭلانغاندەك بول-
دى. ئەكبەرنىڭ نېرۋىلىرى تېخىمۇ سە-
گەكلىشىپ كەتتى. بۇ ئاۋاز راستىنلا بەك-
مۇ تونۇشقۇ؟ بۇ زادى كىم بولغىيدى؟
ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى،
بۇ چاغدا كەنت جىمجىت ئۇيقۇغا چۆك-
كەن، يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قا-
ۋاشلىرى، ئېرىقتىكى سۇنىڭ بوش شىلدىر-
لاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈننىڭ قا-
راڭغۇلۇقى بىلەن زىتلاشقاندەك، يۇلتۇز-
لار چاراقلاپ سۇس نۇر چاچقان ھالدا
پۈتكۈل ئاسمان بېتىنى قاپلاپ كەتكەنـ
دى. ئۇ ھېلىقى ئاۋازنى تونۇۋېلىش ئۈ-
چۈن پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ ئويـ
لاشقا باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن كۆز
ئالدىدا بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى
مەھەللىدىن چىقىپ كېتىپ ئىز - دېرەكسىز
غايىپ بولغان ئاكىسى بارات پەيدا بول-
دى. راست بۇ ئاۋاز ئاشۇ بارات ئاكام-
نىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئاھ! ئۇ راستىنلا
بارات ئاكاممىدۇ؟ مەن ئۆز ئاكامنى ئە-
سىر قىلىپ تۇتۇپ بەرگەندىمەنمۇ؟
ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى.
ياق، ياق! مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئە-
مەس! قۇلىقىمغا شۇنداق تونۇشتەك —
ئاكامنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ قالغاندۇ.
خۇدا مېنى رەسۋا قىلمىغايسەن؟
ئەكبەر تاقەت قىلالماي ئەسىرنى
كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن جۇۋازخانىغا ماڭ-
دى. ئۇ كېتىۋېتىپ ۋۇجۇدىنىڭ قورقۇنچ-
تىن تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. بەدىنى
چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. پۇت-
قولىدا جان قالمىغاندەك ماغدۇرسىزلىنىپ
ئاران - ئاران چامداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ
جۇۋازخانىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئەسىر-
گە قاراۋاتقان قاراۋۇلنى چاقىردى. قارا-
ۋۇل دىلى شىمىن دېگەن خەنزۇ ئەسكەر
ئىكەن. ئەكبەر ئۇنىڭغا پەنەرنى يېقىشقا
بۇيرۇدى. سۆك يىگىجاك دىلى شىمىنغا
ئەسىر بار ئۆيگە ھەرقانداق ئادەمنى
كىرگۈزمەسلىكنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئەمما
دىلى شىمىن ئەكبەر پەيجاڭنىڭ ئىناۋد-
تىدىن ئەيمىنىپ ياق دېيەلمىدى. ئۇنـ
چوقماي پەنەرنى يېقىپ، جۇۋازخانىنىڭ
روجىكى يېنىدا تۇتۇپ تۇردى. ئەكبەر
روجەكتىن جۇۋازخانا ئىچىگە قارىدى.
چىراغ نۇرى سۇس بولغاچقا، ئۆي ئىچى-
دىكى نەرسىلەرنى تازا روشەن كۆرەلمەي
قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ قارىدى. جۇۋاز-
خانا ئىچىدىن خام ياغ ۋە سېسىق چىلە ھې-
دى كېلىپ تۇراتتى. قول - پۇتى چەمبەر-

www.uyghurkitap.com

چەس باغلاپ تاشلانغان، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ كەتكەن ئەسىر يۈزىنى دەل رۇجەك تەرەپكە قارىتىپ، قىغ - چىلە ئۇستىدە تۆگۈلۈپ ياتاتتى. ئەسىرنىڭ چىرايىغا كۆزى چۈشكەن ئەكبەرنىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى - دە، قول چىراغ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئاھ، راستىنلا بارات ئاكامكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇلارغا قانداقلارچە قوشۇلۇپ قالغان بولغىيدىڭ جىنىم ئاكا! ئەكبەرنىڭ پۇت - قولىدا مادار قالمىدى. جۇۋازخانا ئىچىگە ئىككىنچى قېتىم قاراشقا جۈرئەت قىلالماي كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن پەنجىرىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى. قاراۋۇل ئەكبەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ سەگەكلەشتى. ئاستا ئېڭىشىپ، يەردىكى قول چىراغنى ئېلىپ ئەكبەرگە سۇندى.

— ئەي پەيجاك، قول چىراغنى... — ئەكبەر چۆچۈپ ھوشىغا كەلدى - دە، ئۆزىگە گۇمان بىلەن قاراپ تۇرغان ئەسكەرگە نەزەر سالدى ۋە قول چىراغنى ئېلىۋېتىپ:

— ئەسىرگە نان، سۇ بەردىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! سۇڭ يىڭجاڭ ھېچنەرسە بەرمەڭلار دېگەن!

— ھىم، ئاچقۇچنى ماڭا بېرىپ، نان، سۇ ئېلىپ كەل! تېز بول!

— سۇڭ يىڭجاڭ ھېچكىمنى كىرگۈزمە دېگەن...

— ماڭ! ئەسىرنى مەن تۇتقان تۇرسام، ئىگە بولالمامدىكەنمەن؟ سۇڭ يىڭجاڭ ماڭا ئىشىنىدۇ! — ئەكبەر غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ تاپانچىغا قول ئۇزاتتى. دېلىڭ شىمشىن قارشىلاشماستىنلا «خوپ» دېدى - دە، ئاچقۇچنى ئەكبەرگە بېرىپ نېرىغا كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق گۇمان قاپلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەسكىن مىجەزلىك ئەكبەرنىسى زادى كۆرەلمەيتتى. شۇڭا خىزمەت كۆرسىتىشىنىڭ پۇرسىتى كەلدى، دەپ بىلىپ بىر توپ تېرەكنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ، ئەكبەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇردى.

ئەكبەر خالى قالدى. ئەمدى ئاكىسىنىڭ قېشىغا بىمالال كىرەلەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ پۇت - قولى تىترەپ، جۇۋازخانىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئاكامنىڭ ئالدىغا قانداق كىرەرمەن، يۈزۈم چىدارمىكىن؟ ئەتە ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە قانداقمۇ قاراپ تۇرارمەن. مۇنداق شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالغاندىن كۆرە ئۆزۈمنى ئېتىۋېلىپ تۈگىشەي. ئاكامنىڭ ئۆلۈمىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن!

ئۇ، تاپانچىنىڭ ئاغزىنى يۈرىكىگە توغرىلىدى. ئاكامچۇ؟ بەربىر ئۇنى ئېھتىمال ۋەھشىيلىك بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ. ئالدىدا ئاكامنى ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزۈمنى... ئۇ تاپانچىنى رۇجەكتىن ئاكىسىغا توغرىلىدى. ياق، بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ بېرىمىزمۇ؟ ھازىرچە قېچىپ كېتىپ يوشۇرۇنۇشقا بولىدىغۇ؟... ئۇ، تاپانچىنى رۇجەكتىن تارتىۋالدى. ئىختىيارسىز جۇۋازخانا ئىشىكىگە قەدەم باستى. ئېغىر گۇناھقا پاتقان بولسامۇ، ئاكامنىڭ قېشىغا كىرىپ ئەپۇ سورايمەن. ئەھۋالنى چۈشەندۈرىمەن. بىراۋغا ئىشلىگەن ئادەمنىڭ خوجايىنىنىڭ مەنپەئىتىگە سادىق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن بۇ گۇناھلىق يولغا مېڭىپ قالغانلىقىمنى ئېيتىمەن.

ئاكام مېنى ئەپۇ قىلدۇ. چوقۇم ئەپۇ قىلدۇ، ئاندىن ئىككىمىز قاچىمىز.

— ئۇ، لىتىرىگەن قوللىرى بىلەن قۇلۇپنى ئاچتى. ئۆزىنى جۇۋازخانا ئىچىگە ئالدى. چىراغنى چوخچىيىپ تۇرغان جۇۋازنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ قويدى.

— ئاكا! — ئەكبەرنىڭ ئاغزىدىن چوڭقۇر قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىپادىلەيدىغان سېغىنىشلىق سادا ئېتىلىپ چىقتى.

ئەسىر بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى. كېيىن تىزىمىشىپ ئۆرە بولدى - دە، يىرىقتىن كېلىشكە ئۇيىلىپ تۇرغان گومىنداڭ ئوفىتسېرىگە نەزەر سالدى. دەم ئۆتۈپ ئەسىرنىڭ چىرايىدا غەزەپ - ئۆچمەنلىك ئەكس ئەتتى. ئۇ ئىنىسىنى تونىيالمىغانىدى.

— ئاكا، مېنى تونۇيالمايۋاتامسىز؟ مەن ئەكبەرغۇ، ئالدىڭىزدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىم. شۇ گۇناھىمنى يۇغىلى كەردىم.

— ئۇكام، ئەكبەر، جېنىم ئۇكام!

ئەكبەر باراتنىڭ پۇت - قوللىنى يەشتى.

ئاكا - ئۇكا چىڭ قوچاقلاشتى. ھۆركىرەپ يىغلاشتى.

— ئاكا، قانداقلارچە ئىنلى ئوغرىلىرىنىڭ ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ قالغانسەن؟ ئەتە سېنى پاچىمەلىك ئۆلۈم كۈتىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ئەخمەق، قالايمىقان بىلجىرلىما! بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقلەرنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىدىغان قوشۇن. مەن بۇ قوشۇنغا ئۆلۈمنى بېشىمغا ئېلىپ قويۇپ، ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن قاتناشقان. لېكىن سېنى بۇ ئىپلاس قوشۇنغا قاتنىشىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— راست ئاكا، ئېيتقىنىڭ توغرا، ماڭا قانچىكى نەپرەتلەنسەڭ ھەقلىقسەن.

ئەكبەر ئاكىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ كەسكىن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى ۋە:

— ئاكا، كېيىن مۇڭدىشىۋالارمىز، ھازىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قاچايلى، — دېدى.

شۇ ئەسنادا، قاراۋۇلنىڭ شىپىلداپ كېلىۋاتقان ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى.

— ئاپلا ئاكا، ۋاقىتنى كەتكۈزۈۋېتىپتىمىز ئەمەسمۇ؟ توختاپ تۇر. مەن ئۇنى جايلىۋېتەي، ئاندىن قاچايلى.

ئەمما پۇرسەت بەربېر قولدىن كەتكەندى. قۇۋ دېڭ شىمىن ھېلىقى تېرەك دالدىسىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ ھەممە ئەھۋالنى كۆرۈۋالغان ۋە ئەسكەردىن بىرنى يانداپ، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، سۇ ئېلىپ قايتقانىدى. ئەكبەر لەۋلىرىنى چىشلىدى. ئەمدى يا تاپانچىنى، يا پىچاقنى ئىشقا سېلىشقا مۇمكىنچىلىك قالمىغانىدى.

ئەكبەر چاققانلىق بىلەن ئاكىسىدىن ئاجرالدى - دە، ئىشىك سىرتىغا چىقتى.

— ھەجەپ كېچىكىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئۇ دېڭ شىمىنگە ئالمىيىپ، — ماڭ، ئەكىرىپ بەر!

— ئاشپەز ئۇخلاپ قاپتىكەن، — دەپ غۇدۇردى دېڭ شىمىن.

ئەكبەر جۇۋازخانا يېنىدىن نېرى كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئاپلا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، دېڭ شىمىن دېگەن ئەبلەخ سېزىپ قالغاندەك قىلىدۇ، ئۇنى نان - سۇغا ئەۋەتكۈچە، باشتىلا جايلىۋەتسەم بولغانىكەن. شۇئان ئېسىگە سۇڭ

كتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېڭجاڭ كەلدى. ياق، سۈك يېڭجاڭ ئۇنىڭ مېنىڭ ئاكام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدى. ئەگەر بىلسە، ھەرقانچە باغرى تاش بولسىمۇ، ماڭا قاتتىقلىق قىلماس، كۆرسەتكەن خىزمىتىمنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ، ھېچ بولمىسا ئاكامنىڭ ئۆلۈم گۇناھىدىن كېچەر. ھەر ھالدا سۈك يېڭجاڭمۇ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقاننىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ، ئۇمۇ بىر ئىنسان. ئەكبەرنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ، قونالغۇسىغا قايتتى. ئەگەر ئۇنىماي قويسىچۇ؟ يەنە شۇ پاجىئە، ھەر ھالدا باشقا بىر ئېھتىمالغىمۇ تەييارلىنىپ قويۇش كېرەك. شۇتاپتا ئوتقا دېسەم ئوتقا، سۇغا دېسەم سۇغا كىرىدىغان يىگىرمىدىن ئارتۇق پىداكار يىگىت بار. يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پازىل بەنجاڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، مەرت ئادەم. ئۇنى قوزغىتىپ ئىسيان كۆتۈرسەم ئاكامنى نېمىشقا قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدىكەن، بۇمۇ بىر چارە، ھازىر بېرىپ پازىل بەنجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەي.

ئەكبەر قونالغۇ قىلىنغان ئۆيگە كىردى-دە، قاتلىما كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، ئەسكەرلەر ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. پازىل بەنجاڭمۇ ئۇيقۇغا كەتكەندەك تىنچ ۋە يېنىك پۇشۇلدىماقتا ئىدى. ئەكبەر ئۇزۇنغىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. تۈن نىسپى بولغاندا پازىل بەنجاڭنى يېنىك نوقۇپ:

— پازىل بەنجاڭ، پازىل بەنجاڭ! — دەپ شىۋىرلىدى. پازىل بەنجاڭ ئەكبەر جوۋازخانىغا چىقىپ كەتكەندىلا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر پاراكەندىچىلىك يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەنىدى.

— ھە، نېمە گەپ، ئەكبەر پەيجاڭ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ شىۋىرلاپ تۇرۇپ، — بۈگۈن كۆڭۈللىرى ئارامىدا ئەمەستەك قىلىدۇ، بىرەر ئىش بولدىمۇ نېمە؟

— ھە، شۇنداق بولدى، بېشىمغا قاتتىق كۈن چۈشتى. سىلىدەك ۋاپادار يار-بۇرادەرلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇپتىمەن.

— نېمانچىلا گەپنى ئەگىتىپ يۈرۈلا، — دېدى پازىل بەنجاڭ رەنجىگەندەك قىلىپ، — جېنىمىزغا تىكلەنگەن ئىش بولسىمۇ پىداكارمىز، يىگىتلەرمۇ خاتىرجەمسىزلىكلىرىنى سېزىشىپ مېنىڭدىن سوراشتى. ئۇلار ھەرگىز ئەقىدىلىرىگە ئاسىيلىق قىلىشمايدىغان ئالتۇندەك يىگىتلەر. قېنى ئېيتسىلا، باشلىرىغا كەلگەن كۈن شۇنچىلا ئېغىرمۇ؟

— ھەئە پازىل بەنجاڭ، بەكمۇ ئېغىر، ئاڭلىسىلا چۆچۈپ كېتىدىلا، ھېلىقى ئەسىر مېنىڭ ئاكام ئىكەن، ھازىر كۆرۈشۈپ چىقتىم.

— يا سۇبھانالla، راست دەۋاتاملا بۇ گەپنى... ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ — پازىل بەنجاڭ راستىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئەكبەر ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى پازىل بەنجاڭغا تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى.

پازىل بەنجاڭ بىر ھازا ئويلاپ تۇردى-دە، ئاندىن ئەكبەرنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى.

— پەيجاڭ، سۈك يېڭجاڭغا يېلىنسام ئابرۇيۇم، يۈز خاتىرەم، كۆرسەتكەن تۆھپەم تۈپەيلى ئاكامنىڭ گۇناھىدىن كېچىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىۋاتاملا، مېنىڭچە بۇ ناھايىتى ساددا خىيال، سىلە تېخى سۈك يېڭچاڭنى تولۇق بىلمەيلا، ئۇنى

ماقۇل كەلتۈرىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا
بولارمىكىن.

— نېمە؟ ئۇنىمامسىمۇ؟

— ھەم، مەن سىلىدىنمۇ تارتىشىم
ئۇزۇن كونا ئەسكەرمەن، سۇك يىگىجاكنى
تازا ياخشى بىلىمەن، ئۇنىڭدا ئادەمگەر-
چىلىك دېگەن نەرسە يوق. گېزى كەلسە
مەنسەپ - نەپ ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى
سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

ئەكبەر پازىل بەنجاڭنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— قېنى ماقۇلە، ئەتە جازا ئىجرا
قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىر قېتىم يې-
لىنىپ باقسىلا، ئىنسابقا كېلىپ قالسا تېخى
ياخشى. قانداقلا بولمىسۇن پىلان بويىچە
ئىش قىلىۋەرسىلە. مەن بىزگە سادىق يە-
گىتلەرنى ئىسيانغا قوزغىتىپ تەييارلىق
قىلىپ قويىمەن. ئىش ئەپلەشمىسە، دەر-
ھال قول سالايلى!

— پازىلكا...!

ئەكبەر پازىل بەنجاڭنىڭ قولىنى
مەھكەم سىقتى.

* *

سۇك يىگىجاك تاڭ سۇزۇلۇش بىلەن-
لا نورنىدىن تۇرۇپ، پۇقرالارنى يىغىش
ئۈچۈن كانۋىيىنى كەنت باشلىقىنىڭ
ئالدىغا ئەۋەتتى. جازانىڭ بىخەتەر ئىجرا
قىلىنىشى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپلەرگە
قاراۋۇل قويدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ، تۈنۈ-
گۈن كەچ جەڭ بولغان ياداڭلىق جىلغا
ئىچىدىكى قاغجىراپ كەتكەن بىر شېغىل
تاشلىق مەيدانغا كۆزى چۈشتى. مەيدان-
نىڭ ئۇ چېتىدە، دەل بارات ئەسىرگە
چۈشكەن سوقما تامنىڭ تۈۋىدە يوغان
بىر توپ قاپاق تېرەك شاخلىرىنى كېرىپ،
يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ تۇراتتى.
سۇك يىگىجاڭنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.
ئەسىرنى دەل ئاشۇ تېرەك تۈۋىدە جازا-
لاش كېرەك. ئاھالە ماۋۇ شېغىللىق مەي-
داندا تۇرۇپ كۆرسۇن. ئۇ بۈگۈنكى پە-
لاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشىدى-
غانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغان ھالدا
كەينىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ روھىي - كەيپىياتى
تېتىك ۋە جۇشقۇن ئىدى. ئۇ ئۆلگىرى بۇنداق
ئىشلارنى ئەكبەر ياكى باشقا بىرسى
ئارقىلىق ئورۇنداتقۇزاتتى، بۈگۈن بولسا
ئەكبەرگىمۇ خەۋەر قىلماي، ھەممە ئىشقا
ئۆزى قول سالدى. ئەنە، ئەكبەر چىرايى
تاتارغان ھالدا جىددىي بىر تەلەپپۇ بار-
دەك سۇك يىگىجاك تەرەپكە تېز - تېز
چامداپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ سۇك
يىگىجاڭنىڭ چىرايى تۇتۇلدى - دە، كۆر-
مىگەن بولۇپ يەنە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ
جىلغا تەرەپكە يول ئالدى. قارىغاندا
ئەمدى ئەكبەر بىلەن كۆرۈشۈشنى خالى-
مايۋاتقاندەك ئىدى. دەرۋەقە، كېچىدە
ئۇ ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدى.

سۇك يىگىجاڭنىڭ پىلانىچە، ئەكبەر
بىلەن كۆرۈشىدىغانغا تېخى ۋاقىت بار
ئىدى. پۇقرالار تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى.
پۇقرالار يىغىلمىسا، جازانى ئىجرا قىلغان-
نىڭ ھېچ ئەھمىيىتى بولمايتتى.

ئەكبەر سۇك يىگىجاڭنىڭ ئۆزىنى
كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈر-
گەنلىكىنى، قاراۋۇللارنىمۇ بەلگىلەپ بول-
غانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشتا غەلىتىلىك
بارلىقىنى سەزدى - دە، ھۇدۇقۇشقا، يۈرى-
كى بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئەكبەر
ئىچىگە يوشۇرغان گىرانات ۋە تاپانچىسى-

نى سىيلاپ قويدى. ئۇ ھەرخىل ئېھتىماللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىچىگە قورال يوشۇرغانىدى. ئۇ، ئاخشامقى پىلان بويىچە ئەتىگەندىلا سۈك يىڭجاڭنىڭ ئىلتىپاتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سۈك يىڭجاڭنىڭ قونالغۇسىغا كەلگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئەتىگەن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئىزمۇئىز قوغلىشىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى.

ئەكبەر كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا جىلغا ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئاخشامقى قاراۋۇل مەلۇمات بېرىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى باشتىلا ئۇچۇقتۇرۇۋېتىدىغان ئىش ئىكەن، خەير! بىر يېلىنىپ باقاي، بولمىغاندا ئىككىنچى پىلان بويىچە...

شېغىل تاشلارنىڭ شىرىقلاشلىرىدىن ئەكبەرنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن سۈك يىڭجاڭ ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلدى.

— ھە، ئەكبەر پەيجاڭ، بۇ يەرنى جازا مەيدانى قىلساق بولارمۇ؟

— بولىدىكەن، بولىدىكەن، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى ئەكبەر ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالدىن سەل مەڭدەپ قېلىپ.

— ئانداق بولسا سىز دەرھال كەنت باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىپ، پۇقرالارنى بۇ يەرگە تېزرەك يىغىپ ئەپكېلىشكە ئالدىراڭ. بايىلا ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، شۇ چاققىچە خەۋەر يوق.

— سۈك يىڭجاڭ، سىزگە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

— توختاڭ ئىنىم، ھازىر ۋاقىت قىس، بۇ ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن بىمالال سۆزلىشىۋالىمىز. قېنى، يۈرۈڭ!

— سۈك يىڭجاڭ، ۋاقىت ھەرقانچە زىچ بولسىمۇ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىشىڭىزنى سورايمەن. سىزدىن ئۆتۈنۈپ،..

— بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭ!

ئەكبەر سۈك يىڭجاڭنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىلاجىسىز جىلغا ئىچىدىن چىقىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، كەنت ئىچىگە چېپىپ كەتتى. سۈك يىڭجاڭمۇ پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسىرنى يالاپ ئەچىقتۇردى ـ دە، كالتە ئېشتاندىن باشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ يالىڭاچلاپ، ھېلىقى تېرەكنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى.

مانا، كۈنمۇ نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ، پۇقرالار بىردىن ـ ئىككىدىن مەيدانغا يىغىلىشقا باشلىدى. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەنىدى.

ئەكبەر قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. ئىشنىڭ خەتەرلىك باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. پازىل بەنجاڭنىڭ گېپى راست بولۇپ چىقتى. سۈك دېگەن بۇ ئىپلاس راستىنىلا قارا يۈرەك، يۈزسىز ئىكەن. غەزەپلەنگەن ئەكبەر ئاتتىن چاققانلىق بىلەن چۈشتى ـ دە، يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى سۈك يىڭجاڭنىڭ ئالدىدا دىققەتتە تۇردى.

— سۈك يىڭجاڭ، مېنىڭ دادىمغا يېتىمىڭ. ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاڭ! ئۇ مېنىڭ...

— گېپىڭىزنى توختىتىڭ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى سۈك يىڭجاڭ ئەكبەرگە ئالىيىپ، — بۈگۈنكى جاللاتلىقنى سىز قىلىسىز! قېنى بۇيرۇقنى ئورۇنداڭ!

— نېمە؟ — ئەكبەرنىڭ كاللىسى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ، سۈك يىڭجاڭنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئىپلاسلىقنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قاتارلىق قەبىھ ئىشنى ئۆزىگە قىلدۇرغۇزىدىغانلىقىنى زادى كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— بىلمەيمىز، — دېدى ئۇ غەزەپ

بىلەن، — ئۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ!

— بىلمەيمەن، — دېدى سۆك يېڭجاڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ، — شۇڭا سىزنى جاللاتلىقتا بۇيرۇۋاتىمەن!

— مەن تېخى سىزدىن ئاكامنىڭ ئۆلۈم گۇناھىنى تىلىۋالاي دېگەنىدىم، سىزدە ئىنساپ، ئادىمىگەرچىلىك دېگەن نەرسە يوقمۇ؟ سىز ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىنگو پەرقە ئارمىيىسى ئۈچۈن جاندىن كېچىپ ئوتقا، سۇغا كىردىم. قىلچىلىك يۈز-خاتىرە دېگەن نەرسە يوقمۇ؟

— ھا ... ھا ... ھا...! — سۆك يېڭجاڭ ئەلەمدىن تىت-تىت بولۇۋاتقان ئەكبەرگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىۋاتاتتى، — ئەخمەق، چۈشەكەپ يۈرۈپسەن، ئەسىرگە چۈشكەن بىر مۇناپىققا ھامىي بولۇپ، ئاكام دەپ ئىچ ئاغرىتىۋاتىسەن، قېنى سېنىڭ پەرقە دۆلەت ئالدىدىكى ساداقىتىڭ؟! قېنى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلامسەن-يوق؟ بولمىسا سەنمۇ دۈشمەن قاتارىدا ئاكاڭ كۆرىدىغان قىسمەتكە دۇچار بولىسەن!

بولۇۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ تېگىنى چۈشىنىشكە باشلىغان جامائەت ۋە ئەسكەرلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى.

— تۈفى! — ئەكبەر سۆك يېڭجاڭنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈردى. — سېنىڭ ئىككى يۈزلۈك ئىپلاس قىياپىتىڭ خەلقى-ئالەم ئالدىدا ئاشكارە بولدىغۇ! كۆرەلمەي كەتمە، سەندەك قارا يۈرەك ئەپيۈنكەش بەڭگىگە ئۇنداق ئاسانلىقچە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان باش يوق! مانا ئەمىسە!

ئۇ چەبدەسلىك بىلەن قورالغا قول ئۇزارتىۋىدى، شۇنداق بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ھوشيار تۇرغان سۆك يېڭجاڭ ئۇنىڭدىن چاققان كېلىپ تاپانچىنى چىقاردى. شۇ پەيتتە ئۇدۇلدىكى يار تەرەپتىن ۋاڭ قىلىپ ئېتىلغان بىر پاي ئوق سۆك يېڭجاڭنىڭ دەل يۈرىكىگە تەگدى. ئۇ يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلغىنىچە قىمىرلىماي جان بەردى. كەينىدىنلا يەنە بىر قانچە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سۆك يېڭجاڭنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرقانچىسى يىقىلدى. پۇقرالار ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدە پاتپاراقچىلىق باشلاندى. ئەكبەر قولىغا تاپانچىنى ئېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ بىرقانچە پاي ئوق ئۈزدى-دە، ئادەملەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋارقىرىدى:

— جامائەت، قورقماڭلار! ھېچ ئىش يوق! ئۆيۆڭلەرگە قايتساڭلار بولىدۇ. ئەسكەرلەر، دەرھال قوراللىرىڭلارنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ تىزىلىڭلار! قاچقانلار، قارشىلىق قىلغانلار جازالىنىدۇ!

پۇقرالار تىنچلىنىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئەسكەرلەر بەلگىلەنگەن يەرگە قوراللىرىنى تاشلىشىپ، تىزىلىشتى. ۋەزىيەت تىنچىغاندىن كېيىن، ئەكبەر ئاكىسىنى يېشىپ كېيىندۈردى. ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئەسكەرلەرگە شۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار، مەن ئاكامنى ئېلىپ ئىلى مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوشۇلىمەن. ھەق يولنى ئىزدىگۈچىلەر ئارقامدىن مېڭىڭلار! خالىمىغانلار، مەيلى ئاقسۇ قىسىم شتابىغا كېتەمسىلەر ياكى يۇرتۇڭلارغا كېتەمسىلەر، ئىختىيارىڭلار. ھەممە ئوق-دورا، ئات-ئۇلاق، ئاش-ئوزۇقلارنى بىز ئېلىپ كېتىمىز. قىسىمغا ياكى باشقا ياققا كەتكۈچىلەرگە ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ! قېنى، تېزرەك بولۇڭلار! — ئۈچ-تۆت ئەسكەر قايتىدىغان بولۇپ ئاجرالدى. قالغان

(ئاخىرى 160 - بەتتە)



# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## ئەقتىدارلىق يازغۇچى ئابلىمىت سابىر



ئابلىمىت سابىر 1938-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەشمەكار كوچىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1945-يىلدىن 1951-يىلغىچە قەشقەر نوبېشى باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1951-يىلدىن 1956-يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تولۇقسىز ھەم تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇدى. 1956-يىلدىن 1957-يىلغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1957-يىلدىن 1958-يىلغىچە قەشقەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1958-يىلدىن 1959-يىلغىچە يېڭىسار ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1959-يىلدىن 1971-يىلغىچە يېڭىسار ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1971-يىلدىن 1972-يىلغىچە يېڭىسار ئەگۈس ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1972-يىلدىن 1973-يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدە، 1973-يىلدىن 1988-يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1988-يىلدىن ئېتىبارەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى. ئابلىمىت سابىرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشى 1954-يىلى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تولۇق 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا پەيدا بولدى. ئۇ يېزىقچىلىقنى كۈندىلىك ئىشلاردىن خاتىرە قالدۇرۇش، تەسىرلىك ئىشلارنى تەسۋىرلەشتىن باشلىدى.

ئابلىمىت سابىر 1955-يىلى «ياغاچ ئېشەكنىڭ نالىسى» ناملىق تۇنجى ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. بۇ فېليەتون مەكتەپنىڭ ئەدەبىي ژۇرنىلىغا بېسىلغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ساۋاقداشلىرىنىڭ قوللىشى ئابلىمىت سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ «كېيىنكى پۇشايمان»، «دوستۇمدىن كەلگەن خەت» قاتارلىق ھېكايىلىرى «قەشقەر گېزىتى»دە كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىندى.

ئابلىمىت سابىرنىڭ ھازىرغىچە 510 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «بەخت» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1960 - يىللىق 12 - سانىغا بېسىلغاندىن كېيىن، خەنزۇ، چاۋشەن، رۇس، ئىنگلىز، ياپون تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. «ئۇنىڭ ماكانى» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شاڭگاڭ رايونىدا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، غەربىي گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ھەرخىل تىللاردا بېسىلدى. 10 پارچە ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللىي يازغۇچىلار»، «يىپەك يولى»، «تىيانشان»، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى ياكى ھېكايە توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. «1 - قېتىملىق ئىش ھەققى»، «مومايىنىڭ يولدىكى ھەمراھى»، «ئائىلە يوقلاش» قاتارلىق 3 پارچە ھېكايىسى مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. «شوپۇرلار مۇسابىقىسى» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «باھاردىن كېيىن» ناملىق ھېكايىسى 1983 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 6 پارچە ھېكايىسى توپلاملارغا تاللاندى. 1982 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بىخ» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، 1985 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «نوتا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

«بەخت»، «دەرۋازىۋەن»، «ئۇنىڭ ماكانى» قاتارلىق ھېكايىلار يازغۇچى ئابلىمىت سابىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى نامايىش قىلىدۇ. يازغۇچى «ئۇنىڭ ماكانى» ناملىق ھېكايىسىدا ئەينى يىللاردىكى رېئاللىقنىڭ جان ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ ھەم نازۇك تەرەپلىرىگە دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، تۇرسۇن ئوبرازى ئارقىلىق «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن چەكسىز زۇلۇمىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. شۇڭلاشقا خەلقىمىز 80 - يىللارنىڭ بېشىدا دۇنياغا كەلگەن بۇ ئەسەرنى بەس - بەس بىلەن ئوقۇپ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ: «ھېكايىدا كۆڭلىمىزدىكى گەپلەر ئېيتىلىپتۇ» دېيىشتى ھەمدە يازغۇچىنىڭ دادىللىقىغا، راستچىللىقىغا ۋە ماھارىتىگە قايىل بولۇشتى.

ئابلىمىت سابىر قاتتىق تەلەپچان يازغۇچى بولۇپ، تېخى ئېچىلمىغان تېمىلار ئۈستىدە دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھېكايىلىرى مۇستەقىل پىكىر قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجادىي ئىزدىنىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

ئابلىمىت سابىر ھېكايىلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم ھەم ئىخچام، ۋەقە، تەپسىلاتلىرى جانلىق، زىددىيەت، توقۇنۇشلىرى گەۋدىلىك، تىلى راۋان ھەم ئوبرازلىق بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي دىتىنى نامايان


قىلىدۇ.

لېكىن بۇ كەمتەر يازغۇچى ئىجادىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان چاغلاردىمۇ زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. ھېكايىلىرىنى زېرىكمەي، ھورۇنلۇق قىلماي، ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا-قايتا تۈزىتىپ، پىششىق تاۋلايدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ھەققىدە ئاممىدىن ھەر دائىم پىكىر ئالىدۇ، ئەسەر ئورىگىنالىنى ئۇلارغا كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاپ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك پىكىر، تەلەپلىرىنى كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە ئەينەك ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا كىتابخانلار ئۇنىڭ «بەخت»، «قوشماقلار»، «ئۈزۈك ئالماشتۇرۇلغاندا»، «ھەسرەت»، «باغلىنىش» قاتارلىق 5 پارچە ھېكايىسى ئۈستىدىن ئوبزور يېزىپ، ئابلىمىت سابىر ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قىزغىنلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۇنىڭ «بەخت» ناملىق ھېكايىسى توغرىسىدا 1960-يىلى يېزىلغان 3 پارچە ئوبزوردا يازغۇچىنىڭ باقى ئاكام ئوبرازى ئارقىلىق كوللېكتىپنى، كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكىنى جانپىدالىق بىلەن قوغدايدىغان روھنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇلغان ھەمدە بۇ ھېكايە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى ئادەم ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان تۇنجى ئەسەر» دەپ قارالغانىدى.

ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئابلىمىت سابىر ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

مەسئۇل تەھرىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



پەرھات ئىلياس

# بەخت ئىزدەپ

## بەخت ئىزدەپ

بەخت ئىزدەپ
كىردىم ئۇۋىسىغا قۇشقاچلارنىڭ
ئۇچۇپ چىقتىم بولۇپ ئۇچۇرما.
كىردىم كاچكۇللاردىن دېڭىزلارغا،
بېلىقلار بىلەن
سۆزلەشتىم چۇچۇك تىلدا.

بەخت ئىزدەپ
قونۇپ يۈردۈم گۈلدىن ـ گۈللەرگە
ئوخشاپ كېپىنەكلەرگە.
ئۈندۈم شاخلاردىن بىخ بولۇپ،
كۈزدە
غازاڭ بولۇپ تۆكۈلدۈم يەرگە.

بەخت ئىزدەپ
بولدۇم خىيالچان ئاي،
ئۆتتى ئەسىرلەر كۈتۈپ ئىچىدە.
بۇلبۇل بولۇپ سايراپمۇ باقتىم،
ئېچىلسا بەختىم
غەرق بولدۇم ئۇيقۇ ئىچىگە.

بەخت ئىزدەپ
ئاۋارىمەن بەخت ئىچىدە.

ئاشۇ بىر قەدەم...
سۆزلىشىپقۇ باقمىدۇق ئەسلا
سۆيگۈ ھەققىدە،
ئەمما
شۇنچە مۇشكۇل ئايرىلىش بىزگە.

ھايات نېمە؟ كېلەچەك نېمە؟
ھەر كۆڭۈلدە ئۆزگە بىر دۇنيا.
بىلىشىمىز، شۇندىمۇ ھېسلار
ئايرىلمايدۇ جۈپ قوزىدەكلا.
كۆرۈشىمىز كۈندە نەچچە رەت،
ئۆكسۈمەيدۇ خۇش پاراڭ ـ سۆھبەت.
سۆيگۈ ئىزدەپ بېقىشار كۆزلەر.
ئۇنتۇرىمىزدا
قالغانىدى بىر قەدەم پەقەت.
شۇنچە يېقىن ئاشۇ بىر قەدەم،
شۇنچە يىراق ئاشۇ بىر قەدەم.
تەگرى سۆيەت مۇقەددەس تۇگەل،
ئېتىقادتەك يارقىن ھەم گۈزەل.
ئىنتىلىمىز، باسالمايمىز ھېچ،
ئۇنتۇرىمىزدا
پەقەت ئاشۇ، ئاشۇ بىر قەدەم...

### سەبىي بەختباشلىق

سەن ئاي ئىدىڭ بۇلاقتىكى...
ئاستاغىنە
ئېگىلىشتىم سۆيمەككە سېنى،
تەككىنىدە لېۋىڭگە لېۋىم،
چۆچۈپ كەتتىڭ.
تاشلاپ قويۇپ چۈشلىرىڭنى
چىقىۋالدىڭ بوشلۇققا.
بۇلۇتلاردا يېپيېپ يۈزۈڭنى،
خىجىللىقتا باقمايسەن پەسكە،
مەن ئولتۇرۇپ بۇلاق تۈۋىدە
تەلمۈرگەنچە قارايمەن كۆككە.

### ناۋايى

ئەمەسسەن قىزىلگۈل باھاردىكى،
يالپۇز ئىدىڭ مۇز تېگىدىكى،
ئەمەسسەن دىللارغا ئەللەيچى ئاپتاپ،
سەن غازاڭ تۈۋىگە كۆمۈلگەن ئازاب.

### مەن، سەن، ئۇ

شىۋىرغان
چالسا دەريانى كۆمۈش نەي قىلىپ،
كىم ئۇ كاچكۇللاردىن
ئۇنۇپ چىققان يېشىل ئاھاڭ بوپ؟
شۇرمەللەر
ئېلىپ ماڭسا كۆمۈش چۈشلەرنى،
كىم ئۇ ساھىللاردا
كۆزلىرىگە قالغان ياش تولۇپ؟
زارىقاندا يۈز ئاچسا باھار،
كىم ئۇ يەنە زېمىستاننى
سېغىنغانچە قالغان ئويلۇنۇپ؟

### كۆرۈشمەيلى

قوش مېغىزدەك ئايرىلماس ئىدۇق،
ئايرىۋەتتى مۇھەببەت بىزنى.
سەن سۇ،
مەن ئوت.
كۆزلىرىمىز ئۇچراشسا ئەگەر،
ئازاب كۆكىدە ئەگىيدۇ بۇلۇت.

كۆرۈشسەكلا باشلىنار ئاياز،
كۆرۈشمىسەك
كۆڭۈللەردە ياشنايدۇ باھار.

### سەھەر

ئېگىزلىكنى تىرەپ تەكچىگە
تۇرار ئۈمىدىم
ئاڭلىنىدۇ دېرىزىدىن،
ئۆكسۈشلىرى يوپۇرماقنىڭ،
ياشلىرىغا كۆمۈلگەن سەھەر...

ئېگىزلىكنى تىرەپ تەكچىگە
تۇرار ئۈمىدىم.
سۈپسۈزۈك ياش ئىچىدىن،
بالقىپ چىقار يۈرەك رەڭ قۇياش.

**دىلشات ساھىت**

## شېئرلار

### يەر شارىدا ياڭرار ئاشۇ ئۈن

ئەينەكتىكى قۇياشقا قاراپ،
چەمبەر بۇزۇپ ياڭرار مۇزىكا.

-

چاقماق سوقۇپ ئاقسىغان دالا،
ئېيتار مۇڭلۇق سۈزۈك لىرىكا.

بىر مۈڭگۈزى يوقالغان كالا،
تۇرار كېلىپ ئېغىل تۈۋىدە.
جىمجىتلىقنى سۆيۈپ ياتقان يەر
يېشىنمەكتە پەرى كۈيىدىن.

يەر كۆزىدە ئاپئاق ئۇستىخان،
(تېررىسىنى تاشلىغان پۈتۈن).
ئۇ ئەزەلدىن پاك دەيدۇ قۇشلار،
يەر شاردا ياڭرار ئاشۇ ئۈن.

## رەڭسىز چۆش

دۈم ئۆرۈلۈپ تۇرار رەڭسىز چۆش،
شامال دەسسەش ئۈچۈن ھەركەتتە.
قۇرۇپ قالغان دەرەخ ئۇچلىرى
كۆز قىسىدۇ، يۈرەك سۆلەتتە؛
پىرقىرايدۇ ھېمىشەم ھاۋا،
تاش چوكىيىپ قالغانمۇ ئۆتە؟

## پاتقاقتىكى سۈرەت

نېپىز سۇدا بىر قەددىمىي ئىز،
پاتقاقلىرى ساقلانغان خىرە.
بەش بارماقنىڭ سايىسى چۈشكەن،
مۈكچەيمىگەن، گەۋدىسى ئۆرە.

نۇر چاقنىغان ئىلاھ چىرايلار،
كۈلۈمسىرەپ قېتىپلا قالغان.
بىر غايىۋى شولا يۈزىدە
شامالالارغا بولماقتا قالقان.

## داغ ئۈستىگە چېكىلگەن خىيال

سۇنۇق شامال (ئۇنى قول كەسكەن)،
لەۋ سۈرۈدۇ شىر تەنلىك ئادەم.
ئېرىق توقۇپ لەتىپىلەرنى،
ئاپئاق چېچەك تۇتماقتا ماتەم.

قويۇق ئورمان قۇچاقلىيالماي،
باغلىقى يوق يۈرەر قوتازلار.
يەر شارىنىڭ چېكىلىرىدە
داۋام قىلار ئۆزگىچە سازلار...

## سۇ ئىچىدىن چىقىپ قالغان تاش

تۈن ئىچىدىن چىقىپ بىر چېقىن،
يوقاپ كەتتى نۇر توپلىرىدا.
ئۇ ساكىمۇ، ماكىمۇ يېقىن،
سايىسى بار دىل ئوقلىرىدا.

ئاسمان سۆيەر قولۇم تاجىغا،
كۆزلىرىدە مورگان سۈرىتى.
تەتۈر خىيال ئويچان تاغىغا
تۇمان بولۇپ كەلگەن دۈرۈتى.

سۇ ئىچىدىن چىقىپ قالغان تاش،
سۇدا تۇرۇپ كۆرەلمەس بېلىق.
بىزنىڭ ھەممە ئۇنىڭ ھاياتى،
ئۆتەر يەنە شۇنچىلىك سىلىق...

## ناتىۋان قىز

تاشپاقىنىڭ قېپىغا سالار
يۈرىكىمنى ناتىۋان بىر قىز.
سۆيگۈ كۈلۈپ چۈشۈرگەن داغلار
ئېرىتەلمەي، قاتۇردى قىممىز.

شارقىراتما ئاھاڭلىرىغا
ئۇچار تەخسە سالماقتا سامى.
يەر شارىنىڭ «ساراڭلىرىغا»،
قاچان يېتىپ ئاشەركەن ھاۋا؟

## گىگانت ھەيكەل

مەست سۇغا پەشۋانى تەڭلەيدۇ ھەيكەل،
بوينىدىن باغلاقلىق تانا گۆدەكتە.
خۇشلۇقى تۇتقاندەك ئېيتماقتا تاخشا
چۈمۈلە سانايدۇ تۇرۇپ كۆتەكتە؛
ئاسماننىڭ يامغۇرى تۆكۈلدى قايتا،
يۈزلەرگە تەگكىنى بەش ياكى يەتتە.
يا تۇغقان ئەمەسمىز بۇلۇتسىز تاغدا،

ئۇۋچىلار ئوۋلىشار قالغاندەك دەرتكە؟!
يۇلتۇزلار توپىدەك ئىنسانلار مىغ - مىغ،
پال سېلىپ يۈرمەكتە ئولىشىپ قەرتكە...

ئۇيغا قايسى تەگرىكەن ھەمراھ
بۇ تاماكا، ئاشۇ بىر هاراق...
غەم ۋە شادلىق ئارىلاش، ئاھ دەريا!

ئۆمۈچۈكنىڭ توردا سوراق،
ئۇيغا قايسى تەگرىكىن ھەمراھ؟!

مەشئەلىنى كۆتۈرۈپ يۈرەر،
زۇلۇمنى سىزغان چوغلانغان ھەمراھ؛
بىر ئىزىدا غىچىرلاپ كۈلەر
كەڭ دالىنىڭ كۆكسىدە ھارۋا...

مۇتەللىپ خۇرسەندى

## چاقىرىدۇ يوللار قەلبىمنى

### مەن يەنە ئېيتىمەن ياڭراق ناخشىلار

تىڭىرقىما ئەي يوللار سۈكۈتلىرىڭدىن،
ئۇ كەبى جەڭگىۋار ئەمەستۇر چۇقان.
بىلسەڭ ئېيپ كەلمەس ئۆمرۈمگە ئۇيات،
ئۆزۈمگە تەئەللۇق ئۆتمۈش ۋە ئىمكان.

خىيالىي چۈشلەردىن ئىزدەپ ئاسايىش،
بولغانماس روھىمنىڭ دۇنياسى ئەبەت.
مەن يەنە ئېيتىمەن ياڭراق ناخشىلار،
ئاداققى تىنىقىم قالغىچە پەقەت.

### دۇنيانى قىزغانما...
(ئابدۇللا ئارىپوۋغا تەقلىد)

دۇنيانى قىزغانما مەندىن، ئەزىزىم،
تەشنىسۇن باغرىڭنى بولۇپ ئۇ خەنجەر.
جان بەرگەن تۇپراققا بار تالاي قەرزىم،
نە كېرەك بىھۇدە يۇتماقلىق زەھەر؟!...

دۇنيانى قىزغانما مەندىن، ئەزىزىم،
كىشلەردىن قالمىغان بۇ كۆزەك ھايات.
يار ئەمەس مەڭگۈلۈك بەختكە ھېچكىم،
ئۆزگىنىڭ شورىغا كۈلمەكلىك ئۇيات.

دۇنيانى قىزغانما مەندىن ئەزىزىم،
ئىشىمغا ئاسانلىق تىلىمەيمۇ كەت.
ھەر ئادەم ئۆزىنى توغرا دەر بەلكىم،
نۇقسانىنى ئىزدەپلا ئۆزگىدىن پەقەت.

### ياشلىقتىكى مۇھەببىتىمگە

ناخشىلار ئېيتىمىدىم شەنىڭگە، يەنە،
رەنجىمە، ئۆتمۈشنى سېغىنمايدۇ دەپ.
ئۆمىدسىز ئويلارغا بەرمىگىن قانات،
قۇلۇلە قېپىدا بىجىرىم سەدەپ.

كىم دەيدۇ تۇرمۇشنى شۇنداق مۇكەممەل،
ئارمانلار يولىدا ئۆرتىنەر يۈرەك.
تۇرمۇشنى قانچىلىك باسساڭ باغرىڭغا،
باسىدۇ جېنىڭنى شۇنچىلىك تىترەك.

مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكتۇر،
ئۆزۈڭنى قەدىرلەپ سۆيەلمىگىنىم.
چۈشەنگىن ئۇنتۇلۇپ كەتكىنىم ئەمەس،
كۆزۈڭگە تىكىلىپ ئۇنىزت دېگىنىم.

### يەرنىڭ شائىرغا ئېيتقىنى

بەر مەيلى مەن ئۈچۈن ھەر قانداق ئۇقۇم
ئەسلىدىن مۇكەممەل شېئىردۇر تۇرقۇم.

### ...گە

ئۆتمۈشۈمنى تاشلاپ بېرىپ بەختىڭگە،
«تېپىشماقنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ ھەم» ①
كېتەر بولدۇم ئۇزاقلارغا مەلەگىدىن،
بەرباد بولغاچ ئىشتىياقىم ئەقىدەم.

چۈشەندۈرمە، ئۇقۇشماسلىق ئەمەس بۇ،
رەڭگى ئوخشاش ئالتۇن بىلەن سامانىنىڭ،

① بۇ مىسرا بايروننىڭ.

قالارسەن ھەم قەدرىمگە يېتىپمۇ،
چۈشۈپ بىر كۈن ئالقىنىغا يامانىنىڭ.

### بىر شائىرەگە

كېزىپ يۈرەر يۇدۇپ باھارنى،
قەلبىڭىزدە گۈللىگەن ئارمان.
ئاپتاپ كەبى چېچەكلار تەكشى،
روھىڭىزدىن روھلارغا دەرمان.

كۆزىڭىزدە جىلۋىدار ئۇچقۇق،
يوللار سىزدىن تىلەيدۇ سۈبات.
زېمىنىڭىزنىڭ چېقىنلىرىدا،
ناپاك، مەشئۇم ئارزۇلار بەربات.

### بالىلىق

كۆڭۈللەرگە بېرىسەن شادلىق،
يازنىڭ يۇمشاق سەلكىنى ئوخشاش.
قارىشىڭدا شەبنەمدەك پاكلىق،
سۆزلىرىڭدە چۈچۈك يېتىرقاش.

لەۋلەر كۆپتۇر سۆيەرگە سېنى،
قەدىمىڭگە تىلەپ ئاق يوللار.
بەختىڭ ئۈچۈن بەرمەك ھەممىنى،
ئانا ئۈچۈن چەكسىز ئىپتىخار.

### ئادەمەن...

ئادەمەن ئارزۇ ۋە ئارمانلارغا باي،
چېچەكلەرگە، كۆز يەتمەس يوللارغا شەيدا.

باقىنى ئەللەرنىڭ شۇدۇر خۇش چىراي
ئىزىمدا بىر چېچەك بولسىلا پەيدا.

ئادەمەن يەڭگۈچى ھېسلارغا تولغان،
ئازادتۇر ئالتۇندىن، شۆھرەتتىن ئېگىم.
ئالالماس ئەقلىمنى ھىيلە ۋە يالغان،
چىرايلىق ئوبرازغا ئىگە ھەر تېگىم.

ئۆزگىلەر بەختىگە قىزارسا كۆزۈم،
خەنجەر بوپ كۆكسۈمگە قادالسۇن نەپرەت.
كۆرۈمگە ئوت كەتسۇن قارىداپ يۈزۈم،
تىلىسەم مۈشكۈلگە بوي بېرىپ شەپقەت.

مۇھەببەت كۆكۈمدە قۇياشتۇر پارلاق،
دوستلارنىڭ لېۋىدىن قايتقان تەبەسسۇم.
سالامغا نىلۇپەر گۈللىرىدەك ئاق،
سالىمىم بار رايىش، قىزغىن ۋە مەسۇم.

تىنجىتماس قەلبىمنى يىللارنىڭ قەرزى،
سۆكۈتلەر ئىچىدە بار ئۆلمەس ناخشام.
يولۋاسقا بوي بەرمەس ياشلىقنىڭ ئەرزى،
ئىجاد ۋە مېھنەتتە ئۆتكەن ھەر ئاخشام.

ئادەمەن ئىپتىخار ماڭا ئادەملىك،
ماتەمدۇر ماڭا خاس خىسلەتنى بۇلغاش.
يۈرىكىم مىسالى كۆز يەتمەس كەڭلىك،
بار ئۇندا زۇلپىقار،
بار ئۇندا قۇياش.

ئىلھام ئاتاۋۇللا

## ئىككى شېئىر

### گۈل

خۇش پۇراققا تولدۇرۇپ دىلنى
ھەر سەھەردە چېچەك ئاچار گۈل.
مەپتۇن قىلىپ ھۆسنى يۈرەكنى
ئەتراپلارغا ئىپار چاچار گۈل.

بۇلبۇل گۈلنىڭ ئىشقىدا شۇڭا
ئېيتار غەزەل تۈن ۋە باھاردا.
گۈل - گۈلستان بولۇر يۇرتىمىز
ھۆر پەسىللەر تاجى باھاردا.

قۇچاقلىغان گۈلنى ئانا يەر
گۈل ئېچىلسا ياشنار چىمەنزار.
گۈل بولسىدى گەر بارچە يۈرەك
ئېخ ئاشۇ چاغ ئارزۇيۇم قانار.

گۈزەللىكنى سۆيمەس ئىنسان يوق،
گۈزەللىكنىڭ سىمۋولىدۇر گۈل.
بېغىشلار ئۇ جانغا شېرىن ھېس
گۈزەللىككە تۇتاش پاك كۆڭۈل.

ھالال مېھنەت مەھسۇلىدۇر گۈل
ئاڭا شەيدا ئوغۇلمەن ئۆزۈم.

نىياز ئىمىن قۇربانى

گۈلگە ئوخشاش غۇبارسىز قەلبىم
گۈزەللىككە تەلپۈنەر ھەردەم.

ئەلتىجا

ئادەمدە بىر نىشان بولغىنى ياخشى

نىشانسىز ئادەمدۇر پالاقسىز كېمە.
ھايات ئۇ مىسالى كەڭرى بىر دېڭىز،
كېمىسىز دېڭىزدىن ئۆتمەن دېمە.
ساھىلغا چىقىشچۈن كۈرەش ھەر مىنۇت
ئۈمىدنى قانات قىل ئەمگەكنى شەمشەر.
ھەر قانداق مۇشكۈلات ئېگەر ساڭا باش،
جاپادىن قورقمىساڭ بولساڭلا قەيسەر.

## ئىككى شېئىر

### باغراش كۆلى

چايقىلىسەن داۋالغۇپ شۇنچە،
مەقسىتىڭنى ئىزھار ئېتەلمەي.
شاۋقۇنىڭغا جور بولاي دېدىم،
ساھىلىڭدىن ئەگىپ كېتەلمەي
.................

### كورلا قىزىغا

ئۆرتەندى يۈرەك - قەلبىم،
ھىجرىڭدىن - پىراقىڭدىن.

ئەركىن مۇھەممەت

ئايرىلدى، كۆزۈم جانان
شەمئى نۇر - چىراغىڭدىن.

سەن كەلسەڭ خىيالىمغا،
ماڭسام يول تاپالمايمەن.
ئاخشىمى چېكىپ پەرياد
تولغىنىپ ياتالمايمەن.

بۇ چەكلىك ھاياتىمدا،
ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ؟
يا بىستاپ بولۇپ مەڭگۈ،
ئارماندا كېتەرمەنمۇ؟

## ساھىلدىكى مىسكىن تۇيغۇلار

### سۆيگۈ

ياشاندۇرۇپ قىزنى ئانىسى،
سۆيۈپ قويدى ئانار مەڭزىگە.
شۇئان قىزنىڭ ئوت ئالدى يۈزى،
كەلدى بولغاي بىر ئىش كۆڭلىگە.
شوخلۇق قىلىپ سۆيدى ئۇمۇ ھەم،
ئانىسىنى، كەتتى سەيلىگە...
ئاھ! مۇشۇنداق دۇنيا ئىكەن بۇ،
ياش قەلبلەر مۇشتاق سۆيگۈگە.

### سىنىڭ ناخشاڭ

ياز تۈنى، يالغۇزلۇق ئاسمان گۈمبىزى
ئەسلىتەر گۈلزارلىق باغنى شۇ سائەت.
مۇڭداش بوپ دەرياغا خىياللار ئارا،
ئۇلغىيار قەلبىمدە سۆيگۈ - ھارارەت.
قەلبىمنى بەرگەنتىم بىر ساڭا جانان،
پاك سۆيگۈ قەسرىدە ئۇچرىتىپ سېنى.
نىچۈنكى كەتتىڭسەن يىراققا ئۇچۇپ،
شۇ دەريا لېۋىدە قالدۇرۇپ مېنى.
ئىزدەيمەن دەريانىڭ - ساھىللىرىدىن،
كۆرۈنۈپ قالارمۇ دەپ يەنە قارىڭ.
دەرياغا دىل يېقىپ تۈنەيمەن بەزەن،
دەريالار شاۋقۇنى ـــ ئۇ سىنىڭ ناخشاڭ.

# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئابدۇللا مەتقۇربان

## «قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مەن بۇ ماقالەمدە يازغۇچى توختى ئايۇپنىڭ «قۇم باسقان دېڭىز» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 8-، 9-، 10-سانلىرىغا بېسىلغان) پوۋېستىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالەت تەسۋىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە يېشىمى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمەن.

بىز بۇ پوۋېستنى ئاۋادا جانلىق بىر مەۋجۇداتقا ئوخشاتساق، ئەمدى ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىپ تۇرغان نەرسە ئەسەردە باشتىن-ئاخىر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شەخسلەرنىڭ روھىي ھالەت تەسۋىرى، بىرقەدەر چوڭقۇر قېزىلغان باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنيادىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي ۋە ئاخىرقى مەقسىتى، ئۆزگەرمەس ئوبيېكتى ھېسابلىنىدىغان ئادەم قانداقتۇر بەلگىلىك ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا ئادەم ياكى ھازىرقى زامان ئىلمىي فانتازىيىلىرىدە دائىم ئېيتىلىدىغان يەر شارىغا باشقا پىلانېتلاردىن كەلگەن سىرلىق «ئادەم»لەر ئەمەس، بەلكى بەلگىلىك ماكان، زاماندا ياشايدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان، بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك ئېھتىياجغا ئىگە ئادەم، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇغۇلۇش، كۆپىيىش، ھەر خىل ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ھاياتنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۆلۈش ئېھتىياجىغا، شۇنداقلا يەنە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەۋەلىكى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىقتىسادىي، سىنىپىي، سىياسىي، تارىخىي ۋە ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇشتىن ئىبارەت ئېھتىياجىغا ئىگە. ئەدەبىيات-سەنئەت بۇ ئادەمنى نوقۇل تەبىئىي تەۋەلىك سۈپىتىدە ئاناتومىيىگە ئوخشاش تەجرىبە پەنلىرى نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكىنىمۇ پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلمىغان ئاساستا، مۇھىمى، پسىخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ، ئەنئەنە سۈپىتىدىكى ئېتىقادىنىڭ ۋە كېلەچەك تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ، شەخس سۈپىتىدە قانداشلىق مۇناسىۋىتى، يەنى ئىرسىيەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىنى تولۇق ئېتىبارغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە بۇ ئادەمنى پسىخولوگىيە ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىنمۇ يېمىرىلمەس بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارايدۇكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئەخلاقىي ئادەم، سىياسىي ئادەم، سىنىپىي ئادەم دېگەندەك ئۇقۇملارغا پارچىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى بۇن-

www.uyghurkitap.com



داق پارچىلىۋېتىشنى ۋە ئاشۇ تۈرلەر بويىچە ئايرىم تەتقىق قىلىشنى كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل چاكىنىلىق ھېسابلايدۇ، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن تولۇق بىئولوگىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىغا، بىلىش ئىقتىدارىغا، ھېسسىيات ئىقتىدارىغا ۋە بۇلاردىن شەكىللەنگەن مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ؛ تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسىدا، جۈملىدىن كونكرېت تارىخىي تەرەققىياتتا تۇتقان ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزىگە تونۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە غايە بېغىشلايدۇ؛ ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن بولسا، ئادەمنىڭ ماددىي دۇنيا بىلەن بولغان بارلىق ئېستېتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆز ئوبيېكتىغا قارىتا پسىخولوگىيە، تارىخشۇناسلىق ۋە ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش، ئاشۇ نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش ۋە باھا بېرىش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي يۈزلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ يۈزلىنىش يازغۇچى-سەنئەتكارلاردىن ئالدى بىلەن ۋە ئاخىرىغىچە ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىشنى، ناھايىتى جاپالىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قۇم باسقان دېڭىز» دىكى ئاساسىي شەخسلەر ھەرقايسى جەھەتتىن ئۆز نورماللىقى بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىياسىي ۋە سىنىپىي ئادەملەردىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق نورماللىقىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن ھېس قىلىش مۇمكىن: بىرىنچى، قاۋۇل، ئەلى، گۈلجەننەت قاتارلىقلار قانداقتۇر ئالدىغا كېلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى ئالدىنئالا توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان نەۋلىيا سۈپەت سىرلىق شەخسلەر ئەمەس. ئۇلار ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن قېتىم ئەگرى-توقايلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، بەزىدە ھەتتا ماڭىدىغان يولىنىمۇ خاتا تاللىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان سەرگۈزەشتىلىرى كىتابخان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بۇ شەخسلەر بىلەن كۈچلۈك ھېسسىيات ئورتاقلىقى ھاسىل قىلىدۇ. ئىككىنچى، بۇ شەخسلەر، بولۇپمۇ گۈلجەننەت بىلەن ئەلى گەرچە تۇرمۇشتا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بەرداشلىق بەرگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ، ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي يارىماس ئادەملەر قاتارىغا چىقىرىۋەتمەيدۇ، بىرسى ئائىلىدە، بىرسى كەسپىتە ئۆز قىممىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مەسىلەن، گۈلجەننەتنىڭ قەلبىدە تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىگە قارىتا ئويغانغان نازۇك ئانىلىق ھېسسىياتى، ئەلىنىڭ قەلبىدە گۈلجەننەتنى تاپالمىغاندا ئويغانغان كەسىپكە بولغان ئىشتىياق ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەزمۇت ھايات رىشتىسىگە ئايلىنىپ، ئۇلارنى نامەلۇم كېلەچەك بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. بۇمۇ كىتابخان قەلبىدە ھاياتقا ۋە كېلەچەككە قارىتا ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ قەلبىدىكىگە ئوخشاش تەسىرات ۋە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ. كىتابخان ۋە ئەسەردىكى شەخسلەر قەلبىدە بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان بۇنداق ھېسسىيات ۋە تەسىرات ئورتاقلىقى دەل يازغۇچى مەزكۇر ئەسەردە يەتمەكچى بولغان مەقسەت ۋە مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ مەقسەت ۋە قىممەتكە ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىش ۋاسىتىسى ئارقى-

لىق ئېرىشكەن، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەر كىتابخانىلارنى ۋەقەلىك ئارقى-
لىق يېتەكلىمەيدۇ، ئۇنىڭدىكى ئانچە رەڭدار بولمىغان ۋەقەلىك پەقەت پېرسوناژلار-
نىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ھەرقايسى نۇقتىدىن گەۋدىلەندۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ.

نورمال فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇن-
ياسى مەڭگۈ توختىماي چايقىلىپ، ئاجايىپ دولقۇنلار ھاسىل قىلىپ تۇرىدىغان پايان-
سىز دېڭىز سۈيىگە ئوخشايدۇكى، ھەرگىزمۇ تۇرغۇن ھالەتتىكى كۆل سۈيىگە ئوخشى-
مايدۇ. ئۇلاردىكى ئاڭ ئۆزىنىڭ بىلىش دائىرىسىدە مەڭگۈ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار-
نىڭ نېرۋىلىرى تاشقى دۇنيا بىلەن ھەر تىنىقتا تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ، تاش-
قى دۇنيادىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرگە قارىتا تۈرلۈك ئىنكاسلارنى قايتۇرۇپ تۇرىدۇ.
ئەگەر ئادەمدىكى ئاڭنى شار شەكىللىك بىر ئېكرانغا ئوخشاتساق، ئاڭنىڭ بارلىق پائا-
لىيىتى — ئۇنىڭدىكى ئىس-خاتىرە، تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەزىدە ئىد-
راكنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنغان ھالدا تەرتىپلىك، بەزىدە ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان ھال-
دا تەرتىپسىز ھالەتتە بۇ ئېكراندا دائىم ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، ھەرىكەتچانلىق روھىي
دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى. پوۋېستنىڭ باش قىسمىدىلا كۆزىمىزگە چېلىقىدىغان،
ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يۇرتىغا قايتىۋاتقان ئەلىنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ ئاشۇ قانۇنىيەت-
نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئاڭ ئېكرانىدا بەش يىل ئىلگىرىكى پۇشاي-
مانلىق ئۆتمۈشى كۈچلۈك سەكرەتمىلىككە ئىگە كۆرۈنۈشلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ كۆ-
رۈنۈشلەرنىڭ چۈش ياكى خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ: بىر چاغلاردا ئەلى تە-
رېپىدىن ئېپپەت-نومۇسى ئاياغ ئاستى قىلىنغان بىر قىز، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئەلىگە
بەش يىلدىن كېيىنمۇ قىز ياكى ئوغۇللۇقى نامەلۇم بولغان، لېكىن ئەلىنىڭ ئاشۇ پۇ-
شايمانلىق ئۆتمۈشى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بىر بوۋاق، بۇ ئىككى ئاجىز بەن-
دىنىڭ قەھرلىك نىداسى ۋىجدان سوتىغا ئايلىنىپ، خورلانغان مۇھەببەت ۋە ئاياغ
ئاستى قىلىنغان سۆيگۈ ھەققىدە جىنايەتكار ئەلى ئۈستىدىن قانلىق شىكايەت قىلماق-
تا. ئەلى دەۋاگەر مۇھەببەت ۋە سودىيە ۋىجدان ئالدىدا پەقەت قىلمىشىغا پۇشايمان
قىلىشقىلا ھوقۇقلۇق. ئۇ ئاشۇ قىز بىلەن بوۋاقنى ئۇچرىتىش ئۈچۈنلا مەنزىلىگە قاراپ
كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنى تاپالارمۇ؟ قانداق ھالەتتە تاپار؟ ئەگەر تاپالىسا، ئۇلار ئەلىنى
كەچۈرەرمۇ؟ يازغۇچى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كىتابخاننى ئەلىنىڭ قەلب قەسرىگە باش-
لاپ كىرىپ، ئۇنىڭ مەلۇم مەنىدە نېخليۇدوۋچە شەخس ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە
بۇنىڭ بىلەن ئەلىنىڭ مەزكۇر ئەسەردىكى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. كىتابخاندا ئۇنىڭ
پۇشايمان قىلىش سەۋەبلىرى ۋە جەريانلىرىغا قارىتا كۈچلۈك قىزىقىش قوزغايدۇ.

ئادەمنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تەۋەلىكىنىڭ يىغىندىسى بولغان ئىنسان تەبى-
ئىيىتى ئۇنىڭ تار مەنىدىكى (ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى) مۇھەببەتكە تۇتقان پو-
زىتسىيىسىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ، ئەگەر مۇھەببەتنى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي
پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان ئالامەت دېيىشكە بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بىر ئادەمنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، سەمىمىيلىك بىلەن كازازاپلىق، كەڭ
قورساقلىق بىلەن ئىچى تارلىق، مەردلىك بىلەن نامەردلىك قاتارلىق روھىي ئامىللار
ئۇنىڭ ئاشۇ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە گەۋدىلىك نامايان بولىدۇ. قىسقىسى،
مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىدە بەزىدە بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي تەۋەلىك

(ھايۋانىيلىق) ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىسە، بەزىدە ئىجتىمائىي تەۋەلىك (ئادەمىيلىك) ئۇسـ
تۇنلۇكنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، مۇھەببەت بارلىق پىسخىك ھادىسىلەر ئىچىدە ئەڭ مۇـ
رەككەپ ۋە ئەڭ نازۇك بىر خىل ھادىسىدىن ئىبارەت.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەلۇم يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان بىر
توپ ياشلار ئىچىدە ئەلى ئىشچانلىقى ۋە ئاشۇ ناھىيە «خاقانى» نىڭ ئوغلى بولغانلىـ
قى بىلەن، گۈلجەننەت بولسا، قامىتىنىڭ لاتاپەتلىكلىكى ۋە زېرەكلىكى بىلەن باشقىـ
لاردىن پەرقلىنەتتى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويـ
غاتقانىدى. بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت قارىشىدا چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ،
ئۇلاردىن گۈلجەننەت مۇھەببەتنى ئىككى ياشنىڭ تىۋي قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئۆزئارا
چۈشىنىش ۋاسىتىسى دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئەلى ئۇنى پەقەت جىنسىي تەلەپنى قانـ
دۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى ھېسابلايدۇ. گۈلجەننەتنىڭ ئۆزىنى ھەقىقەتەن ياخشى
كۆرىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ، يەنى ھېسسىياتنىڭ ۋاقىتلىق ۋەسۋەسىسىگە بەرـ
داشلىق بېرەلمەي، گۈلجەننەتكە چېقىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھايۋانىيلىق ئۇسـ
تۇنلۇكنى ئىگىلىگەچكە، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ،
گۈلجەننەتنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى، يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قۇلاق سالماي، ئۆـ
زىنىڭ ئەرلىك ئۇستۇنلۇكىگە تايىنىپ مەقسىتىگە يېتىدۇ. گەرچە بۇ چاغدا ئەلىدە
مۇھەببەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق گۈلجەننەتنى جىسمانىي جەھەتتىن ئىگىلىۋېلىش نىيىتى
بولمىسىمۇ (ھەتتا بۇ چاغدا ئەلىدە مۇھەببەتنى ئۇ دەرىجىدە چۈشەنگۈدەك سەۋىيەـ
مۇ يوق ئىدى)، ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. نەتىجىدە گۈلجەننەتنىڭ ئىپپەتـ
نومۇسى ئەلىنىڭ بىردەملىك ھېسسىيات ۋەسۋەسىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىشتىن ئىبارەت شەرەپ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە
جاپالىق تىرىشچانلىقى بەدىلىگە مۇشۇ سالاھىيەتكە قانۇنىي ھالدا ئىگە بولغان گۈلـ
جەننەتكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھوقۇقدارلارنىڭ خۇشامەتچىـ
لىكى، ھاكىمنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئائىلىدىكى ھاكىممۇتلەقلىقى تۈپەيلىدىن ئىمـ
تىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئەلى گۈلجەننەتنى بوسۇغا قىلىش ھېسابىغا ئالىي مەكتەپ دەرـ
ۋازىسىدىن كىرىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ۋىجدان بىلەن نەپساـ
نىيەتچىلىك ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش يۈز بېرىدۇ. ۋىجدان بىلەن نەپسانىيەتـ
چىلىكنىڭ خېلى ئۇزۇن ئېلىشىشى نەتىجىسىدە ئەلىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىنلا ئۇسـ
تۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەلگەن نەپسانىيەتچىلىك ۋىجدانىغا يەنىلا ئورۇن بەرمەيدۇ. بۇـ
نىڭغا ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ زومىگەرلىكى قوشۇلۇپ، ئەلىنى ئىدراكىي جەھەتتىن قارشىـ
لىق كۆرسىتەلمەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. گەرچە ئەلى گۈلجەننەتكە نۇرغۇن
ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋالغاندىن كېيىن، گۈلـ
جەننەتنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ گۈلجەننەت
ئۈرۈمچىگە ئالماسوۋنى ئىزدەپ كېلىپ ئەلى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئەلىنىڭ
گۈلجەننەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى گۈلجەننەتنىمۇ پۇشايمان قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ
قېتىم ئەلى گۈلجەننەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە كۆزلىگەن
مەقسىتىگە يېتىدۇ. دېمەك، ئەلى گۈلجەننەتنىڭ ئىككى قېتىم قۇربان بېرىشى ھېسابىـ
غا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قانائەت تاپىدۇ. ئەپسۇسكى، گۈلجەننەت ئاشۇنداق

زور يوقىتىشلار بەدىلىگىمۇ ئەلىنىڭ ھەققىي مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەلى مۇھەببەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ساداقەت، ۋاپا، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا ھاياتىنى قۇربان قىلىش قاتارلىقلارنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندا ئاللىقاچان كېچىككەن، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ناھايىتى ئاچچىق پۇشايماندىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى. ئۇ ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن تارتىپ تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىدا گۈلجەننەتنى قايتا ئۇچراتقانغا قەدەر بولغان جەرياننى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆز قىلمىشلىرىغا قارىتا پەيدا بولغان پۇشايمان ئىگىلىگەن جەريان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھايۋانىي تەبىئەت بىلەن ئادىمىي ھېسسىيات ئورۇن ئالماشتۇرغان جەريان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

روھىي ھالەت تەسۋىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەزكۇر پوۋېستنىڭ 6 - بابى، يەنى ئەلى قاۋۇلنىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا گۈلجەننەت بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان كۆرۈنۈش پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىسىمدا ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قىسىمدا ئەلى گۈلجەننەت بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالىدۇ ۋە گۈلجەننەتنىڭ قاۋۇلدەك «مۇشۇ توكۇر، قېرى ئەسكەر» گە ياتلىق بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ، ئۇنىڭ توي قىلغىنىغا، يەنە كېلىپ ئۆزىدىن 20 نەچچە ياش چوڭ، «چىرايى جىنىدەك قورقۇنچلۇق» بىر مېيىپ مەخلۇق بىلەن توي قىلغىنىغا نارازى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىلگىرى گۈلجەننەت بىلەن مەھكەم باغلانغان ھايات تەقدىرىنى ئاشۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، گۈلجەننەتنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى ۋە سۆيۈمىنىڭ غۇبارسىز نۇرلىرىدەك ياشلىقىنى قاۋۇلدەك «ئامەت ئوغرىسى» غا بەخشەندە قىلىۋەتكەن سېھىردىي كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھاللا بىلگۈسى كېلىدۇ، بۇ «ئامەت ئوغرىسى» غا «بىر پاسىق جىنايەتچىنىڭ ئۆز جىنايىتىدىن يىرگىنىشتىن كۆرە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا قاراپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىدەك» غەزەپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاللىقاچان قۇم باسقان دېڭىزدەك تىنچلىنىپ قالغان قەلبىدە ھېسسىياتى بىردىنلا شىددەتلىك دولقۇن ھاسىل قىلىپ، بېشىدا چېقىن چېقىلغاندەك بولىدۇ. ئەلى گۈلجەننەتنىڭ كۆز ئالدىدا مۇھەببەتتە ۋاپاسىزلىقنىڭ، ھاياتتىكى بارلىق پەسكەشلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ سىمۋولى، ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن پاك سۆيگۈنىڭ قاتىلى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردىكى ئىككى شەخسنىڭ قەلب ئېكرانىدا بىر سېكۇنتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا نامايان بولغان رەڭدار سۈرەت، ئۇلارنىڭ قەلب ئاسمىنىدا چېقىلغان چاقماق، ئۇلارنىڭ قەلب دېڭىزى تۇساتتىن ھاسىل قىلغان شىددەتلىك دولقۇن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇندىن ئىبارەت. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئىككى شەخسنىڭ قەلب دۇنياسىدا ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئاساسلىق روھىي ئامىل بولغان شۇنچە زور ئۆزگىرىش بىر سېكۇنتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولماستىن، بەلكى پسىخىك قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا، ئاشۇ كونكرېت ماكان ۋە زاماندىكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بېرىشى تامامەن مۇمكىن بولغان، ھەتتا ناھايىتى نورمال ھېسابلىنىدىغان روھىي ھادىسىدىن ئىبارەت. يازغۇچىنىڭ بۇ يەردە ئاشكارىلىغىنى ئاشۇن-

داق پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا پېرسوناژلارنىڭ قەلبىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ نە-
تىجىسى ئەمەس، دەل ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كونكرېت، تەپسىلىي، ئىنچىكە ۋە نازۇك
جەريانىدىن ئىبارەت. ئادەتتە ئەسەر پېرسوناژلىرى بىلەن كىتابخان قەلبىدە ئورتاق
ھېسسىيات ۋە ئورتاق تەسىرات پەيدا قىلىدىغان نەرسىمۇ بەلگىلىك پسىخىك جەريان
ئارقىلىق ئېرىشكەن قانداقتۇر ھاسىلات ياكى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ پسى-
خىك جەريانىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت. دەل ئاشۇ پسىخىك جەريان پېرسوناژلارنىڭ نېمە
قىلغانلىقى (ئىش-ھەرىكەتنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە ئاساسلانغاندا ئۆتكەن زامان)
نى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قانداق قىلماقچى بولغانلىقى (كەلگۈسى زامان) نى، ئەڭ
مۇھىمى ئۇلارنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقى (ھازىرقى زامان) نى ئىپادىلەشنىڭ، ئۇلار-
نىڭ خاراكتېرلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋاسىتىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا
ئەسەرنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىنى پۈتۈن ئەسەر بويىچە جەزبىدارلىقى ئەڭ كۈچلۈك كۆرۈنۈش
دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. دراماتىك توقۇنۇش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەسەردە قاۋۇل، ئە-
لى ۋە گۈلجەننەت ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يوشۇرۇن ھالەتتە قانات يېيىۋات-
قان زىددىيەت ئاستا-ئاستا ئاشكارىلىنىدۇ، يەنى ئەسەردىكى زىددىيەت ئىلگىرى گۈل-
جەننەتنىڭ مۇھەببەتكە سادىقلىقى بىلەن ئەلىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئوتتۇرىسىد-
كى زىددىيەت سۈپىتىدە راۋاجلانغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھالقىسىغا قاۋۇلدىن
ئىبارەت ئۈچىنچى بىر ئادەم قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى تاق لىنىيىلىك توقۇ-
نۇش ئەمدى يەنە بىر قاتلام ھاسىل قىلىپ، بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ ۋە بۇ ئۈچ
شەخس ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ۋە مۇھەببەت مەسىلىسىدە كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان جىد-
دىيلىك شەكىللىنىدۇ. بۇ چاغدا گەرچە ئوخشاش جىنسلىق ئىككى كىشى (بۇ مۇھەببەت
ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىدىكى بىر تەرەپ) بىر بىرىنى قاتتىق چەتكە قېقىپ، ھەر ئىككى-
سى ئۆزىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى بىرىنىڭ بۇ ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەت چەمبى-
رىكىدىن چېكىنىپ چىقىشىنى، ھەتتا قۇربان بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئوخ-
شاش جىنسلىق بۇ ئىككى كىشىدىن كىمنى تاللاش ئىمتىيازى قارشى جىنستىكى
گۈلجەننەتكە تەئەللۇق بولۇپ كېتىدۇ-دە، مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. بۇ گۈل-
جەننەتنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېرىم جان بولغان قاۋۇل بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن
نامرات بولغان ئەلىنى سېلىشتۇرۇشىدىن، ئەلىنىڭمۇ ئوخشاشلا بۇ يەردىن كېتىشكە قان-
چە تەرەددۇت قىلىسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر مەنىۋى كۈچ تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنىپ
نىمجان قاۋۇلغا ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ، گۈلجەننەتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى تالل-
شىنى، گۈلجەننەت بىلەن ھېكمەتكە قايتىدىن ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتىن ھاسىل بول-
غان مۇرەككەپلىك ئىدى. ئەلى گۈلجەننەتنىڭ قاۋۇلنىڭ ئايالى بولۇپ قالغانلىقىنى
بىر خىل خورلۇق ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىشنى نىيەت قىلسىمۇ، لېكىن
گۈلجەننەتنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يولغا ماڭغانلىقىنى بىر خىل سىر ھېسابلاپ، ئۇنى
بىلىشكە قىزىقىدۇ، ئۇنى قايتا-قايتا تەھلىل قىلىپ، ئاخىرى ئۆزى چىقارغان يەكۈننىڭ
توغرا-خاتالىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، بۇ يەردىن كېتەلمەيدۇ. بۇ ئەسەردىكى زىد-
دىيەتنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان، ئەلىگە تەئەللۇق بولغان ئەڭ
مۇھىم روھىي ئامىلدىن ئىبارەت. قاۋۇل بۇ ۋاقىتتا تېخى جەننەتنى ئىلگىرى خورلى-
غۇچى كىشىنىڭ ئەلى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ۋە ئەلىنى بىلمىگەنلىك، ئۆزىدەك ئاق

كۆڭۈل ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆز ئائىلە مۇناسىۋىتىگە يوشۇرۇن بۆسۈپ كىرىۋاتقانلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەكىللەنگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى زادىلا ھېس قىلمايدۇ. قارىماققا كومېدىيىلىك، ماھىيەتتە چوڭقۇر پاجىئە تۈسىنى ئالغان بۇ مۇرەككەپلىكتە قاۋۇلنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى بارغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى ئاشكارا ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەتنىڭ بىر ئۇچى دەل قاۋۇل بىلەن تۇتىشىدۇ. ئەلىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتى قاۋۇلغا تولۇق ئاشكارىلانغاندا، تېخىچە ئۆزۈل-كېسىل ئاشكارىلانمىغان زىددىيەت بىردىنلا تولۇق ئاشكارىلىنىپ، بىراقلا كولمىناتسىيە باسقۇچىغا يېتىدۇ.

ئەسەردىكى يۇقىرىقى ئۈچ شەخس ئىچىدە ئەلى ھەممىدىن بىلىملىك بىر شەخس. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بىلىمىنى كەسىپ جەھەتتە 80-يىللارنىڭ ياشلىرىغا خاس رىقابەت تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە ۋە ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت مەسىلىسىدە قاۋۇلغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۇ قاۋۇلغا مەنىۋى جەھەتتىن زەربە بېرىش ئارقىلىق ئۇنى بۇ ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت ھالقىسىدىن چەتكە قاقىدۇ.

ئەلىنىڭ قارىشىچە، قاۋۇلنىڭ تېنىنىڭ مەجرۇھلۇقى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىسىنىڭ بولمىغانلىقى قاۋۇلنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ھېسابلىناتتى. 60-يىللاردىكى چېگرا مۇداپىئە ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى، يەنە كېلىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى بىلەن ئاجايىپ پەخىرلىنىدىغان قاۋۇلنىڭ ئىرادىسى ئاسانلىقچە بوشاشمايتتى. لېكىن رەقىبىنىڭ ئۆز ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، كەمسىتىپ ئېيتقان سۆزى ئۇنىڭغا نىسبەتەن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن چىدىغۇسىز زەربە بولىدۇ-دە، پۇت-قوللىرى بوشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ مەنىۋى زەربە تۈپەيلىدىن قاتتىق ھالسىراپ كەتكەچكە، ياغاچ ئوغرىلىرىنىڭ دۈمبالىرىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى بالنىتسىغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەلىنىڭ ئۆز رەقىبىگە زەربە بېرىشتىكى ئۈستىلىقى، گۈلجەننەت بىلەن ھېكمەتكە قايتىدىن ئېرىشىش يولىدا قوللانغان بىر خىل ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئەلى ناھايىتى زىددىيەتلىك روھىي ھالەت ئىچىدە قاۋۇلنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتا بىر قېتىم پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل پىداكارلىق بەدىلىگە ئۇ ئىلگىرى گۈلجەننەت ئالدىدا سادىر قىلغان جىنايەتلىرىنى يۇيۇشنىڭ ئۇنۇملۇك پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەنىۋى ئادەم يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ-دە، پۇشايمان ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەنگەچكە، ئەلى ئۆزىنى خېلى يېنىك نەپەس ئالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

«قۇم باسقان دېڭىز» دا ئەلىنىڭ گۈلجەننەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئەلىنىڭ گۈلجەننەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى قىسقىغىنە 5-6 يىلدا بىر نەچچە قېتىم ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. دەسلەپتە ئۇ گۈلجەننەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇھەببەتنى پەقەت نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپلا چۈشىنىدۇ ۋە گۈلجەننەتنى زورلاپ مەقسىتىگە يېتىدۇ. گۈلجەننەتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ باسقۇچتا ئەلى مۇھەببەتكە «خالىغانچە چاقچاق قىلىشقا بولىدىغان ئۆي مۈشۈكى» ئورنىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. كېيىنچە مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك مېھرىبانلىق، ئۆمۈرلۈك ۋاپادارلىق، چوڭقۇر ساداقەت ۋە يۈكسەك ۋىجدان تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، پۇشايمان قىلىپ، ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىشتىنمۇ كېچىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن گۈلجەننەتنى ئىزدەپ تېپىش

....

نىيىتىدە يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ، لېكىن ئۇنى ھېچ دېگەندە تاپالماي، قاتتىق ئازاپ-
لىنىدۇ. ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئۇنى قاۋۇلنىڭ ئايالى سۆيۈپتىدە ئۇچراتقىنىدا، ئۇنىڭ
ھايات ۋە سالامەت ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولۇش، «شۈكرى قىلىش» ئورنىغا ئۆزىنىڭ
قىلغان-ئەتكەنلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، گۋلاجەننەتتىن رەنجىيدۇ، قاۋۇلنى رەقىبى
ھېسابلاپ كەمسىتىدۇ، بىر ئامال قىلىپ گۋلاجەننەتكە قايتا ئېرىشىش، ئۇنى قايتا ئې-
گىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرىدۇ. ناھايىتى ئازابلىق كۈندەلىك ھېسسىياتىنىڭ
ئىسكەنجىسىدە گۋلاجەننەتنىڭ قاۋۇلنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قى-
لىدۇ. ئىلگىرى گۋلاجەننەتنىڭ تېنىگە ئېرىشىپلا ئۇنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق
قىلىمەن، دەپ ئويلىغىنىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلىپ، مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىگە ئېرى-
شىش لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ھېكمەتنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى جەزىمە-
لەشتۈرگەندىن كېيىن قوزغالغان ناھايىتى چوڭقۇر ۋە نازۇك ئاتىلىق مېھرى ئۇنىڭ
گۋلاجەننەتنىڭ ۋىسالىغا قايتا ئېرىشىش ئىستىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. لېكىن ئە-
لى ھەرقانچە قىلىپمۇ مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس نەرسە ئۆز ئىچىگە ئالغان
مەزمۇنلارنى تېخى تولۇق بىلىپ يېتەلمىگەچكە، بۇ قېتىم يەنە بىر نۆۋەت خاتالىق
سادىر قىلىدۇ، يەنى ئۇ گۋلاجەننەتنىڭ قەلبىنىمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا
ئوخشاش نامرات ھېسابلاپ، گۋلاجەننەت قەلبىدە ئۆچەي دەپ قالغان سۆيگۈ ئوتىنى
600 يۈەن پۇل ئارقىلىق يالقۇنلاتماقچى بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ، كىتابخانىنىڭ نەزەرى-
دە گەرچە ھېكمەتنىڭ دادىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋۇجۇدىدا ئاتا بولۇش سالاھىيى-
تىنى تېخى يېتىلدۈرمىگەن ياكى يېتىلدۈرگەن بولسىمۇ، ھازىر ئۇنى ئاللىقاچان يو-
قاتقان، ھەر قانداق ساپ نىيەتلىك بىر قىزنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت بېرىشىگە ئەرزى-
مەيدىغان، ئۇچىغا چىققان بىر شەخسىيەتچى شەخس سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ
گۋلاجەننەتكە بولغان ئىنتىلىشى گۋلاجەننەتنى يەنە بىر قېتىم ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ
قالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى پەقەت گۋلاجەننەتنىڭ ھېكمەتتەك بىر ئو-
غۇل پەرزەنت تۇغۇپ بەرگەنلىكىدىن، ھازىر بۇ بالىغا قاۋۇلنىڭ «ئاتا» بولۇۋالغانلىق-
ىغا چىدىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قوزغالغان بالىنى «تىرىك يېتىم» قىلماسلىقتىن ئىبا-
رەت ئەخلاقىي قاراشنىڭ، شۇنداقلا گۋلاجەننەتكە جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن
تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىش قارىشىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ قېتىم گۋلاجەن-
نەتكە قايتا ئېرىشەلمىگەنلىك ئەلى ئۈچۈن بىر خىل مەنىۋى يوقىتىش ھېسابلىنىدى-
غان بولسا، بۇ يوقىتىشنى ئەلىنىڭ قەلبىدە ئەسلىدىنلا ھېسسىيات ئاساسى ئاجىز
بولغان مۇھەببەت قارىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، زورۇر ئاساسىي ئاجىز بولغان بۇنداق
«مۇھەببەت» چوقۇم يېمىرىلىش بىلەن بىللە ئىدراكىي جەھەتتىن ئۆزىنى تولۇق تىز-
گىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەلىدەك كىشىلەرگە پەقەت پۇشايماندىن باشقا ئاقىۋەت كەل-
تۈرمەيدۇ. كىتابخان مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئەلىنى قاۋۇل بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن سې-
لىشتۇرىدۇ ۋە ناھايىتى بىلىملىك، ئۇقۇمۇشلۇق، جىسمانىي جەھەتتە ساغلام ھەم بە-
قۇۋۋەت بولغان ئەلىدە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە مەجرۇھ بولغان قاۋۇلچى-
لىكمۇ ساپ قەلب، ۋىجدان، ئار-نومۇس يوقلۇقىدىن قاتتىق ئېچىنىدۇ، مەنىۋى مۇ-
كەممەللىك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھەقىقىي مەجرۇھنىڭ قاۋۇل ئەمەس، بەلكى ئەلى
ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. كىتابخان قەلبىدە ئەلى بىلەن ئىلگىرى ھاسىل قىلىن-

غان ھېسسىيات جەھەتتىكى ئورتاقلىق تەدرىجىي يېمىرىلىپ، بۇ ئوبرازنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى بارغانسېرى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. بۇ ئوبرازغا قارىتا ئىلگىرى قوزغالغان ھېسداشلىقنىڭ ئورنىنى ئەمدى تەدرىجىي ھالدا بىر خىل سەسكىنىش، بىزارلىق، ھەتتا نەپرەت ئىگىلەيدۇ. گەرچە ئۇ قازۋاننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشتا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، گۈلجەننەتنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، نۇرغۇن روھىي زىددىيەتلەر ئارقىلىق قاۋۇل ئۈچۈن گۈلجەننەت بىلەن ھېكمەتنىڭ مېھرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھاياتلىق مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تاللىق قوتاندىن «ۋالىدۇڭ» گە كېتىش ئارقىلىق بۇ ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت ھالقىسىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ھەرگىز گۈلجەننەتكە قارىتا ھەقىقىي مۇھەببەت ئويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى بۇ ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان تاللاش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇنىڭ ھېسسىياتىدا بۇ چاغدا بەلگىلىك ئوبيېكتقا قارىتا ئىنتىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش نىيىتى يەنىلا مەۋجۇت دەپ قارالسا، بۇ ئوبيېكت گۈلجەننەتتىن ھېكمەتكە ئالماشقانىدى. يەنە ئەگەر ئەلىنىڭ قەلبىدە گۈلجەننەتنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەن دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ، يەنىلا يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ھېسسىياتتىن ئىبارەت زۆرۈر ئاساسى يېتەرسىز بولغان ئاجىز بىر خىل ياخشى كۆرۈش بولۇپ، بۇ خىل ياخشى كۆرۈش بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىدراكنىڭ ئىدارە قىلىشى تۈپەيلىدىن ئاللىقاچان ئۆز ئىقتىدارىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولغان ياخشى كۆرۈش ئىدى. ناۋادا ئەلىنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئوبيېكتلىرى (گۈلجەننەت بىلەن ھېكمەت) ئورۇن ئالماشتۇرمىغان، ياخشى كۆرۈش كۈچلۈك ھېسسىيات ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، بەلكى بۇ ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت جەريانىدا ئۇ بىر كىشىلىك تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىدرىكىنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ھېسسىياتى ئۇنى بۇ ئىمتىيازدىن مەھرۇم قىلدى ۋە «تەقدىرىگە تەن بېرىش»كە مەجبۇرلايدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەلى ئوبرازى ئەخلاقىي جەھەتتىن ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، ھېسسىيات جەھەتتىن چىنلىق بىلەن ساختىلىقنىڭ، پسىخىك جەھەتتىن ئىرادە بىلەن ئىرادىسىزلىكنىڭ، ئېستېتىكا جەھەتتىن گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈكنىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكى، يۇقىرىقى ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقىرىقى زىددىيەتلىك ئامىللار ھامان كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ، ھامان ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ. ئىجابىيلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندە، ئەلى ھازىرقى دەۋرگە خاس بولغان ئالىيجانابلىق، پىداكارلىق روھىنى ئىپادىلەيدۇ، سەلبىيلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاندا، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەخلاقىي جەھەتتىن جىنايەت يولىغا ماڭىدۇ. ئۇنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ياخشى ئادەمدەي دېيىمىز، ئۇنىڭ مۇھەببەتتىكى يېڭىلىكى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن گۈلجەننەت كىشىلىك تۇرمۇشىدا بىر مەزگىل ناھايىتى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ؛ ئەيىبلەي دېيىمىز، گەرچە يۇقىرىقىدەك ۋىجدانسىزلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ، تېخى بەزىدە ئىنسانپەرۋەرلىككە ئوخشاش ئالىيجانابلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئەخلاقىي جەھەتتىن ئاسان ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدىغان شەخس ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىۋى نامراتلىقى بىلەن ھېسسىياتى-

نىڭ تۇراقسىزلىقى پىسخىك جەھەتتىن ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقىنى بەلگىلىگەن، ئەمما ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ پىسخىك جەھەتتىكى بۇ خىل ئاجىزلىقى دەل ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى تەمىن ئەتكەن كۆپ خىل ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن ئەلىنى خېلى دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ، ئەلى ئوبرازىنىڭ كۆپ مەنبەلىك، كۆپ تەرەپلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت.

«قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستىدىكى ئىككى ئەر، بىر ئايال ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدىن گەرچە ئاخىرقى ھېسابتا ئەلى چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەسەردىكى زىددىيەت يەنىلا ھەل بولمايدۇ. بەلكى گۈلجەننەتنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر زىددىيەت تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا كۈتمىگەن يەردىن يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ، يەنى گۈلجەننەت ئەلىنى ئەپۇ قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مەيىل-ئىختىيارىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

گۈلجەننەت ئەلى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى سۈپىتىدە كىتابخاندا چوڭقۇر ھېسداشلىق قوزغايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەلى دەسلەپتە ھېسسىياتىنىڭ ۋەسۋەسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، گۈلجەننەتنى قۇربان بېرىشكە قىستىغاندا، شۇنداقلا ئەلى گۈلجەننەتنىڭ نەتىجىسى بەدىلىگە ئالى مەكتەپكە كەتكەندە، ئەلىنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى ۋە ئىنساپسىزلىقىغا قارىتا كىتابخاندا كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت، گۈلجەننەت يوقاتقان نەرسىلەرگە قارىتا چوڭقۇر ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. لېكىن كىتابخانلارنىڭ قانداق ئويلىشىدىن قەتئىينەزەر، گۈلجەننەت ئۆز ھاياتىدىكى بۇ خىل يوقىتىشلارغا ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئانچە ئېچىنىپ قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. سەۋەبى ئۇ ئەلىنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، سەممىي ھېسابلايتتى، ئەلىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەلىگە بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاش سەممىي ۋە ھەقىقىي مۇھەببەت دەپ قارايتتى. شۇڭا ئەلى دەسلەپتە ئۇنى زورلىغاندا، ئازراق قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىش ئۈچۈن ئانچە نومۇس ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى گۈلجەننەت بۇ چاغدا تېخى يەنىلا گۆدەك بولغاچقا، ئۇمۇ ئەلىگە ئوخشاش جىنسىي مۇناسىۋەتنى مۇھەببەتنىڭ بىر ئالامىتى، مۇھەببەتلىشىش جەريانىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك فىزىئولوگىيىلىك سەرگۈزەشتە دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىش گويا ئۇنى ئەلىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەلىنىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىپ قىلغان بۇ يېنىكلىكىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا گۈلجەننەتكە قىلىنغان زىيانكەشلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە بولسا، ھەرگىز باش قاتۇرمايدۇ. ئەگەر گۈلجەننەتنى ئاشۇ ۋاقىتتا ھېسسىياتچان، فىزىئولوگىيە جەھەتتە پۈتۈنلەي نورمال يېتىلگەن بىر ئادەم سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلساق، ئۇنىڭ ئەلىنىڭ تەلىپىنى ئاجىز رەت قىلىشى، يىغلىنىپ، يالۋۇرۇشلىرى پەقەت قىزلىق نومۇسىنىڭ كۈچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. كېيىنچە ئەلى گۈلجەننەتنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بەدىلىگە ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا گەرچە گۈلجەننەت ئازراق ئازابلانغان، ھەتتا «ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئەرز قىلماقچىمۇ بولغان» بولسىمۇ، لېكىن دەرھال بۇ نىيىتىدىن يېنىپ،

ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتىدۇ: «بۇ ۋىجدانسىزلىق، بۇ مۇھەببەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق. ئەلىنىڭ ئېرىشكەن بەختى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ماڭا مەنسۇپتۇ. بوپتۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۇ بارسۇن، ئېھتىمال، بۇ ئىشنى ئەلى بىلمىگەندۇ، دادىسى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندۇ. شۇڭا بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەلى ئەيىبلىك ئەمەس، ئاغزى يېپىقلىق پېتى قېلىشى، بۇ ئىشنى ئەلى بىلىپ قالماسلىقى كېرەك. مەن ئۇنى ئالىي مەكتەپكە ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك خۇشال ئۇزىتىپ قويغىنىم ياخشى. مۇھەببەت چىداماسلىق بىلەن شەخسىيەتچىلىكنى كۆتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى ساداقەت ھەم ۋاپادارلىقتا...» بۇ، مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان گۈلجەننەتنىڭ ئۆز ئۆزىگە بەرگەن ۋىجدانەن قەسىمى، مۇھەببەت ھەققىدىكى، ئەلى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت. لېكىن گۈلجەننەت ئەلىنى مەكتەپكە ئىزدەپ كەلگەندە، ئۇنى ئىلگىرى خاتا چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئازابلىنىدۇ. لېكىن ئانا بولۇشتىن ئىبارەت ئېپتىخارلىق تۇيغۇ ئۇنى ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا بىردىنبىر مەنىۋى يۆلەنچۈكى ھېسابلاپ كەلگەن ئەلىدىن تەلەپ قىلغان نەرسىسىگە ئەلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەمەس، ئەلىنىڭ تامامەن ئەكسى بولغان مەجرۇھ قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن تولۇق ۋە ئۆزى تەلەپ قىلغاندىنمۇ ئارتۇق ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ قەلبىدە قاۋۇل بىلەن ئەلى ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ.

گۈلجەننەت بىلەن قاۋۇلنىڭ توي قىلىشىغا كەلسەك، بۇنىڭدا بەلگىلىك ھېسسىيات ئامىللىرىمۇ بار. بۇ، ئىنتايىن خەتەرلىك مىنۇتلاردا قاۋۇلنىڭ گۈلجەننەتنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ گۈلجەننەتكە قىلغان سانسىز ياخشىلىقلىرى ھېسابىغا گۈلجەننەتتە قوزغالغان ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ۋە قاۋۇل بىلەن ئەلىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەرھاللا كېلىپ چىققان نەتىجە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. گۈلجەننەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىدا قاۋۇلنى گۈلجەننەتنىڭ ياخشى كۆرۈشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ. بۇ يەردە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى گۈلجەننەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن ياخشىلىققا ۋاپادارلىق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشتۇر.

گۈلجەننەت قاۋۇلنىڭ ئادەم خىجىل بولغۇدەك دەرىجىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى يارىدىمىگە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق ئۇنى نائۇمىد قىلىشنى يۇيۇپ بولمايدىغان ۋاپاسىزلىق ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۈلجەننەت ناھايىتى ھالقىلىق پەيتتە ئەلىنىڭ يارىدىمىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، قورسىقىدىكى بالا تۈپەيلى جەمئىيەت تەرىپىدىن كېلىدىغان ئەخلاقىي ئەيىبلەشلەردىن قاۋۇلنى قالقان قىلىش ھېسابىغا ساقلىنىپ قالماقچى بولىدۇ. شۇڭا شەخسىي ھاياتىدا قاۋۇلنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەقدىرنىڭ ھۆكۈمى دەپ قاراپ، بۇ ھۆكۈمگە ئاخىرى بويسۇنىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشىدە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ھېسسىياتى بىلەن ئادەت كۈچلىرىنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇش قارىشى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. گەرچە قارىماققا گۈلجەننەت قاۋۇلنى ئازراق ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرگەندە، گۈلجەننەتنىڭ تەلىپى مۇھەببەتتە ئەلى تەرىپىدىن يارىلانغاچقا، ئۇنىڭ ھېسسىياتىدا قىسمەن پەسىيىش، سوۋۇش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. گۈلجەننەت بۇ چاغدا ئۆزىنى تا-

مامەن ئىدراكىنىڭ ئېزگىنىلىشىگە تاپشۇرىدۇ. شۇڭا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلالمايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش ۋە تويىدىن قاۋۇل ئۆزىنى ناھايىتى تەلەيلىك ھېسابلايدۇ، گۈلجەننەتمۇ قارىماققا ناھايىتى بەختلىكتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئارىدىن 5 - 6 يىل ئۆتۈپ ئەلى گۈلجەننەتنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان بولغاندا، گۈلجەننەت ئىنتايىن زىددىيەتلىك روھىي ھالەتكە دۇچ كېلىدۇ. قاۋۇل ئەلىنى ئورمانچىلىق مەيدانىغا باشلاپ بارغان تۈنجى كۈندىن ئېتىبارەن گۈلجەننەت قاۋۇلدىن نېمە ئۈچۈن شۇنچە رەنجىيدۇ؟ ئەلىنىڭ گۈلجەننەتنىڭ «بەختلىك» ئائىلىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپمۇ؟ ياق، گۈلجەننەت ئەلىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ھەقىقەتەن نەپرەتلىنىدۇ. ئەمما بۇ نەپرەت ئۇنىڭ قەلبىدە يۈز بەرگەن كەسكىن كۆرەشلەرنى، ھېسسىياتىدا سادىر بولغان شىددەتلىك داۋالغۇشلارنى ھەرگىز پەسەيتەلمەيدۇ. گۈلجەننەت ئەلىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزغانلىقىدىنلا رەنجىيدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئەلىنىڭ ئوبرازى تېخى تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەچكە، ئاشۇ ئوبراز گۈلجەننەتنىڭ ئېچىنىشلىق، شۇنداقلا تەگداشسىز لەززەتلىك ئۆتمۈشىنى قايتا ئەسكە سالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا قاۋۇل بىلەن ئەلى ئىككىنچى قېتىم كۈچلۈك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. ئىلگىرىكى سېلىشتۇرمىدا گۈلجەننەتتە ئەلىگە قارىتا قوزغالغان نەپرەت ئەدلىكتە قاۋۇلغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشقا ئالمىشىدۇ. گۈلجەننەت نۇرغۇن روھىي زىددىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق ۋە خەيرىخاھلىقنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى، بىرسىنىڭ ئورنىنى ھەرگىزمۇ يەنە بىرىنىڭ باسالمايدىغانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قاۋۇل بىلەن بىرگە ياشىغان 5 - 6 يىلدىن بۇيان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھېس قىلغان، لېكىن تولدۇرالمىغان بىر بوشلۇقنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىدۇ، ئاخىرى ئەلىنى ئىلگىرى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەنلىكىنى، بەلكى ھازىرمۇ يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ «بىر بىرىنى ئەسەبىي ۋە ئاچكۆزلەرچە سۆيۈشنى شەرت قىلىدىغان مۇھەببەت»كە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئەلىنىڭ ھېسسىياتى گەرچە ئىدراكىنىڭ ئېزگىنىلىشى تۈپەيلىدىن بويسۇندۇرغۇچى ئىقتىدارىدىن مەلۇم دەرىجىدە مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە تۈنجى مۇھەببەت ئوتى تېخى تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى. گۈلجەننەت ئەلى قەلبىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر قاتلىمىدىن بۇ ئوتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئەلىدە ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى قوزغىيالايدىغانلىقىغا كۈچلۈك ئىشەنچ باغلايدۇ. بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭ كېيىنكى قەدەم بېسىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ «پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغان بۇ ئەسەبىي تۇيغۇ»نى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. پېشۇرۇلغان گۆش سۈزۈلگەن لىگەننى كۆتۈرگىنىچە ئەلى بىلەن قاۋۇلدىن كىمنىڭ يېنىغا كىرىشتە ئارىسالدى بولۇپ قالغان ۋاقىت گۈلجەننەت قەلبىدە يۇقىرىقى زىددىيەت كولمىناتسىيە باسقۇچىغا يەتكەن، ئۇنىڭدىكى ئەلىنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى تولۇق ئاشكارىلانغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. روھىي زىددىيەت ئەۋجىگە يەتكەن بۇ ۋاقىتتا گۈلجەننەت گەرچە قاۋۇلنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەلى «ۋالىدۇڭ»گە كەتكەندە، قايتا يالقۇنلىغان تۈنجى مۇھەببەت ئوتى

پارتلاش ھاسىل قىلىپ، تولۇق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ چاغدا گۆلجەننەت ئۆزىنى ئىدراكىنىڭ باشقۇرۇشىدىن تولۇق ئازاد قىلىپ، ھېسسىياتقا تاپشۇرىدۇ. ئىلگىرىكى قېتىمدا بويسۇندۇرغۇچى ئورۇندا ئەلى تۇرغان بولسا، بۇ قېتىم بۇ ئورۇنغا گۆلجەننەت دادىللىق بىلەن چىقىدۇ، گۆلجەننەت «ۋالىدۇك»گە كەتكەن ئەلىنىڭ كەينىدىن ھېكمەتنى ئەگەشتۈرۈپ بارىدۇ. بۇ يەردە گۆلجەننەتنى ئەلىنىڭ ئۆز گۇناھىغا پۇشايمان قىلىشلىرى، زەخمىلەنگەن قاۋۇلغا قان بېرىپ، قۇتقۇزۇپ قېلىشى، ئۇنى پايپېتەك بولۇپ كۈتۈشى ھېسابىغا تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئەلىنى كەچۈرگەن، ھەتتا شۇڭا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، دېگەندىن كۆرە، گۆلجەننەتنىڭ قەلبىدە ئورغۇن زىددىيەتلەر بەدىلىگە تۇنجى مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى ھەممىسىنى يەڭگەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بۇ كۈرەشنىڭ جەريانى تەھلىل قىلىنسا، گۆلجەننەتنى قاۋۇلغا نىسبەتەن تۇزكورلۇق قىلغان، مۇھەببەتتە شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ئۇچىمە كۆڭۈل ۋەھاكازا دەپ ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەيىبلەشكە ئورۇن قالمايدۇ. بۇنى بىز ئىچكى-تاشقى سەۋەب بويىچە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئەلىنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشى، قاۋۇلنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى ۋە كۆيۈنۈپ كۈتۈشلىرى گۆلجەننەتنىڭ ئەلىنى قايتىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا نىسبەتەن پەقەت تاشقى سەۋەبلا بولالايدۇ. (مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندا، ئەلىنىڭ گۆلجەننەت ئالدىدا گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بەزى تىرىشچانلىقلىرى گۆلجەننەتكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئىنكار قىلىنمايدۇ). بۇ يەردىكى ئىچكى سەۋەب گۆلجەننەتنىڭ ئەلىنى ئىلگىرى بىر مەزگىل سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرگەنلىكى (ئۇ بۇنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئىنكار قىلالمايتتى، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ دادىدىي پاكىتى سۈپىتىدە ئوغلى ھېكمەت تۇراتتى)، بۇ ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىنىڭ تېخى تامامەن ئۆچۈپ قالمىغانلىقى، ئەلىنى قايتا ئۇچراتقاندا ئورغۇن روھىي زىددىيەتلەر ئارقىلىق ئاخىرى بۇ ھېسسىياتنىڭ قايتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ، گۆلجەننەتنىڭ ئەلىنى ئىككىنچى قېتىم ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدا ھەل قىلغۇچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ.بۇيەردە نامايان بولىدىغىنى، ئىسپاتلىنىدىغىنى ئەلىنىڭگۆلجەننەتكەئەمەس،بەلكى گۆلجەننەتنىڭ ئەلىگەباغلىغان مۇھەببىتىنىڭ چىنلىقى ۋە ھەقىقىلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئەگەرتاشقى سەۋەب ئاساسىي ئورۇنغاقويۇلسا، گۆلجەننەتنىڭ مۇھەببەتنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان پاك قەلب ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنىۋى ئالاھىدىلىكىگە ئېغىر نۇقسان يېتىش بىلەن بىللە، بۇ ئوبراز كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ھەر خىل خاتا چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يازغۇچى جەننەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشنى ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىچكى قاتلىمى نۇقتىسىدىن تەسۋىرلىگەچكە، ئادەتتە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك بولغان گۆلجەننەت مۇھەببەت بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچى سۆيۈملۈك بىر ئايال سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. ئەگەر «قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستىدا ئەخلاقىي خاھىشچانلىق بار، دېيىلسە، بۇ خاھىشچانلىق يازغۇچىنىڭ ئەلى ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلىك مۇھەببەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، خالىغانچە مۇئامىلە قىلىدىغان ھادىسىلەرنى تەنقىد قىلىشىدا، گۆلجەننەت ۋۇجۇدىدا بۇ خىل مۇھەببەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، ئۇنى ھاياتىدىن ئەۋزەل كۆرىدىغان، بۇ-

ىنىڭغا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھەممە گۈزەل نەرسىلەرنى بېغىشلايدىغان ھادىسىلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

«قۇم باسقان دېڭىز» پوۋېستىدىن مەن ھېس قىلغان يەنە بىر يېڭىلىق، ئەسەرنىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە يېشىمىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن نەرسە ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان لېكىن كۆپىنچە سۇنئىيلەشتۈرۈۋېتىلىدىغان ئۈچ قىرلىق مۇھەببەتتىن ئىبارەت. بۇ مۇرەسسە قىلىپ كېلىشتۈرگىلى ياكى تىلغا ئېلىپلا يانداپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى قىيىن بولغان ئىنتايىن نازۇك بىر مەسىلە. بۇ، يازغۇچىدىن ھەقىقىي ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ ئەسەردىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزىنىلا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت ئەلى، گۈلجەننەت ۋە قاۋۇل ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مۇناسىۋەت چوقۇم يازغۇچى تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاۋۇلنىڭ ئۆلۈشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا تاللاش ئىمتىيازى گۈلجەننەتتە بولغاچقا، گۈلجەننەتنىڭ نەزەرىدە ئەلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئەلى بىلەن گۈلجەننەتنىڭ بەختى پەقەت قاۋۇلنىڭ ئۆلۈشى ھېسابىغىلا ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئادەتتە بۇنداق مۇناسىۋەتتە ئوخشاش جىنسلىق ئىككى كىشىنىڭ يات جىنسلىق بىرىگە بولغان مۇھەببىتى پەقەت كۈچلۈك ھېسسىيات ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسا، ئۇ ئىككى كىشى (مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن) ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش يولىدا بىر بىرىنى رەقىب ھېسابلاپ، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشقا سالىدۇ. چۈنكى جىنسىي ھەۋەس ئارىلاشقان مۇھەببەت ناھايىتى شەخسىيەتچىل بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەبىئىي تەۋەلىكى تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ. ئەگەر تاللاش ئىختىيارى ئاشۇ ئىككى كىشىدە بولىدىغان بولسا، ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن كەسكىن رىقابەتلىشىدۇ، بىر بىرىنى چەكلەيدۇ، رەقىبىنى بۇ چەمبەردىن چېكىنىشكە مەجبۇرلايدۇ، ھەتتا قانۇنسىز قىلمىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ. ئەمما بۇنداق چاغدا تاللاش ھوقۇقى كۆپىنچە ۋە تەبىئىي ھالدا يات جىنستىكى بىرلا كىشىدە بولىدۇ. بۇ چاغدا ھامان ھېلىقى ئىككى كىشىدىن بىرسى چوقۇم ئۆلۈپ كېتىشى بىر قانۇنىيەت ياكى بىر مەجبۇرىيەت ئەمەس. شۇڭا يازغۇچىلىرىمىز بۇ نۇقتىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە مەسئۇلىيەتچان بولۇشى، ئۆز پېرسوناژلىرىنى زورمۇ-زور ئۆلۈمگە مەجبۇرلاشتىن ئىبارەت سۇنئىيلىكتىن ساقلىنىشى لازىم. يازغۇچى توختى ئايۇپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا سەل باشقىچەرەك ئۇسۇل قوللانغان: بۇ ئۈچ قىرلىق مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە تەبىئىي تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان گۈلجەننەتنىڭ كۆڭلى ئاخىرقى ھېسابتا ئەلىگە مايىل بولغان، ئەمما يازغۇچى بىزنىڭ ئۈچۈن قاۋۇلنى ئۆلۈمگە مەجبۇرلىمىغان، ئەكسىچە ئەسەرنى شۇ جايىدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ، كىتابخانلار ئۈچۈن قاۋۇلنىڭ تەقدىرى ھەققىدە پىكىر قىلىشقا بىر بوشلۇق قالدۇرۇپ قويغان.

توختى ئايۇپ «قۇم باسقان دېڭىز» دا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى قېزىش بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە ئاڭلىق سىناق قىلىپ بېرىپ، بەلگىلىك دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئەمما كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق تولدۇرغىلى بولمايدىغان، شۇ سەۋەبتىن يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقى دائىرىسىگە كىرىدىغان بەزى بوشلۇقلارنىمۇ قالدۇرغان. مەسىلەن، بۇ ئەسەردە ئەلى بىلەن

گۈلجەننەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار باشتىن ئاخىرى خېلى ئۇتتۇقلۇق ئېچىپ بېرىلگەن، بولۇپمۇ گۈلجەننەتنىڭ ئەلىنى ئىككىنچى قېتىم ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنىڭ پسىخىك جەريانى روشەن تەسۋىرلەنگەن.

گۈلجەننەتنىڭ ھاياتىدا بىر قانچە قېتىملىق پاجىئە يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بويىدا قېلىشى ئەڭ چوڭ يوقىتىش ئىدى. ئەپسۇسكى گۈلجەننەت بۇنى ھېس قىلغاندا، پەقەت چۆچۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئويلىمايدۇ. گۈلجەننەتنى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمىكىن دېسە، ئۇ ئەلىنىڭ ئالدىدا ئەلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشىدىن كېيىن بويىدا قالغانلىقىنى، ئۇنى ئەمدى بىلگەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا ئەلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ كەيپىيات نورمالسىزلىقىنى ھېس قىلغاندىن تارتىپ بۇنى ئەلىگە ئېيتقۇچە بولغان ئارىلىقتا پەقەت ئىككى كۈنلا ۋاقىت ئۆتىدۇ. دېمەك، ئۇ بىئاراملىقنىڭ سىرىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەن. ئورگانىزمىدىكى نورمالسىزلىق ۋە تۈرلۈك تەشۋىشلىك خىياللار ئۇنىڭ قەلبىدىكى زىددىيەتلەرنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. لېكىن گۈلجەننەتنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئاڭ ئېكرانى تامامەن دېگۈدەك سۈرەتسىز قالىدۇ، گۈلجەننەتنىڭ ئەلىنىڭ نامەردلىكىنى كۆرۈپ ئېيتقان: «بىراق مەن ئانا بولغۇچى... ئانا ئۈچۈن پەرزەند كۆرۈشتىن ئارتۇق بەخت يوق. بۇ بەخت ئالدىدا ئۇ دۈچ كەلگەن جەبرى-جاپا، تىل-ھاقارەت، جازا دېگەنلەر بەرىبىر، ئەلى! سىزنى ھاياتىمنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى دەپ خاتا ئويلاپتىمەن!» دېگەن سۆزىنى گۈلجەننەتنىڭ بويىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، بۇ ئىش ھەققىدىكى ئاخىرقى خۇلاسىسى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىگە كېلىشتىن ئىلگىرى روھىي دۇنياسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ جەريانى ياكى خىيال، ياكى مونولوگ شەكلى بىلەن تاپشۇرۇلمايدۇ. گۈلجەننەت ياتلىق بولماي تۇرۇپ بويىدا قالغانلىقىدىن ھېچ بولمىسا ئەخلاقىي جەھەتتىن نومۇس، خىجىللىق ياكى بىرەر چەكلىمە ھېس قىلمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاقىي مىزانلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنلىكىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ دىققىتى پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىغا جەلب قىلىنمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتتىن ئىبارەت. يازغۇچى بۇ يەردە گۈلجەننەتنىڭ ئالماسوۋنى ئىزدەش، ئەلي بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرىنى، ئەينى ماكانىنىڭ ناتۇرال ھالىتى قاتارلىق تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېرىلىپ كەتكەچكە، گۈلجەننەتنىڭ بۇ چاغدىكى ناھايىتى باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى نەزەردىن چەتتە قالدۇرغان. گۈلجەننەت ئوبرازىنىڭ مەنىۋى مۇكەممەللىكى دەل شۇ تۈپەيلىدىن بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى، قاۋۇل بالنېتسقا ئېلىنىپ ئەلىنىڭ قېنى بىلەن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، — ئەلىنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانىغا كەلگىنىگە 4 ئايدىن ئارتۇقراق بولغان چاغ. ئەلى بىلەن گۈلجەننەت قايتا ئۇچراشقاندىن تارتىپ مۇشۇ كۈنگىچە ھەر ئىككىسىنىڭ ھېسسىياتىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن: ئەلى ئۆز قىلمىشىغا بىر مەزگىل پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئوبيېكتى سۈپىتىدە گۈلجەننەت بىلەن ئوغلى ھېكمەت ئۆز ئارا ئورۇن ئالماشتۇرغان؛ گۈلجەننەت قەلبىدە ئەقىل بىلەن ھېسسىيات كەسكىن كۈرەش قىلىۋاتقان، لېكىن ئۇقاۋۇل بىلەن ئەلىدىن كىمنى تاللاش مەسىلىسىدە تېخى ئاخىرقى قارارغا كەلمىگەنىدى. ئىككى كىشى-

نىڭ قەلبىدە ئاشۇنداق جىددىي كۆرەش بولۇۋاتقاندا، ئەلى قاۋۇلنى ئۆزى كۆتىدىغاند
لىقىنى ئېيتىپ، جەننەت بىلەن ھېكمەتنى ھارۇدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تاللىق قوتانىغا قا
راپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئەتىگەن ماشىنىچە كەچ كىرگەندە ئاران مەنزىلگە يېتىپ كېلى
دۇ. گەرچە ئۇلار بىر كۈن كەچكىچە بىرگە ماڭغان بولسىمۇ، ياكى بىرەر ئېغىز گې
پى، ياكى ھېچقايسىسىنىڭ بىرەر ئوي-پىكرى تاپشۇرۇلمايدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ
مۇناسىۋىتىدە شۇ كۈندىن باشلاپ باشقىچە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ: 4 ئايدىن بۇيان
ئەلىگە بىرەر قېتىممۇ چىراي ئېچىپ قارىمىغان گۈلجەننەتنىڭ ئەلىگە بولغان مۇئامى
لىسى شۇ كۈندىن باشلاپ بىردىنلا ئىللىقلىشىپ كېتىدۇ؛ ھازىرغىچە ھېكمەتكە بىرەر
ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالمىغان ئەلى ھېكمەتكە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەلى بىلەن گۈلجەننەت مۇناسىۋىتىدە ھەل قىلغۇچ بۇھرانىيەتكە ئىگە
بولۇپ قالغان بۇ بىر كۈنلۈك سەپەر ھەققىدە، سەپەرنىڭ تەپسىلاتى — بۇ جەريانىدا
بۇ ئىككى شەخسنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى، ئۆزئارا قانداق خىيالدا بولۇشقانلىقى
ھەققىدە كىتابخان ئۆزى تەلەپ قىلغان روھىي ھالەت تەسۋىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ.
ئالدىنقىسىدا ئاپتور گۈلجەننەتنىڭ سىرلىق قەلب قەسرىدىن ئاتلاپ كىرىدۇ-يۇ، بۇ
قەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىلا توختاپ قالىدۇ، كېيىنكىسىدە بولسا، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ
ناھايىتى ھالقىلىق پەيتتە ئىپادىلىگەن ناھايىتى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىگە تامامەن
ئېتىبار بەرمەيدۇ. بۇ، مەزكۇر ئەسەردە يۇقىرىقى ئىككى شەخسكە مۇناسىۋەتلىك ئىككى
چوڭ بوشلۇق بولۇپ، بۇ بوشلۇقنى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىقمۇ تولدۇرغىلى بولمايدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچى پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى
تەسۋىرلەش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنى چوڭقۇر پىسخىك تەھلىل دەرىجىسىگە كۆتۈرەل
مىگەن. روھىي دۇنيا ھادىسىلىرى تەسۋىرلەشنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە چوڭقۇر، ئەتراپ
لىق تەھلىل قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇ شار شەكىللىك ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەرگە
ئوخشايدىغان ئاك پاتالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى، ئۆزئارا قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك ھېس
قىلىنىدىغان تۇرلۇك روھىي دۇنيا ھادىسىلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىچكى باغلىنىشلىرىنى تېپىپ
چىققىلى بولىدۇ. شۇ چاغدا قەلب سىرلىرى تولۇق ئېچىپ بېرىلگەن، تېخىمۇ كۆپ
مەزمۇنغا ئىگە مۇرەككەپ بەدىئىي خاراكتېرلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ. ئەگەر بۇنى
گۈزەل بىر بەدىئىي غايە دەپ قارىساق، روھىي دۇنيانى قېزىشقا بەل باغلىغان توختى
ئايۇپتەك ئىرادىلىك يازغۇچى بۇ غايىگە چوقۇم يېتىدۇ.

مەسئۇل تەھرىرى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(بېشى 135 - بەتتە)

يىگىرمە نەچچە ئەسكەر ئەكىبەز تە-
رەپكە ئۆتۈپ تۇردى. شۇ قاتاردا پازىل
بەنجاڭمۇ بار ئىدى.

— قېنى پازىل بەنجاڭ، ئاتلىنايلى.
ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى. تاغ ئىچىگە
كىرىۋالغاندىن كېيىن، چېكىنگەن ئى-
لى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرىنى
ئىزدەيلى. تاپالىساق تەلىيىمىز، تاپالمى-
ساق بىر ئامال قىلىپ تاغ ئارقىسىغا
ئۆتۈپ كېتەرمىز.

ئەكبەر شۇنداق دېدى-دە، ئاكىسى-
نى ئاتقا مىندۇردى. بوش ئاتلارغا ئوق-
دورا، ئاش-ئوزۇقلار ئارتىلدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئەسكەرلەر ئاتقا مىنىشتى.
ئەڭ ئاخىرىدا ئەكبەر ئۆزەڭگىگە پۇتىنى
ئالدى. ئاتلارغا قامچا ئۇرۇلدى. كۆپ-ۈر-
لىگەن تۇياقلار ئاستىدىن قىزغۇچ چاڭ
كۆتۈرۈلدى. چاڭ بىلەن بىللە ئاتلىقلار
توپى ئاستا-ئاستا كۆزدىن غايىپ بولدى.


مەسئۇل تەھرىرى: روزىمەھەممەت جۇمە



لېنىنگرادتا



موسكۋادا




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

| | |
|---|---|
| 编　　辑： | 《塔里木》编辑部 |
| 出　　版： | 新疆人民出版社 |
| 印　　刷： | 新疆新华印刷厂 |
| 发　　行： | 乌鲁木齐市邮局 |
| 订阅、零售： | 各 地 邮 局 所 |

1989 - يىل 9 - سان (343 - سان)، 39 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号： 58－66 定 价： 1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010 / I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن.